چن بودا

جۇڭگودكى تورت چوڭ ئائىلە

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن

16
K827.7
3
17
11.811
01

چەڭ بودا

جۇڭگودىكى تورت چوڭ ئائىلە

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن — 1958

書號：1558(4)354

中国四大家族

（維吾尔文）

陈伯達著

阿不都如素里譯

民族出版社出版

地址：北京國子監特54號

刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂印刷

新华書店发行

1958年8月北京第一版

58年8月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/32 印張9 5/8

印數：1—4,000冊 定價：三角五分

統一書号：M3049·維83

16
K827.7
3
17
11.811

چمڭ بودا

جۇڭگودىكى تورت چوڭ ئائىلە

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن — 1958

بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1955 -
ژىلى ئۆكتەبردە بېيجىڭدە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى
ئۈچىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据人民出版社1955年10月北京第一版第三次印刷版本譯出

مۇندەرىجە

باش سوز 6

1. كونا جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھوكۇمرانى 12

2. ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش ۋە كومپرادور-
لۇق بىلەن باش كوتۇرۇش 16

1) «بىر جۇپ قانلىق قول» 16

2) ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پايدا ئېلىشىنىڭ پىيىغا چۇشۇش 25

3) ھەممىدىن ئاۋال ھەربىي قۇراللار بويىچە چوڭ كومپرادور-
لۇق 32

4) «خەلقنى ھالاك قىلىش» نى مەخسەت قىلىش 38

3. پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە فېودال، كومپرادور
ۋە ھەربىي خاندانلىق 40

1) تورت چوڭ ئائىلە بىلەن تورت چوڭ بانكىنىڭ بىرلىشىشى 40

2) پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى مونوپولىيىنىڭ ئورنى ۋە باي-
لىقىنىڭ مەركەزلىشىش سۇرئىتى 51

3) «فابى» پۇلى فېودالىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي زور-
لۇق - بۇلاڭچىلىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ 64

4) پۇل مائامىلىسى بويىچە ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىق، فېودال-
لىق تالان - تاراج ۋە كومپرادورلۇق ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەق-

قىسياتى 71

5) خەلقىنىڭ غالىبىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بۇلاش 84

6) ئۇمۇمىي ھالاكەت سۈرئىتىنىڭ چاپسانلاشتۇرۇلۇشى 87

7) تۇگۇمەس ھىلە ـ نەيرەڭلەر 94

4. سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بويىچە فېودال، كومپىرا ـ

دور ۋە ھەربىي مونوپولىيە 106

1 تورت چوڭ ئائىلىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بويىچە مونوپولى ـ

يىسىنىڭ باشلىنىشى 106

2) سودا سپېكۇلانتلىغىنىڭ باشچىلىرى ۋەسودا مونوپولىيىسىنىڭ

تەشكىلىي تورلىرى........................ 112

3) ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىشتەك ۋەھشى بۇلاڭچىلىق .. 123

4) دۈشمەن مەنپەتى بىلەن باغلانغان قۇراللىق ئەتكەس ـ

چىلىك 146

5) بۇلاڭچىلىق بىلەن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ

نىيىتى تېخىمۇ يامانلاشتى 149

6) ئامېرىكا مىلى بويىچە ئۇمۇمىي كومپىرادورلۇق........ 158

7) «قولغا چىقىدىغان پايدىلا بولسا ئاۋال ئېلىش كېرەك، كېيـ

ين بىر گەپ بولار» 174

5. سانائەت بويىچە فېوداللىق، كومپىرادورلۇق ۋە ھەر ـ

بىي مونوپولىيە 180

1) فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئاساس قىلغان

مونوپولىيىچىلىك 180

2) مىللىي سانائەتنى ۋۇتۇش ۋە دېخانلارنى بۇلاش ئاساسىدا،

زورلۇق مونوپولىيىسىنى تېز سۈرئەت بىلەن تىكلىدى 187

3) مونوپولىيە تورلىرى «ئېچىنىشلىق غەلىبە» سەۋۋى بىلەن

كېڭەيدى 202

4) جۇڭگونى «ئامېرىكىنىڭ سانائەت چېگىرىسى»غا ئايلاندۇرۇش 211

5) مىللىي سانائەت ھالاكەتلىك زەربىگە ئۇچرىدى......... 216

6) چىرىپ كەتكەن نەرسىدە ھاياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس... 227

6. يېزا ئىگىلىگى بويىچە فېوداللىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي مونوپولىيە..................... 237

1) مەملىكەت خاراكتېرلىق، ئەڭ چوڭ فېودال ـ قۇلدار........ 237

2) مەملىكەت خاراكتېرلىق، ئەڭ چوڭ جازانىخور.......... 255

3) دېخانلارنى تالايدىغان بىر نەچچە خىل يېزا ئىگىلىك شىركەتلىرى 265

4) يېزا ئىگىلىگىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە مۇستەملىكىلەشتۇرۇلۇشى... 270

7. ئەخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە باشقا ئىشلار بويىچە مونوپولىيە........................... 274

8. تورت چوڭ ئائىلىنىڭ بايلىغى..................... 281

9. تورت چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغى جۇڭگو ئۇچۇن نومۇس ۋە ئاپەتتۇر............................ 293

ئاخىرقى سوز 305

باش سوز

بۇ كىتاپنى يېزىشتىن مەخسەت — مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەممە فاكتلارغا ئاساسەن ، جياڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى جياڭ كەيشى ، سۇڭ زىۋىن ، كۇڭ شاڭشى ۋە چېن گوفۇدىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مەملىكىتىمىز جۇڭگونى قانداق قىلىپ ئوغۇرلۇقچە ئوزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۇلكىگە (جامائەت مۇلكىنى شەخسىي مۇلۇككە) ئايلاندۇرۇپ ، خەلقنىڭ مال - مۇلكىنى «دولەت» ، «ھوكۇمەت» دېگەن ناملار بىلەن رەھىمسىز تالان-تاراج قىلىپ (ھوكۇمەت نامى بىلەن شەخسىي مەخسىدىنى قامداپ) ، جۇڭگودا ئاردىختىن بۇيان ئوتكەن پادىشالارمۇ يېتىشەلمىگەن ، قان شوراش بىلەن ياشايدىغان ئەڭ چوڭ بايلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېچىپ تاشلاشتىن ئىبارەت. بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىقى چوڭ پومېشىك ، چوڭ كومپرادورلار ئىگىلىكى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ ھوكۇمرانلىق باشتىن-ئاخىرغىچە چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرى ، فېئودال - پومېشىكلار سىنىپى ۋە كومپرادور بۇرژۇئازىيە ئۇچۇن ئىشلەپ ، خەلققە نىسبەتەن فېئودال - كومپرادورلۇق ئاساسىدىكى قانلىق بولاگ-

چىلىقنى جىنىنىڭ بىرىچە ئېلىپ باردى. 19 ئەسىردىن بۇيان، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە، سودا ـ سېتىق، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، يەر مۈلۈك، ژۇرنالىستلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە باشقا ساھەلەردە «ھوكۇمەت»، «سودىگەرچىلىك» شەكلى بىلەن مونو-پولىيە قىلىۋالغان مال ـ مۈلۈكلىرى، جەتئەللەردىكى ئامانەت پۇللىرى ۋە تىجارەتلىرى تولۇق بولمىغان ھېساپقا قارىغاندا كام دېگەندە 20مىللىيارد ئامېرىكا دوللىرى چامىسىدا. لېكىن، سان-سا-ناقسىز جۇڭگو خەلقى بولسا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇلاڭچىلىقى ئارقى-سىدا مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران ۋە سەرسان بولۇپ ژۇرمەكتە، ئاچلىقتىن ئۆلمەكتە، ۋە ئۆلگەندىن كېيىن گور-سىز قالماقتا، ھەتتا ئىلگىرىدىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۈلۈكدار بولۇپ كەلگەن كىشىلەرمۇ شۇ سەۋەپ بىلەن بىردىنلا نامرات-لاشماقتا، بىز قولغا كەلتۈرەلىگەن مۇھىم ماتېرىياللار مۇمكىن قەدەر بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلدى. كىتاپتا تەھلىل قىلىنغان مەسى-لىلەردىكى ھەربىر سۆز ئاساسسىز قويۇلمىغان دېيىشكە بولىدۇ. جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ ئەخباراتچىلىق ئەركىنلىكىنى بوغ-قانلىقى، ھەممىگە ئايان ھەقىقەتنى ھەرگىز يېپىپ ئالالمايدۇ. تارىخ بارلىق ھاكىم مۇتلەقلەرنىڭ كۈننى ئېتەك بىلەن يېپىشقا ئۇرۇنۇشتەك ئەخمىقانە ھەركەتلىرىنى ئالىلىقچانلاردىن بىرى مەسخىرە قىلىپ كەلمەكتە.

بۇ كىتاپتا فاكتلار توغرىسىدا قىلىنغان تەھلىلدىن شۇنى بىلىش

مۇمكىنلىكى : بىرىنچىدىن، جياڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشقا «شۇ قەدەر قىزىقىپ بېرىلىشى» دىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇلار چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرى ۋە فېئودال-كومپرادور كۈچلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش يولى بىلەن باش كوتۇرۇپ چىققان، ئۇلارنىڭ دۆۋلۈنۈپ كەتكەن بايلىقىنى ئۇرۇشتىن ئايرىپ قاراش پەقەت مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار: ئۇرۇش، ئۇرۇش، يەنە ئۇرۇش بولغاندىلا خەلقنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن شىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئوڭاي پۇر-سەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، جياڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى 4 چوڭ ئائىلىدىن ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇ-رۇشتىن ۋاز كېچىپ، تېنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش چوقۇم مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئىككىنچىدىن، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتورىسى دېگەن نەرسە، جياڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ فاشىستلىق دىكتا-تورىسىدۇر؛ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىختىساتىنى مونوپولىيە قىلىش نەپسى تويماس ۋە قانماس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىخ-تىسادىي مونوپولىيىنىڭ بىر خىللىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتە، سىياسىي مونوپولىيىنىڭ بىر خىللىقىنى ئەلۋەتتە قەتئىي ساقلاشقا تىرىشىدۇ، ئۇلار بۇنداق سىياسىي مونوپولىيىنىڭ بىرخىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش ۋە تېررورلۇق بىلەن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا، جياڭ كەي-

شى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىدىن فاشىستلىق دىكتاتورىدىن ۋاز كېچىپ، دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش چوقۇم مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئۇچىنچىدىن، جياڭكەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بايلىغىنىڭ دۈۋلۈنۈشىنى ئۇلارنىڭ كومپرادورلۇق ھەركىتىدىن پەقەت ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىختىسادىي ۋە سىياسىي مونوپولىيىسى ئۇچۇن پۈتۈن خەلق بىلەن ئۇرۇشۇپ، خەلق ئىچىدە مۇتلەق يېتىم بولۇپ قالدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ سوۋېرېن ھوقۇقىنى سېتىش بەدىلىگە چەتئەل ياردەملىرىگە ئىگە بولۇپ، خەلقنى قىرىش بىلەن جۇڭگونى چەتئەللەرنىڭ بېقىندىسى ۋە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇدۇ. شۇڭا، جياڭكەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلىدىن ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ قورالى بولماي، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش چوقۇم مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

جۇڭگو خەلقى بىلەن جياڭكەيشى باشچىلىغىدىكى 4چوڭ ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ھەممە خەلق بىلەن 4 چوڭ فېئودال-كومپرادور ئولىگارخلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىكەنلىكىنى، شۇندىلا ھايات-ماماتلىق كۈرىشى ئىكەنلىكىنى بۇ كىتاپتا كورسۇتۇلگەن تۈرلۈك فاكتلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يە 4چوڭ فېئودال-كومپرادور ئائىلىنىڭ سىياسىي ۋە ئىختىسادىي جەھەتتىكى مونوپولىيىلىك ھوكۇمرانلىغى داۋام قىلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭدا جۇڭگو

خەلقى مۇنقەرىز بولۇدۇ؛ يە 4چوڭ فېودال ـ كومپرادور ئائىلە-
نىڭ مونوپولىيىلىك هوكۇمرانلىغى بۇزۇلۇپ ۋە ئاياغلىشىپ ئۇ-
نىڭ ئورنىنى خەلق هوكۇمرانلىغى باسىدۇ، ئۇنىڭدا جۇڭگو
خەلقى يېڭى هاياتقا قەدەم باسىدۇ. ئوتتۇرا يول يوق هەم
بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

جياڭ كەيشى هوكۇمىتىنىڭ خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىيا-
سىتى ۋە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىيىسىدىكى «جۇڭگياگشە» ئاگېنت-
لىغى ۋە باشقا ئەخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئالدامچىلىغى ئارقى-
سىدا، جۇڭگو خەلقى ئىچىدە بىر مۇنچە كىشىلەر ئالدىنىپ،
ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە مىللىي مۇستەقىل-
لىققا ئوخشاش مەسىلىلەردە جياڭ كەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ
ئائىلىنىڭ هوكۇمرانلىغىدىن خام خىيال بىلەن مەلۇم ئۇمىتلەرنى
كۇتمەكتە؛ دېموكراتىك سەپ ئىچىدىمۇ بەزىلەر ماتېرىيال توپلى-
مىغانلىغى ياكى ماتېرىيال توپلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانلى-
غىدىن، سۇبيېكتىۋ جەهەتتىكى ياخشى نىيىتىنى كوزدە تۇتۇپ،
ئۇلارمۇ خام خىيال بىلەن ئازدۇر ـ كوپتۇر ئۇمىت كۇتمەكتە.
ماتېرىيال توپلاپ، تەهلىل قىلىپ كوپچىلىككە تەقدىم قىلىش — بۇ
كىتابنىڭ ۋەزىپىسى. هەقىقەتنى ئېنىق چۇشەندۇرۇش ئۇچۇن،
بۇكىتابتا خېلى جىق رەقەملەرنى كورسۇتۇشكە توغرى كەلدى،
لېكىن بۇ رەقەملەر قۇرۇق، مەنىسىز رەقەملەر ئەمەس. بۇ رەقەملەر
4 چوڭ ئائىلىنىڭ هەركۇنى سانسىز جۇڭگو خەلقىنىڭ جېنىغا

زامىن بولۇۋاتقانلىغىنى كورسۇتۇپ بىردۇ.

بۇكىتاپتا ئېيتىلغان مەسىلىلەرنى ئوتمۇشتىكى ۋە هازىرقى تارىخىي ۋەقەلەر ئىسپاتلىدى ۋە بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرىمۇ داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگو خەلقىنىڭ هايات ئىزدەش يولى خۇددى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ كورسەتكەندەك ناهايىتى ئېنىق هەم قەتئىي. غەزەپ ۋە نەپرەتلىكلار تېخىمۇ ئۇلغايسۇن ئۇلۇق جۇڭگو خەلقى!

1946 - ژىل، 15 - ئوكتەبر.

1. كونا جۇڭگونىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھوكۇمرانى

جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ تەخمىنىي سانى 450 مىللىون. جۇڭگو-نىڭ ئازات رايونلىرىدىكى 140 مىللىون ئاھالە بويىچە خەلقنىڭ ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولغانلىغىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، 310 مىللىون ئاھالە تېخى 4 چوڭ فېئودال-كومپرادور بانكا سىستېمىسىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا تۇرماقتا. بۇ 4 چوڭ بانكا سىستېمىسىغا 4 چوڭ فېئودال-كومپرادور ئائىلە ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ. 4 چوڭ بانكا سىستېمىسى—مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە جۇڭگو دىخانلار بانكىسىدىن ئىبارەت؛ ئۇلارنىڭ مەركەز-لەشكەن تەشكىلى 4 بانكىنىڭ بىرلەشمە ئالىي باشقارمىسىدۇر. 4 چوڭ ئائىلە-جياڭكەيشىنىڭ جياڭ ئائىلىسى، سۇڭزىۋېنىڭ سۇڭ ئائىلىسى، كۇڭشاڭشىنىڭ كۇڭ ئائىلىسى ۋە چېن گوفۇ-چېن لىفۇلارنىڭ چېن ئائىلىسى؛ ئۇلارنىڭ «ئالىي رەھبىرى» 4 بانكا بىرلەشمىسى ئالىي باشقارمىسىنىڭ رەئىسى — گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ رەئىسى جياڭكەيشى.

بۇ 4 چوڭ فېئودال-كومپرادور بانكا بىلەن 4 چوڭ فېئودال-كومپرادور ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئىختىسادىي ھوكۇمرانلىق

بلەن سىياسىي ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاپ - ئاشكارە ۋە بىۋاستە بىر-لەشتۇرۇلگەنلىگى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. 4 چوڭ بانكاسىس-تېمىسى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى بىۋاستە ئىدارە قىلماقتا ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ «دولەت بانكىسى» نامى بىلەن يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودال ھالەتتىكى كونا جۇڭگونىڭ ئىخ-تىسادىنى بىۋاستە مونوپولىيە قىلماقتا. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خوجايىن-لىرى بولسا 4 چوڭ بانكىغا بىۋاستە ھوكۇمرانلىق قىلىپلا قال-ماستىن، بەلكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي، پارتىيە، شپىونلۇق، مەمۇرىي ۋە مالىيە ئىشلىرى بويىچە ھەممە ھوقۇقىنى بىۋاستە مەركەزلەشتۇرگەن ھالدا گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتورىسىنى سىياسىي شەكىل قىلغان فېئودال - كومپرادورلۇق، فاشىستلىق، ئۇلگارخىيىلىك ھاكىم-مۇتلەقلىق تۈزۈمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇردى.

ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا «بيۇروكرات كاپىتال» دەپ ئاتالغان نەرسە باشقا نەرسە بولماستىن، ئىمپېريالىزم ۋە فېئودا-لىزمنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىپ سىياسەتتە ھاكىمىيەت تۇپىسىدە تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ كاپىتالى چوڭ پومېششىك ۋە چوڭ كومپرادورلارنىڭ ئىختىسادى ئاساسىدا، سىياسىي جەھەتتە ئاشكارە زورلۇق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن، دىخانلارنى ۋە باشقا ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچى-لارنى تالاشنى چاپسانلاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، مىل-

لىي سانائەتنى ①قىسمىش مۇناسىۋىتى بىلەن جۇغلانغان پۇل كاپىتالـ
دۇر. بۇ، 4 چوڭ بانكا بىلەن 4چوڭئائىلە ئەنە شۇ بيۇروكرات
كاپىتالىنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ۋەكىلىدۇر. بۇ بيۇروكرات كاپىتال
هازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېوداللىق
جەمئىيىتىدىكى پۇل كاپىتالى بولۇپ، ئۇ، ئىمپېرىيالىستىك مەملى
كەتلەردىكى مونوپولىستىك پۇل كاپىتالىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەر-
يانى، خاراكتېرى ۋە پائالىيەتلىرىدىن تامامەن پەرق ئېتىدۇ. ئۇچەتئەل
ئىمپېرىيالىستىك دولەتلىرىنىڭ مونوپولىستىك پۇل كاپىتالىنىڭ بېقىند
دىسى، چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرى تەرىپىدىن يېتىشتۈرۈلگەن.
شۇڭا، ئۇ كومپرادور كاپىتال بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ هازىرقى
زاماندىكى جۇڭگونىڭ كومپرادورلۇق تۈزۈمى بىلەن فېوداللىق
تۈزۈمىنىڭ شالغۇت مەھسۇلى، چوڭ كومپرادورلار بىلەن چوڭ
پومېششىكلارنىڭ ئىختىسادىي جەھەتتىكى بىرىكمىسى، بۇ 4 چوڭ
بانكا بىلەن 4 چوڭ ئائىلە ئۇنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ۋە ئەڭ
ئاخىرقى ئاساسىي جەۋھىرى.

بۇ 4 چوڭ بانكا بىلەن 4 چوڭ ئائىلە يولداش ماۋزېدۇڭ
تەھلىل قىلغان جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋى دەۋرىدە
مەيدانغا چىقتى. بۇ دەۋر جۇڭگو خەلقى بىلەن خەلققە قارشى

---

① بۇ كىتاپچىدا ئېيتىلغان «مىللىي سانائەت» مىللىي بۇرژۇئازىيە باشقۇرغان سانائەتنى كورسىتىدۇ. مىللىي بۇرژۇئازىيە كومپرادور، بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىدىن پەرق ئېتىدۇ.

لار، ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ، ئازاتلىق بىلەن زىندان، يورۇغلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىكى كۈرەش ئەڭ كەسكىن كېتىۋاتقان، يېڭىش ـ يېڭىلىش ئەڭ ئاخىرىدا ھەل بولۇدىغان دەۋردۇر. جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئويغانغان جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە باتۇرلارچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىمپېرىيالىزمغا ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىن ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىماقتا، خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك، بۇ غايەت زور ئۆزگۈرۈش، جۇڭگو تارىخىدىن بۇيانقى تەگدىشى يوق زور ئۆزگۈرۈشدۇر. يېڭى جۇڭگو ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىدا تۇرماقتا. لېكىن ئىمپېرىيالىستلار، چوڭ سودا كومپرادورلىرى ۋە فېئودال ـ قۇلدارلار ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى ھوكۇمرانلىغىنى ساقلاپ قېلىش، 450 مىللىون خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى ئەبدىي قۇللارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەنە شۇ 4 چوڭ ئائىلىنى مەركەزلەشكەن ۋەكىلى قىلغان ئەكسىلئىنقىلاپنى يېتىشتۇردى ۋە چېنىقتۇرۇپ چىقتى ھەم كونا جۇڭگو ھوكۇمرانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى فېودال ـ كومپرادور سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ 4 چوڭ ئائىلە چەتئەللەرنىڭ مونوپولىستىك پۇل كاپىتالىنىڭ ياردىمىگە يۆلۈنۈپ، پۈتۈن جۇڭگونىڭ بايلىغىنى ناھايىتى مۇدھىش يوللار بىلەن توپلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەر بىر كىشىسىنىڭ ياشىشىغا تەھلىكە سېلىپ، ھازىرقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ رىۋاجلىنـ

نىشىنىنى بۇزۇدىغان ئەڭ زور ۋە ئەڭ دەھشەتلىك كۈچكە ئايلاندى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمپېرىيالىستلارنىڭ، چوڭ سودا كومپرادورلىرىنىڭ ۋە فېئودال - قۇلدارلارنىڭ جۇڭگودىكى ھوكۈمرانلىقىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئەڭ ئاخىرىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسۈتۈدۇ. بۇ، چىرىپ چېكىگە يەتكەن فېئودال - كومپرادورلارنىڭ ئۆلىگارخىيىلىك ھوكۈمرانلىقى بولۇپ، مەيلى ئۇ ھەقىقەتكە قارشى ھەر قانداق تەتۈر يول تۇتمىسۇن، ھەممە پەسكەشلىكلەرنى قىلمىسۇن، بەربىر ئۆزىگە گور قېزىۋاتىدۇ، خالاس. ئۇ ئۆز ھاياتىنى ھەرگىز قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. خەلقنىڭ مۇستەقىل، تىنچ ۋە دېموكراتىك پۈتۈن جۇڭگوغا خوجا بولۇشى مۇقەررەر. بۇ تارىخنىڭ قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان قانۇنى، چۈنكى خەلقنىڭ يېڭىدىن ئۆسكەن ۋە ئويغانغان كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

2. ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش ۋە كومپرادورلۇق بىلەن باش كوتۇرۇش

1) «بىرجوۋپ قانلىق قول»

بىز بۇ يەردە 4 چوڭ ئائىلىگە شەجەرە يېزىپ ئولتۇرمايمىز. جياڭكەيشى «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاۋىدا نەسلىنى

سۇرۇشتۇرۇپ ئۆزىنى ۋىن پادىشاسىنىڭ ئەۋلادى، دەپ ئاتىدى. يەنە بىر جياڭ فامىلىلىك كىشى ئۇنىڭ تەرجىمە ھالىنى يازغاندا، ئۇ، ۋىن پادىشاسىنىڭ ئوغلى ـ جۇگۇڭ ـ نىڭ ئەۋلادى، دەپ تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتتى. كۇڭشاڭشىمۇ ئۆزىنى كۇڭزىنىڭ نەچچىنچى ئەۋلادى ۋە ھاكازا دېگەن ئىدى. ئۇلار خۇددى گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيىنىڭ فاشىست ھۆكۈمرانلىرى قىلغانغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ نەسلىنىڭ ئالىي جاناپ نەسىل ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار جۇڭگو ـ نىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تارىختىن ھۆججەت تېپىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق فاشىستلىق ئەپسانىلار ناھايىتى كوپ بولغاندا «لەتىپىلەر توپلىمى»غا ئوخشاش كىتاپلاردىن ئورۇن ئېلىشىلا مۇمكىن. ئۇنىڭ بىر قىلىدىغان ئىلمىي تەكشۈرۈشتە ھېچقانداق قىزىقار ـ لىق يېرى يوق، چۇنكى بۇنداق نەسىل توغرىسىدىكى ئەپسانى ـ لارنىڭ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھازىرقى رىيال تۇرمۇشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ھالبۇكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرىدا رىيال تۇرمۇشنى كوزدە تۇتۇشقا توغرى كېلىدۇ.

جياڭكەيشى تۇز سودىگىرى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ «شاڭخەيدىكى باھالىق قەغەز ۋە مال بىرژىسىدا دەللال بولغان» («جياڭكەيشى تەرجىمە ھالى»دا يېزىلىشىچە: ئۇ شۇ ۋاختىتا «بازارلاردا تىنىماي ھەركەت قىلىش نەتىجىسىدە ھەر

قانداق ئىشنى جايىدىن چىقارماي قالمىدى... تىجارەت قىلغىنىغا يىرىم ژىل بولمايلا ئارقا ـ ئارقىدىن زور پايدا ئېلىپ... بىردىنلا باي سودىگەرگە ئايلاندى». شۇ كىتاپنىڭ 34 ـ بېتىگە قارال ـ سۇن. چىڭسۇگۇ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. شاگىخەي «سەنمىن» كىتاپ شىركىتى بېسىپ تارقاتقان). كۇڭشاگىشى سەنشىلىك سەرراپ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۆزىمۇ ئىلگىرى جىق تىجارەت قىلغان. سۇڭزىۋېن بىلەن چىڭگوفۇغا كەلسەك، ئۇلارمۇ بىرژا ئىشلىرىنى قىلغان، ھەتتا چىڭگوفۇ «شاگىخەي بىرژىلىرىنىڭ ئۇمۇمىي يۈزلۈك گۈللىگەن دەۋرىدە» جياڭكەيشىگە ئوقەتداش بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى بايلىقى ھازىر ـ قىغا قارىغاندا ئازلىقىدىن ئېغىزغا ئالغىلى بولمايتتى ھەم ھېچ ـ نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى بايلىقىغا مىڭگودىن بۇيانقى بارلىق چوڭ مىللىتارىستلار ۋە چوڭ بيۇروكراتلارنىڭ بايلىقلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن «ئائىلە دۇنياسى»نىڭ ھەممە پادىشالىرىنىڭ بايلىقىمۇ يېتىشەلىگەن ئە ـ مەس. شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق كېلىپ چىقىشى ۋە بىرژا باش ـ قۇرۇش ياكى سودىگەرچىلىك قىلىش تارىخى، ئۇلارنى كېيىنكى ۋاختىلاردا ئىنقىلاپقا قارشى سىياسىي يولغا ئېلىپ ماگدى. لېكىن يالغۇز مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن ھازىرقى جۇڭگودا بۇنداق پەۋقۇلئاددە، مونوپولىستىك فېودال، كومپرا ـ دور مالىيە ئولىگارخىيلىرىدىن ۋە جۇڭگودا تارىختىن بۇيانقى

ئەڭ زور بايلاردىن بولۇپ قالغانلىغىنى كورسۇتۇپ بېرەلمەيدۇ.

بىر مۇخبىر بۇنداق يازغان: «...«پايىدا ئالغان سىنىپ»، «پايىدا بۇلۇغان سىنىپ» ئەمەلىيەتتە بىر نەرسە؛ «ئالغىنى» ئەسلىدە «بۇلاش» بىلەن كەلگەن، «پايىدا ئالغان سىنىپ» نىڭ ھەر قاندىغىنىڭ بىرجۇپ قانلىق قولى بولۇدۇ»① بۇ مۇخبىر 4 چوڭ ئائىلىنىڭ باش كوتۇرۇش تارىخىنى چۈشەندۇرۇشكە ئۇرۇنغان بولسا كېرەك، لېكىن ئۇ 4چوڭ ئائىلىنىڭ «بىرجۇپ قانلىق قولى»نىڭ ئوز ئىختىسادىي ئاساسىنى كورسەتمىگەن.

بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خوجايىنلىرى ھەربىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللۇنۇپ كەلگەن كىشىلەر، شۇنداق بولسىمۇ، 1927 - ژىلى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە بولۇنۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئانچە ۋالا كوپ بايلىغى يوق ئىدى. بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھەقىقەتەن باي ئائىلىلەردىن بولۇشى «12 - ئاپرىل» دىكى پارتىيىنى تازىلاشتەك قانلىق يوللار بىلەن ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىنكى ئىش. ھاكىمىيەتكە بۇنداق قانلىق يول بىلەن ئىگە بولۇش — ئىمپېرىيالىستلار، چوڭ پومېشچىكلار، چوڭ كومپرادورلار ۋە چوڭ بانكىرلارنىڭ جىياڭكەيشىدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئىدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، بىر چەت-

① چۇڭچىڭدە چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىلى 3 - ماي سانىدىن.

ئەللىك يازغان «خۇاڭپۇ بويىنى سىيتىش» دېگەن ماقالىدا شۇ ۋاختىكى تارىخ تۆۋەندىكىچە ئەسلىنىپ ئۆتۈلگەن:

«شاڭخەيدىكى ... كومپرادورلار سىنىپى، باش قوماندان جياڭ كەيشىنىڭ كوممۇنىستلارنى چىن دىلى بىلەن قوغلاپ چىقارغاز-لىغىنى ئۆز كوزلىرى بىلەن كورگەنلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى...... ئۇلار دەرھال 3 مىلليون يۈەن توپلاپ باش قوماندانغا ئىۋەتتى ھەم داۋاملىق پۇل توپلاپ بېرىشكە ۋەدەبەردى...»

«جياڭ كەيشى جاناپلىرىنىڭ كوممۇنىستلارغا قارشى ھەركەتلىرىنى خوجايىنلار ناھايىتى قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدى... باش قوماندان جياڭ كەيشى ئۆزىنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى كورسەتتى، ئۇنىڭ نەتىجىنى پاي-تەخت قىلىپ تاللاپ، كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرغۇزۇلغان مىللىي ھو-كۇمەت قۇردى، ...شۇنىڭ بىلەن شاڭخەيدىكى پۇل مۇئامىلە ساھە-سىدىكىلەر نەنجىن ھوكۇمىتىنى تېخىمۇ قىزغىن ياقلىماقتا».

جياڭ كەيشى شىمال مىللىتارىستلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، چوڭ كومپرادور ۋە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ كومپارتىيىگە، خەلق-قە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى يېڭى سىياسىي ۋەكىلىگە ئايلاندى. «جياڭشى، جېجياڭ بايلىرى» نى مەركەز قىلىپ، كومپارتىيىگە، خەلققە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى فېئودال-كومپرادورلارنىڭ فاشىستلىق ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىق يېڭى سۇلالىسىنى تەشكىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇنداق قانلىق فاشىستلىق ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىق ھاكىمىيىتىگە يولۇنۇپ، ئىختىسادىي جە-ھەتتە ئۆزىنى مەركەز قىلغان ھالدا، قۇدا-باجىلىق ۋە ئالاھىدە

مۇناسىۋەتلىرى بولغان كۆك شاگشى، سۇك زىۋېن، چېن گوفۇلار بىلەن بىرلەشكەن 4 چوك ئائىلىنىڭ مونوپولىيىسىدە فېودال ـ كومپرادورلارنىڭ پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدىكى كۈچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، ئىلگىرى ئۆزىنى يېتىشتۈرگەن فېودال ـ كومپرادورلارنىڭ پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدىكى كونا كۈچىنى پەيدىن ـ پەي، لېكىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن باستى، شۇنىڭدەك ئىلگىركى «جياگشى، جېجياڭ بايلىرى» پارچىلىنىپ 4 چوك ئائىلىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندى.

ئىختىسات سىياسەتكە، سىياسەت يەنە ئىختىساتقا ئايلاندى. فېودال ۋە كومپرادورلۇق مۇلۇك تۈزۈمى سەۋەپ، جياڭكەيشىنىڭ فاشىستلىق ھاكىم مۇتلەقلىقى نەتىجىدۇر؛ لېكىن نەتىجە يەنە سەۋەپكە ئايلاندى، جياڭكەيشىنىڭ فاشىستلىق ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىقى بۇ 4 چوك ئائىلىنى ۋەكىل قىلغان ئەڭ مەركەزلەشكەن فېودال ۋە كومپرادورلۇق مۇلۇك تۈزۈمىنى پەيدا قىلدى. جياڭكەيشى باشچىلىقىدىكى 4 چوك ئائىلە پۈتۈنلەي جياڭكەيشى ھەربىي گۇرۇھىنىڭ فېودال — كومپرادورلۇق مۇلۇك تۈزۈمىنى نەيزە ۋە مىلتىق بىلەن قوغداش يولىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشلىرى جەريانىدا بىۋاستە مەيدانغا چىقتى. دېمەك، بۇ بىر جۈپ قانلىق قولى بولغان «بۇلاپ ئالدىغان» سىنىپ، جياڭكەيشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي قوراللىق كۈچى بولمىغان بولسا، 4 چوك ئائىلە بولماس ئىدى. جياڭكەيشىنىڭ

ئەكسلئىنقىلاۋىي قۇرالىق كۈچى قەيەرگە يەتسە، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدىكى مونوپولىستىك كۈچىمۇ شۇ يەرگە يېتىپ باردى. شۇڭا بۇ پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدىكى فېودال، كومپرادور ھەم ھەربىي كاپىتال، يەنى ھازىر ھەممەيلەن ئېيتىۋاتقان ئەڭ مەركەزلەشكەن بيۇروكرات كاپىتالدۇر. جۇڭگونىڭ بانكا ئىشلىرىدا ئەسلىدە بيۇروكرات كاپىتال ئاساسىي كۈچكە ئىگە بولۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ فېوداللىق ۋە كومپرادورلۇق خاراكتېرى باشتىنلا ئىپادىلەنگەن ئىدى، لېكىن جياڭكەيشى باشچىلىقىدىكى 4چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىق دەۋرىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ بۇنداق كۈچى ۋە خاراكتېرى تېخىمۇ شىددەتلىك تۈس ئالدى. بيۇروكرات كاپىتالنىڭ بۇنداق فېوداللىق ۋە كومپرادورلۇق خاراكتېرى شىمال مىلىتارىستلىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردىمۇ ھەربىي خاراكتېر بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىدى، لېكىن جياڭكەيشى باشچىلىقىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىق دەۋرىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ بۇنداق ھەربىي خاراكتېرى تېخىمۇ شىددەتلىك تۈس ئالدى ھەم تېخىمۇ بىۋاستە ئىپادىلەندى.

تەبىي، بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھەممىسىلا جياڭكەيشىنىڭ فېودال - كومپرادور، فاشىستلىق، ھەربىي ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىق گۇرۇھىدا ھەربىي ۋەزىپىلەرنى بىۋاستە ئۈستىگە ئالغان بولماسلىقى مۇمكىن. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ پۇل مۇئامىلىسى كۈچلىرى ئىچىدە تۇتقان ئورنى ۋە تەرەققى قىلىشىنىڭ ئىلگىرى-

ئاخىرلىقىمۇ ئوخشاش ئەمەس. 4 چوڭ ئائىلە ھوكۇمرانلىقىنىڭ
ئىچكى تەرەپتىن مەلۇم خىزمەت تەخسىماتى بار: جياڭ كەيشى
ھەربىي قوماندان، پۇل مۇئامىلىسى قوماندانى ھەم مەمۇرىي باش-
لىق؛ سۇڭ زىۋېن بىلەن كۇڭ شاڭشى مالىيە ھوقۇقىنى بىۋاستە
قولدا تۇتۇدۇ، لېكىن ھېمىشە مالىيە ئولىگارخىيىسى سۈپىتى بىلەن
ئادەتتىكى مەمۇرىي ئىشلارنى (بە مەمۇرىي پالاتانىڭ باشلىقلىقىنى،
يە ئۇنىڭ باشلىق ئورۇنباسارلىقىنى) قوشۇمچە ئىشلەيدۇ؛ چېن
گوفۇ بىلەن چېن لىفۇ ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن پارتىيە ھوقۇقىنى
بىۋاستە قولدا تۇتۇدۇ، ئۇلار پۇل مۇئامىلىسى ھوقۇقى جەھەتتە
ئىلگىرى سۇڭ زىۋېن بىلەن كۇڭ شاڭشىغا يېتىشەلمەيتتى، لېكىن
CC سىستېمىسىدىكى شپونلار شايكىسىنىڭ كۆچىگە يۆلۈنۈپ،
ئاستا-ئاستا سۇڭ زىۋېن بىلەن كۇڭ شاڭشىنىڭ غەزىنىسىگە بېسىپ
كىرىپ، ئۇ ئىككى ئائىلىنىڭ مالىيە ھوقۇقىنى بىۋاستە بولۇشۇپ
ئالدى. بۇ 4 چوڭ ئائىلە ھوكۇمرانلىق ئورۇن جەھەتتە ئىش تەخسىم
قىلىنىۋالغان بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
زىددىيەتمۇ بار. مەسىلەن: سۇڭ زىۋېن بىلەن كۇڭ شاڭشى مالىيە
ھوقۇقىنى تالىشىپ بىرى چىقسا بىرى ژىقىلىپ، بىرى ژىقىلسا بىرى
چىقىپ تۇردى، بۇ ھەممىگە ئايان. بۇنىدىن 10 ژىل ئىلگىرى سۇڭ
زىۋېننىڭ تامامەن يېڭى قورال بىلەن قورال لانغان باج ساقچىسى
شايكىسى جياڭ كەيشى تەرىپىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىنىش بىلەن سۇڭ زىۋېن
مالىيە پالاتاسىنىڭ باشلىقلىقى ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى، بۇمۇ

ھەممىگە ئايان. ھازىر چىڭ گوفۇ-چىڭلىفۇ ئائىلىسى ئەمەلىيەتتە
قاتناش بانكىسى بىلەن جۇڭگو دېخانلار بانكىسىنى ئىدارە قىل-
ۋاتىدۇ (قاتناش بانكىسىنىڭ باش جىڭلىسى-چىڭ گوفۇ ئائى-
لىسىنىڭ CC سىستېمىسىگە قارايدىغان جاۋدىخۇا. ھازىر جۇڭگو
دېخانلار بانكىسى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چىڭ گوفۇ)، بەلكى
ئۇلار ئۆزى ئوغۇرلۇق قىلىپ «ئوغرى تۇت» دەپ ۋاقىرىغاندەك،
«بيۇروكرات كاپىتالىنى يوقۇتۇش» دېگەن شوئار بىلەن بەزىدە
سۇڭزىۋېننى ئۆزىگە تارتىپ كۇڭشاڭشىگە قارشى تۇرۇپ، بەزىدە
كۇڭشاڭشىنى ئۆزىگە تارتىپ، سۇڭ زىۋېنگە قارشى تۇرۇپ، شۇ يول
بىلەن ھەممىنى باسىدىغان تېخىمۇ زور مالىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇ-
ۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا. لېكىن، بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىش تەخسىما-
تىدىن ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ كۆپلىگىدىن قەتئىي
نەزەر، ئۇلارنىڭ ئىختىسادىي مەنپىتى ۋە تەقدىرى بىر، جياڭ
كەيشىنىڭ ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىقى بىلەن چەمبەرچەس باغ-
لانغان. ئۇلار ھەممە رەسۋاچىلىقلىرىدا بىر-بىرىگە تايىنىدۇ، بايى
بولۇشنىڭ ئەپلىك يوللىرىنى جياڭ كەيشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي
پائالىيىتىدىن كۈتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 4 چوڭ بانكىنىڭ
زۇڭسىيى، دۇڭسىجىڭى ياكى باش جىڭلىسى ئوخشاش ئو-
رۇنلىرىنىڭ گايى بۇنىڭ قولىغا، گايى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ
قېلىشىدىن، ياكى ئۆز ئەۋلادىدىن غەيرىي فامىلىلىك كىشىلەر-
نىڭ دەللال بولۇپ قېلىشى بىلەن ئۇنىڭ قانداقتۇ «دۆلەت»نىڭ-

كىدەك كورۇنۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ 4 چوڭ بانكىنىڭ ئىدارە قىلىش هوقۇقى هامان 4 چوڭ ئائىلىنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق. تەبىكى، بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىختىسادىي مەنپەـ تىنى مەركەزلەشتۈرگەن هالدا ئىپادىلىگەن جياڭكەيشىنىڭ هەرـ بىي هاكىم مۇتلەقلىغىنىڭ چاڭگىلىدىن تېخىمۇ چىقىپ كەتـ كىنى يوق.

2) ئىچكى ئۇرۇشتىن پايدا ئېلىشنىڭ پېيىغا چۈشۈش

تارىختىن ئېيتقاندا، جياڭكەيشى سۇلالىسى جۇڭگودا ئۇرۇش خۇمارلىقتا ئەڭ بىرىنچى سۇلالە بولۇپ هېسابلىنىدۇ. شىمال مىلىـ تارىستلىرى ئۇرۇش خۇمار ئىدى، لېكىن ئۇلار ئۇرۇش خۇمارـ لىقتا كەلگەندە جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغانغان كۈچىنى ئوتمۇشتىكىگە سېلىشتۇرۇش هەرگىز مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمپېرىالىزم ۋە فېوداللىزمنىڭ بۇ مەركەزلەشكەن گوماشتىسى — جياڭكەيشى باشچىلىق قىلغان 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سىياسىي گۇرۇهى — خەلققە قارشى ئۇرۇشنى كۈچەيتتى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىختىسادىي ۋە سىياسىي جەهەتتىكى فېوداللىق ۋە كومپرادورلۇق مونوپولىيىسى، بىرتەرەپتىن، خەلققە قارشى ئۇرۇشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوزىگە، مەزهەپكە ۋە سىستېمىسىغا يات هەممە كىشىگە قارشى ئۇرۇشنى

كوُچەيتتى. بىر كىشىنىڭ ھېساۋىغا قارىغاندا، شىمال مىللىتا-رىستلىرى 1912 - ژىلدىن 1928 - ژىلغىچە جەمئى 11قېتىم ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ژىلىغا بىر قېتىمغا يەتمەيدۇ، جەمئى ۋاختى 885كۇن بولغان. لېكىن جياڭكەيشى سۇلالىسى نەنجىننى مەركەز قىلغاندىن تارتىپ تا شىئەن ۋەقەسىگىچە خەلققە قارشى ۋە ئوزىگە يات بولغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ كەلدى، بۇ ئۇرۇش باشلىنىپ ئاياقلاشقىچە 10 ژىل داۋام قىلدى، ئارىدا بىر كۇنمۇ ئۇزۇلمىدى دېيىشكە بولۇدۇ. مانا بۇ، جياڭ كەيشىنىڭ فېودال، كومپرادور، فاشىستلىق ھەربىي ھاكىم مۇت-لەقلىغىنىڭ چوڭ خۇسۇسىيىتى.

جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ ھەربىي پائالىيىتى كېڭەيگەنسىرى ۋە داۋاملاشقانسىرى ھەربىي خىراجەتمۇ ئەلۋەتتە كوپىيىپ بار-دى. مەسىلەن: جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ ھەربىي خىراجىتى (ئىچكى ئۇرۇش خىراجىتى)نىڭ مەخپىي ھەربىي چىقىملىرىنى ھېساپقا ئالماي، ئاشكارا سانلىرىنى ئېيتقاندا، 1928 - ژىلى 210 مىللىون يۇەن بولغان بولسا، 1929 - ژىلى 245مىللىون يۇەن، 1930-ژىلى 312مىللىون يۇەن، 1932 - ژىلى 321 مىللىون يۇەن، 1933 - ژىلى 373 مىللىون يۇەن، 1934 - ژىلى بولسا، 440 مىللىون يۇەن-دىن[1] كوپرەك بولۇپ، 7 ژىل ئىچىدە بىر ھەسسىدىن كوپرەك

[1] چيەنجاجۇي: «جۇڭگونىڭ ھازىرقى مالىيە مەسىلىسى». «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 32 - توم 13 - سانىدىن.

ئاشتى. جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ بۇنداق نۇرغۇن ھەربىي خىراجىتى تامامەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇستىگە چۈشتى، ھەربىي خىراجەت توپلاش ئۇسۇلىمۇ ھەرخىل بولدى. باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىش ۋە ئىچكى زايوم تارقىتىشنىڭ ھەرئىككىلىسى بىردىن مەنبە بولغان بولسا، چەتتىن پۇل قەرز ئېلىشمۇ بىر مەنبە بولدى. 4 چوڭ ئائىلە بۇ جەھەتلەردە ھېمىشە بىر چالمىدا 2 پاختەكنى سوقۇپ كەلدى: بىر تەرەپتىن، ئىچكى ئۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي خىراجەتكە ئىگە بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتىۋالدى، كېيىنكى چارە 4 چوڭ ئائىلىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش خۇمار بولۇشقا ھەيدەيدىغان بىر خىل كۈچكە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار ئىچكى ئۇرۇشنىڭ داۋام قىلىشى ۋە كېڭىيىشى جەريانىدا تېخىمۇ زور بايلىققا ئىگە بولىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بايلىق توپلاش نەپسىنىڭ چېكى يوق، ئىچكى ئۇرۇشقا بولغان ئىشتىياقىنىڭمۇ چېكى يوق.

بۇ يەردە مەملىكەت ئىچىدە زايوم تارقىتىشنى ئالاھىدە مىسال قىلىپ ئۆتۈمەن. جياڭكەيشى سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى زايوم ئاساسەن ئىچكى ئۇرۇش بىلەن باغلىنىشلىق بولدى. بىر ئىختىساتچى 1933 ـ ژىلى زايوم مەسىلىسى يۈزىسىدىن تۇۋەندىكى فاكتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى: «ھۆكۈمەت تارقاتقان زايوملارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرىغا كەلسەك، ......ھەربىي، مەمۇرىي خىراجەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى %86نى، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغىنى

9%نى ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغىنى 4%نى ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ دەپ زورغا قاراشقا بولىدىغىنى (دېڭىز-دەريالارنى تازىلاش زايومى ۋە جياڭسۇ، جېجياڭ يىپەكچىلىكىنى رېۋاجلاندۇرۇش زايومى) ئاران 1%نى تەشكىل قىلىدۇ»①. جياڭ كەيشى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان تارقىتىلغان زايوم ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ۋە ئىزچىل ھەربىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ كەلدى . بۇنداق زايومنى سېتىۋېلىپ پايدا ئالغۇچىلار بايلار بولدى. ھەممىگە مەلۇم ، زايوم ئادەتتە ئەسلى قىممىتىنىڭ 50 ـ 60 پروتسېنتىگە توغرى كېلىدىغان باھادا سېتىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زايومنىڭ ئۆسۈمى 6 لىدىن 8 لىغىچە بەلگىلەندى. شۇڭا، بانكىلارنىڭ زايوم سېتىۋېلىپ ئالغان ئەملىي پايدىسى يىلىغا تەخمىنەن 3 ـ 4 فۇڭ ئارىلىقىدا بولدى. «مەسىلەن، مىنگونىڭ 16 ـ يىلىدىن 22 ـ يىلىغىچە تارقىتىلغان ئىچكى زايومنىڭ سوممىسى 1 مىلليارت 141 مىلليون يۈەندىن كۆپرەك ئىدى، مالىيە دوكلادىدا ئېيتىلىشىچە ئەملىي كىرىم قىلىنغىنى ئاران 645 مىلليون يۈەندىن كۆپرەك بولغان، بۇ تەخمىنەن 57%كە توغرى كېلىدۇ. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى تارقىتىلغان زايومنىڭ سوممىسى 320 مىلليون يۈەن بولسىمۇ، شۇ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئەملىي كىرىم قىلغىنى ئاران 164 مىلليون يۈەندىن كۆپرەك بولغان، بۇ 51%كە

① چەن جاجۈي: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى 2 يىللىق مالىيىسى» «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 30 ـ بولۇم 4 ـ سانىدىن.

توغرى كېلىدۇ»①. ئەمما، دەسمايىسى ۋە ئوسۇمىنى قايتۇرۇشچۇ؟ بۇنى زايوم قەغىزىگە يېزىلغان سومما بويىچە تولۇق بېرىشكە توغرى كېلىدۇ. بۇنداق جازانىخورلۇق ئەمەلدە ھەربىي ئىش-لاردىن ۋە ئىچكى ئۇرۇشتىن پايدا تېپىشتىن ئىبارەت. جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ ھەربىي خىراجىتىنىڭ ژىلدىن-ژىلغا كۆ-پىيىشى بىلەن ئۇنىڭ زايوم تارقىتىش سۈرئىتىمۇ شىمال مىللىتا-رىستلىرى ھوكۇمىتىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى: «مىنگونىڭ 1 - ژىلىدىن 25 - ژىلىغىچە جەمئىي 2 مىللىارت 888 مىللىون يۈەنلىك زايوم تارقىتىلغان، بۇنىڭدىن مىنگونىڭ 16 - ژىلىدىن كېيىن تار-قىتىلغىنى 80%دىن ئازراقىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سوم-مىسى تەخمىنەن 2 مىللىارت 268 مىللىون يۈەن بولدى. مىنگونىڭ 1 - ژىلىدىن 16 - ژىلىغىچە بولغان 15 ژىل ئىچىدە تارقىتىلغىنى ئاران 20%دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سوم-مىسى تەخمىنەن 620 مىللىون يۈەن بولغان ئىدى»②. دېمەك، بۇ جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ 9 ژىل ئىچىدە تارقاتقان زايومى شىمال مىللىتارىستلىرى ھوكۇمىتىنىڭ 15 ژىل ئىچىدە تارقاتقان زايومى-نىڭ 400%ىگە تەڭ دېگەن سۆز. مانا بۇ، جياڭكەيشى قوزغىغان،

---

① شۈجىڭۈن: «ئۇرۇش دەۋرىدىكى جۇڭگودا بانكا ئىشلىرى»نىڭ 51 – 52 – بەتلىرىدىن.

② شۈي شۈەخەن: «جۇڭگونىڭ مالىيە مەسىلىلىرى» – «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى نۇتۇقلار»غا قارالسۇن.

ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان 10 ژىللىق ئىچكى ئۇرۇش كولىمىنىڭ شىمال مىللىتارىستلىرى دەۋرىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭكىدىن تېخىمۇ زور ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك بولغانلىقىنى كورسۇتۇدۇ. ئىچكى زايومنىڭ بۇنداق ئۇلغۇيۇشى فېودال-كومپرادوربايلار-نىڭ ئىچكى ئۇرۇشتىن ئالىدىغان پايدىسىنى زور دەرىجىدە كوپەيتىۋەتتى. بۇنداق ئىچكى زايومنىڭ تارقىتىلىشى فېودال كومپرادور بايلار بىلەن جياڭكەيشى سىياسىي گورۇھىنىڭ ھەربىي مەنپەئىتىنى بىر-بىرىگە بىۋاستە باغلىدى، 4 چوڭ ئائىلە سىياسىي گورۇھىنىڭ ھەربىي مەنپەئىتىنى بىۋاستە بايلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئايلاندۇردى؛ لېكىن، جياڭكەيشىنىڭ سىياسىي گورۇھى ئاۋالقى بايلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، 4 چوڭ ئائىلىنى تېزلا پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدە مونوپولىست، فېودال ۋە كومپرادور ئولىگارخىيىگە ئايلاندۇردى. شۇ سەۋەپتىنمۇ زايومنىڭ كوپ پايدىسىنى 4 چوڭ ئائىلە يالغۇز ئىگە بولۇدىغان پايدىغا ئايلاندۇردى.

1937-ژىللىق «مەملىكەت بويىچە بانكىلارنىڭ ژىل نامىسى»غا يېزىلغىنىغا قارىغاندا، 4 بانكىنىڭ قىممەتلىك قەغىزى مەملىكەت بويىچە بانكىلار تارقاتقان ھەممە قىممەتلىك قەغەزلەرنىڭ (ئاساسەن ياكى ھەممىسى دېگىدەك زايوم) 1934-ژىلى 45%نى، 1935-ژىلى 59%نى، 1936-ژىلى 30%نى تەشكىل قىلغان (1936-ژىلى ئاساسەن مەركىزىي بانكىنىڭ كىمەيگەن،

چۇنكى ئۇ قەغەز پۇل تارقىتىش تەرىپىگە بېرىلىپ كەتكەن).
4 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلغان 4 بانكىنىڭ ئىچكى ئۇرۇۋۇش بىلەن
چەمبەرچەس باغلانغان زايوم پايدىسىنىڭ ئاساسي مونوپولىيە-
چىسى ئىكەنلىگىنى بۇ سانلار تولۇق كورسۇتۇپ بېرىدۇ. فاكت
شۇنداق ئايلانما ھالقا خاراكتېرىدا بولۇپ قالدىكى، جياڭكەيشى،
سۇڭزىۋېن، كۇڭشاڭشى ۋە چىڭ گوفۇ-چىڭ لىفۇدىن ئىبارەت 4چوڭ
ئائىلە ئىچكى ئۇرۇشتىن پايدا تېپىش ئۈچۈن گومىنداڭ ھوكۇ-
مىتى نامىدىن ئوزلىرىنىڭ مونوپولىيىسىدىكى بانكىدىن پۇل قەرز
ئالىدۇ، يەنە گومىنداڭ ھوكۇمىتى نامىدىن ئوزلىرى ئۈچۈن
ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭدەك گومىنداڭ ھوكۇمىتى نامىدىن ئوزلىرىگە
قەرز تولەيدۇ. پۇل قەرز ئالغاندا ئاساسەن 4 چوڭ ئائىلە پايدا
ئالىدۇ، ئىشلەتكەندىمۇ ئاساسەن شۇلار پايدىلىنىدۇ، تولەش
ۋاختىدىمۇ ئاساسەن يەنە شۇلار پايدا ئالىدۇ.

جياڭكەيشى ۋەكىللىك قىلغان 4 چوڭ ئائىلە ۋە باشقا مۇنا-
سىۋەتلىك بايلارنىڭ زايومدىن ئىگە بولغان زور پايدىسى تېخىمۇ
نۇرغۇن بيۇروكرات كاپىتال (ئەينى زاماندا كومپرادورلۇق كا-
پىتالى)نى توپلىدى، بۇ كاپىتاللار ئاسماندىن چۈشمىدى.
«ئىچكى زايومنى تارقىتىشتا ئىجارە ۋە باج كىرىمىنى زولۇك
قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، شۇڭا ئىچكى زايوم قانچىكى كوپ تار-
قىتىلسا، ئىجارە ۋە باجنىڭ ئوسۇشىمۇ شۇنچە تېز بولۇدۇ، پۇخ-
رالارنىڭ سېلىنغىمۇ شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ». ......جۇڭگودا ئىجارە

ۋە باجىنىڭ كوپ قىسمى دىخانلارغا ژۈكلەنگەن. شۇڭا ئىچكى زايوم قانچىكى كوپ تارقىتىلسا، خەلقتە باي-كەمبىغەللىك پەرقى شۇنچە زورۇيۇدۇ؛ ئىچكى زايومنىڭ تارقىتىلىشى نىتىجىسىدە ئۇ بارا - بارا كەمبىغەللەرنى سىقىش، بايلارنى يولەش رولىنى ئويىنايدۇ-دە، ئاددىي خەلقلەر، ھىچقاچان قىلچە پايدىنىمۇ ئىگە بولالماس بولۇپ قالىدۇ»①. ھەتتا 1934 - ژىلى نەشر قىلىنغان ئەكسىيەتچى مەزمۇندىكى بىر كىتاپتىمۇ بۇنداق يېزىشقا مەجبۇر بولغان: «بانكىلارنىڭ... بۇنداق پايدىسىنىڭ كوپچىلىگى زايومدىن كېلىدۇ، ئۇ ھوكۇمەتتىن بىۋاستە ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ۋاستە ئارقىلىق يېزىلاردىن كېلىدۇ»②. زايومنى كوپلەپ تارقىتىشنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئاددىي خەلقنىڭ-ئاساسەن دىخانلارنىڭ مال-مۇلكىنى تېزدىن 4چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك بايلارنىڭ مال - مۇلكىگە ئايلاندۇرۇدۇ، بۇنداق بۇلاڭچىلىقنىڭ ئاساسى بولسا يېرىم فېئودال ۋە يېرىم مۇستەملىكە تۈزۈمىدىن ئىبارەت.

3) ھەممىدىن ئاۋال ھەربىي قۇراللار بويىچە چوڭ كومپرادورلۇق

ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا، فېئوداللىق تۈزۈمنى كومپرا-

① ئۇچىنچىسى: «جۇڭگو يىڭخاڭ»نىڭ 81 - بېتىدىن.
② «جىياڭشى لۇگمىن جىڭجى» نىڭ 91 - بېتىدىن.

دورلۇق تۈزۈمىدىن ئايرىش مۇمكىن ئەمەس، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشنى كومپرادورلۇق تۈزۈمىدىن ئايرىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. 4 چوڭ ئائىلە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش بىلەن، شۇنداقلا كومپرادورلۇق ھەركىتى بىلەن باش كوتەرگەن. جياڭ كەيشى شۇنى ئوبدان چۈشۈنىدىكى، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش جۇڭگو خەلقىنى ئېزىدىغان ئىمپېرىيالىستلارنىڭ تەلىۋى، شۇنداقلا جياڭكەيشى چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياردىمىسىز ئىچكى ئۇرۇشنى قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا تۇرلۇك شەكىلدىكى چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىرلىشىشكە توغرى كەلدى ۋە شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ جياڭكەيشى باشچىلىغىدىكى 4 چوڭ ئائىلە ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا ئەڭ چوڭ كومپرادورلارغا، ھەممىدىن ئاۋال ھەربىي قۇراللار كومپرادورلىرىغا ئايلاندى. 1936-يىلى بىر ئامېرىكىلىق بىر پارچە كىتاپ يېزىپ، جۇڭگودىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك مەسىلىلىرىدىن بىرىنى كورسەتتى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«جۇڭگو ھەربىي قۇرالدا پۈتۈنلەي دىگىدەك چەتئەلگەبېقىنىدۇ، شۇڭا جۇڭگو دۇنيا بويىچە ھەربىي قۇرالنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارىغا ئايلىنىپ قالدى...... ياپونىيىنىڭ 1930-يىلى جۇڭگوغا بەرگەن ھەربىي قۇرالى جۇڭگو ئىمپورت قىلغان ئومۇمىي ھەربىي قۇرالنىڭ 37,5%نى تەشكىل قىلدى...... ھەربىي قۇرال ئىمبارگوسى توغرىسىدا بىر مەزگىل ۋاڭ-چۇڭ كوتۇرۇلگەن بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە

ۋاستىچىلارنىڭ ۋە ئەركىن پورت شاڭخەينىڭ ئوڭايلىق شارائىتىدىن
پايدىلىنىپ، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ھەربىي قۇرال بىلەن تەمىنلىنىشتە
ھەر ئىككى تەرەپ قىلچە قىيىنچىلىق تارتمىدى.

«موگسلى رېۋيۇ» گېزىتى ھەر قايسى دۆلەتلەر جۇڭگونى ھەربىي
قۇرال بىلەن تەمىنلىمىگەن بولسا، جۇڭگودىكى نۇرغۇن ئىچكى پاراكەندـ
چىلىك ئۆز ـ ئۆزىدىن توختىشى مۇمكىن ئىدى. چەتتىن ياردەم بولمىسا،
جۇڭگو مىلىتارىستلىرىنىڭ قولىدىن ھېچقانچە ئىش كەلمەيدۇ...

... ھەربىي قۇرالنى مەيلى ياپونىيىدىن، ئەنگلىيىدىن، ئامېـ
رىكىدىن، ياكى گېرمانىيىدىن ئالىدىغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر،
جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ چەتئەل ھەربىي قۇرالىغا يۆلىنىشى
پولاتتەك فاكت»①.

بۇ يەردە ئېيتىلغان فاكتلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت. خەلققە
قارشى ئۇرۇشقا خۇمار بولغان شىمال مىلىتارىستلىرى شۇنداق
قىلدى، خەلققە قارشى ئۇرۇشقا تېخىمۇ خۇمار بولغان، ھەم ئىچكى
ئۇرۇشنى تېخىمۇ كۆپ ۋە دەھشەتلىك ھالدا ئېلىپ بارغان جياڭ
كەيشى سۇلالىسى تېخىمۇ شۇنداق قىلدى، ئەلۋەتتە ژۇقۇرىدا
ئېيتىلغاندەك، جياڭكەيشى سۇلالىسى تارقاتقان ئىچكى زايومنىڭ
86%نى ئىچكى ئۇرۇشقا ئىشلەتتى. بۇنداق ئىشلىتىشتە شۇنـ
داق ھوكۇم قىلىش مۇمكىنكى، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنى
ھەربىي قۇرال سېتىۋېلىشتىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس، جياڭ

① سېرتېبس: «ئۇرۇش، ھەربىي قۇرال ۋە پايدا» شاۋزۇگخەننىڭ
خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 76 – 80 – بەتلىرىدىن.

كەيشى سۇلالىسى ئائېروپىلان، زەمبىرەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېڭى قۇراللارنى ئىشلىتىپ، جۇڭگو خەلقى ئالدىدا كورەڭلىك قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. 4 چوڭ ئائىلە بۇ نەرسىلەرنى ياسىيالمايدۇ، چەتتىن ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ جاللاتى جەزمەن ھەربىي قۇرال كومپرادورلىرىدۇر. دېمەك، 4چوڭ ئائىلە ئىچكى زايومدىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي قۇرال كومپرادورلىقىدىمۇ باي بولدى. شۇ كىتاپ يەنە تۆۋەندىكىچە يازىدۇ:

«ئەنگلىيە لىبېرالستلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى مورگان جونېس 1933-يىلى 28-فېۋرالدا تۆۋەن پالاتاغا مۇنداق دوكلاد بېرىدۇ: بىر ھەربىي قۇرال شىركىتى بار بولۇپ، ئۇ، بىر تەرەپتىن، ياپونىيىگە، يەنە بىر تەرەپتىن، بولسا جۇڭگوغا ھەربىي قۇرال ئىشلەپ بېرىدىكەن، بىر كۈنى ياپونىيە ۋەكىلى بىلەن جۇڭگو ۋەكىلى بىرلا ۋاختتا ئۇ شىركەتكە كىرىپ مېھمانخانىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە غەزەپ كۆزى بىلەن قاراش ئورنىغا ئۆز-ئارا باھا چىقىشتۇرۇپتۇ. نېتىجىدە بۇ 2 ۋەكىل شۇ شىركەتنىڭ زۇڭسىيى ئالدىغا بىللە كىرىپ باھانى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ھازىر ئۇقۇشۇمچە، باھانى 40% تۆۋەنلەتكەنمىش» ①

ياپونىيە جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن ھەربىي قۇرال سېتىۋالسا، جياڭكەيشى سۇلالىسى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى

① سىرتېس: «ئۇرۇش، ھەربىي قۇرال ۋە پايدا» شاۋزۇڭخەننىڭ خەنسۇچە تەرجىمىسىنىڭ 76-80-بەتلىرىدىن.

ئۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي قۇرال سېتىۋالدۇ. بۇنىڭ كىسىنىڭ بىر ئورتاق مەخسىدى بار، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو خەلقىنى قىرىش. شۇڭا ئۇلار بىر-بىرىگە غەزەپ كۆزى بىلەن قارىمايدۇ. بىز بۇ سۆزدىن شۇنى كۆرۈشىمىز مۇمكىنكى، جياڭ كەيشى سۇلالىسى بۇنداق ھەربىي قۇرال سېتىۋېلىش ئىشىدا چەتئەللىك خوجايىنلىرىدىن «باھانى تۆۋەنلىتىش» كە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ «دۆلەت غەزىنىسى» ھېساۋىغا «تۆۋەنلىتىلگەن باھا»دا يازماسلىقى مۇقەررەر. ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە كەڭ كۆلەملىك ئەكسىلئىنقىلا-ۋىي ئىچكى ئۇرۇش ھەربىي قۇرال بىلەن ئۇزۇن مۇددەتكىچە كەڭ تۈردە تەمىنلىنىپ تۇرۇشقا مۇھتاج. شۇڭا، ھەربىي قۇرال جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ مۇھىم (لېكىن مۇتلەق كۆپچىلىكى مەخپىي) ۋە زور خەلقارا سودىسى بولۇپ قالدى. بۇنداق زور خەلقارا سو-دىدىن ئېلىنغان نېسىۋە ياكى باشقا تۈرلۈك پايدىنىڭ ئاساسى ياكى كۆپ قىسمىنى 4 چوڭ كومپرادور ئائىلە مونوپولىيە قىلدۇ، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق ھەربىي قۇرال كومپرادورلىقى بىلەن ئالىدىغان پايدىسىدىن باشقا، يەنە باشقا خىلدىكى كومپرادورلۇق بىلەن ئالىدىغان نۇرغۇن پايدىسىمۇ بار، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئا-دەتتىكى سودا كومپرادورلىقى ۋە قەرز كومپرادورلىقى بىلەن ئالىدىغان پايدىسى بار. 1933 - ژىلى ئامېرىكىدىن بۇغداي ۋە پاختا ئۈچۈن بېرىلگەن داڭلىق قەرز شۇ چاغدا جياڭ كەيشى

قوزغىغان ئەكسلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشقا مەدەت بىرىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. بۇقەرز پۇل بىر مەزگىل سۇڭ زىڭونىنىڭ «ئابروينى كوتۇرۇپ» قويىدى. شۇ سەۋەپلىك جياڭ كەيشى بىلەن سۇڭ زىڭونىڭ بىر مەزگىل ماي تارتىشىپمۇ ژۇردى. مانا بۇچوڭ كومپرادورلۇق بىلەن ئېلىنغان پايدىنىڭ بىر خىلى. بۇ يەردە بۇلارنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرمايمەن.

قىسقىسى، 4 چوڭ ئائىلە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش ۋە كومپرادورلۇق بىلەن باش كوتەردى. 4 چوڭ ئائىلىدە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشتىن ئالىدىغان پايدا بىلەن كومپرادورلۇقتىن ئالىدىغان پايدا بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان. ئەكسلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش بىلەن كومپرادورلۇق 4 چوڭ ئائىلىنى بىيىتتى ھەم ئۇلارنى مونوپولىيە ئاساسىدىكى ئىختىسادىي مەنپەتكە ئىگە قىلدى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خەلققە قارشى غايەت زور دەرىجىدە ئۇرۇش خۇمار ئائىلە بولۇشى، ئەكسلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشنى ئوزلىرىنىڭ ھاياتى دەپ قارىشى، ئىمپىريالىستلارغا بولسا تىز پۇكۇپ خوشامەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ تويماس فيوداللىق، كومپرادورلۇق ۋە مونوپولىيە ئاساسىدىكى ئىختىسادىي مەنپەتلىرىنى كوزلىگەنلىگىدۇر. ژۇقۇرىدا كورسۇتۇلگەن بەزى تارىخى فاكتلار مىسال تىرىقىسىدە كورسۇتۇلگەن بولۇپ، بۇ فاكتلار ئۇلارنىڭ ئەكسلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش ۋە كومپرادورلۇق بىلەن باش كوتەرگەنلىگىنىڭ بەزى تەرىپى ۋە ھالقى-

سىنىپلا كورسۇتۇپ بېرىدۇ.

4) «خەلقنى ھالاك قىلىش» نى مەخسەت قىلىش

ئازسانلىق بايلارنى قوغداش ئۈچۈن، خەلقنىڭ دېموكراتىك كۈچلىرىگە ئاشكارا، ئەڭ ۋەھشى ۋە دەھشەتلىك قاراكۈچلەر بىلەن زەربە بېرىش ھەم ئۇزىنى شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئولىگارخلاشقان بايلارغا ئايلاندۇرۇش ئارقىسىدا ژۇقۇرقىدەك قاراكۈچلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ تەقدىرىنى پاجىئەلىك قۇربان قىلىش—بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە فاشىستلارنىڭ باي بولۇش ئۇسۇلى.4 چوڭ ئائىلە ۋەكىللىك قىلغان جۇڭگونىڭ فاشىستلار گۇرۇھىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يولدا كېتىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېوداللىق ھالىتىدىكى ئەلدە ئولاركاپىتالىستىك ئەللەردىكى فاشىستلار گۇرۇھىدىن پەرق ئېتىدۇ، جۇڭگودىكى فاشىستلار گۇرۇھى دېخانلارنى بۇلاپ-تالاشنى ئوز بايلىقىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ، فېودالىق ۋە مۇستەملىكىلەشتۇرۇلگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى قوغداشنى ۋە چەتئەللەرنىڭ مونوپولىستىك كاپىتالىنىڭ كومپرادورى بولۇشنى ئوزىنىڭ مۇھىم ئىختىسادىي ئاساسى قىلىدۇ. شۇڭا بۇ فاشىستلار گۇرۇھى فېودالىق ۋە كومپرادورلۇق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، ئۇنىڭ باي بولۇش ئۇسۇلى ئالاھىدە خاراكتېرگە ۋە ئالاھىدە

شەكىلگە ئىگە. جياڭ كەيشىنىڭ «جۇڭگونىڭ ئىختىسادىي
تەلىماتى»دا ئېيتىلغان «بىر ئادەم ياكى بىر نەرسىنى ئاساس
قىلماستىن، ئىنسانىيەت ۋە جەمئىيەتنىكى ھەممە كىشى ئاساس
قىلىنىدۇ. بۇ غەربىي ياۋروپادىكى تۇرلۇك ئىختىسادىي تەلىمات-
لارغا پەقەت ئوخشىمايدۇ» ۋە «كىشىلىك زاتى كوزدە تۇتۇلۇدۇ،
خەلق تۇرمۇشى مەخسەت قىلىنىدۇ. بارلىق ئىختىسادىي تۇزۇم-
لەر ۋە سىياسەتلەر كىشىلىك زاتىغا لايىقلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى
ئۇچۇن ئىشلەيدۇ» دېگىنى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئىلمىي
سوزلەر بىلەن تەرجىمە قىلغاندا، جياڭ كەيشىنىڭ جۇڭگودىكى
بۇ فاشىستلىق «ئىختىسادىي تەلىماتى»دا ئېيتىلغان «ئىنسانىيەت
ۋە جەمئىيەتنىكى ھەممە كىشى ئاساس قىلىنىدۇ» دېگىنى - 4
چوڭ فېودال ۋە كومپرادور ئائىلىنى ئاساس قىلىشتىن باشقا
نەرسە ئەمەس؛ «كىشىلىك زاتى كوزدە تۇتۇلۇدۇ» دېگىنى - 4چوڭ
فېودال ۋە كومپرادور ئائىلىنىڭ جاللاتلىق ۋە ئادەم-خورلۇق
مىجەزى كوزدە تۇتۇلۇدۇ دېگەنلىكدۇر؛ «خەلق تۇرمۇشى مەخ-
سەت قىلىنىدۇ» دېگىنى — خەلقنى هالاك قىلىش مەخسەت قىلىنى-
دۇ دېگەنلىكدۇر؛ «كىشىلىك زاتىغا لايىقلىشىش» دېگىنى — 4چوڭ
فېودال ۋە كومپرادور ئائىلىنىڭ جاللاتلىق ۋە ئادەم-خورلۇق
مىجەزىگە لايىقلىشىش دېگەنلىكدۇر؛ «خەلق تۇرمۇشى ئۇچۇن
ئىشلەش» دېگىنى — 4 چوڭ ئائىلە قەستلىگەن خەلقنى هالاك قىلىش
مەخسىدى ئۇچۇن ئىشلەش دېگەنلىكدۇر.

3. پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە فېئودال، كومپرادور ۋە ھەربىي خاندانلىق

1) تورت چوڭ ئائىلە بىلەن تورت چوڭ بانكىنىڭ بىرلىشىشى

مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دېخانلار بانكىسىدىن ئىبارەت 4 چوڭ بانكا ئىچىدە باش بانكا بولۇپ ھېساپلانغان مەركىزىي بانكا 1928 ـ ژىلى نويابىردا قۇرۇلغان، بۇ بانكا بۇرۇن سۇڭ جۇڭشەن گۇاڭدۇڭدا قۇرغان مەركىزىي بانكىدىن تامامەن پەرق ئەتكىنى ھالدا جياڭكەيشى گۇرۇھىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە فېئودال ۋە كومپرادور ھاكىم مۇتلەقلىغىنى ئورنۇتۇشقا كىرىشكەنلىگىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بانكىنىڭ كاپىتالى جياڭكەيشى ھوكۇمىتى تەرىپىدىن پۇل ھېساۋىغا تارقىتىلغان زايومدىن بېرىلگەن. جياڭكەيشى گۇرۇھى ئوزلىرى قۇرۇۋالغان فېئودال ـ كومپرادور سۇلالىسىنىڭ سىياسىي زورلۇق كۇچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى «دولەت غەزىنىسى»نى باشقۇرۇش، تېگىشلىكلى بولۇدىغان چەكلەرنى تارقىتىش، دولەت پۇلى تارقىتىش، دولەت ھېساۋىغا بولۇدىغان ئىچكى ۋە تاشقى قەرزلەرنى باشقۇرۇش ئىمتىيازلىرىغا

ئىگە قىلدى، شۇڭا بۇ بانكا، بانكا ساھەسىدە مونوپولىيىلىك ئۇس-
تۇنلۇككە ئىگە بولدى. جياڭكەيشى ھوكۇمىتى ئۇنى «دولەت
بانكىسى» دەپ ئاتىدى، لېكىن بۇ «دولەت» پۈتۈن جۇڭگو
خەلقىنىڭ ئۇلۇشى يوق «دولەت»، ئۇ جياڭكەيشىنىڭ فېودال،
كومپرادور، فاشىستلىق ۋە ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىق ئاساسى-
دىكى سۇلالىسىنىڭ «دولىتى»دۇر. شۇڭا جياڭكەيشىنىڭ «دو-
لەت بانكىسى» دېگەن نىمىسى جياڭكەيشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەم-
رالىرىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى بويىچە فېودال - كومپرادور ئولى-
گارخىيىسىنىڭ، خۇسۇسىي بانكىسى. «دولەت غەزىنىسى» نى
باشقۇرۇش دېگىنىمۇ جياڭكەيشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىنىڭ
ئائىلە غەزىنىسىنى باشقۇرۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئىگە بو-
لۇۋالغان نەرسىلەردىن خەلقنىڭ قېنى تېمىپ تۇرسىمۇ، لېكىن
ھەر قانداق خەلق ياكى ئۇلارنىڭ ۋەكىلى ئۇنى سۇرۇشتە
قىلالمايدۇ ياكى تەكشۈرەلمەيدۇ. بۇ بانكىنىڭ 1 - قېتىمقى
زۇڭسىيى جياڭكەيشىنىڭ قۇدىلىرىدىن بىرى بولغان سۇڭزىۋېن،
2 - قېتىمقى زۇڭسىيى جياڭكەيشىنىڭ يەنە بىر باجىسى كۇڭ
شاڭشى بولدى، ھازىر بولسا سۇڭ فامىلىيىگە يات بولغان بىي
زۇيى زۇڭسەيلىك قىلىۋاتىدۇ.

جياڭكەيشى نەنجىڭدە فاشىستلىق ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىق
سۇلالىسىنى قۇرغاندىلا، ئىلگىرى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئا-
خىرقى دەۋرىدە قۇرۇلۇپ، شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ فېودال -

كومپرادور ھوكۇمىتىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى بويىچە 2 چوڭ تۈۋرۈگى بولۇپ قالغان (شىمال مىلىتارىستلىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە باش بانكا بولغان) جۇڭگو بانكىسى ۋە قاتناش بانكىسىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا كىرىشتى. 1927 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئالىي باشقارمىسى شاڭخەيگە كوچكەندە، «ھوكۇمەت پېيى» دېگەن نام بىلەن 5 مىللىون يۈەن قوشۇلدى؛ 1928 - يىلى قاتناش بانكىسىنىڭ ئۇمۇمىي كاپىتالىنىڭ 20% نى يەنە جياڭ كەيشى ھوكۇمىتى ئۈستىگە ئالدى، باش بانكىمۇ شاڭخەيگە كوچۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ جياڭ كەيشى سۇلالىسى بۇ 2 چوڭ بانكىغا ئۆز كۈچلىرىنى سىڭدۈرۈپ كىرگۈزدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. بىر تەرەپتىن، مەركىزىي بانكىنىڭ ئىلگىرى بەلگىلىگەن كاپىتالى 20 مىللىون يۈەن بولۇپ، جۇڭگو بانكىسىنىڭ «ھوكۇمەت پېيى» بىلەن قوشۇلغان 25 مىللىون يۈەنلىك كاپىتالىغا قارىغاندا تۆۋەن ئورۇننى تۇتتى. شۇ سەۋەپتىن، كاپىتال جەھەتتە ئۇنىڭ مونوپولىيىلىك كۈچىنى يەنە ئاشۇرۇشقا توغرى كەلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جياڭ كەيشى ھوكۇمىتى جۇڭگو بانكىسىغا «ھوكۇمەت پېيى» ئۈچۈن 5 مىللىون يۈەن بەردى، بۇ سېلىنغان كاپىتالنىڭ ئاران $\frac{1}{5}$ قىسمىنى تەشكىل قىلدى، قاتناش بانكىسىنىڭ 10 مىللىون يۈەنلىك كاپىتالىدىن $\frac{1}{5}$ قىسمى «ھوكۇمەت پېيى» دەپ تونۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاران پېرىمىنى

(1 مىللىون يۈەن) بەردى. شۇڭا، جياڭ كەيشى سىستېمىسىنىڭ مونوپولىيە قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ 2 بانكىدا «هوكۇمەت پېيى» نى يەنە داۋاملىق ئاشۇرۇشقا توغرى كەلدى. 1935 ـ ژىلى ئەرتىيازدا، جياڭ كەيشى هوكۇمىتى ئامېرىكىنىڭ ئاق كۇمۇش سىياسىتى پەيدا قىلغان پۇل كرىزىسىدىن پايدىلىنىپ، پۇل مۇئامىلىسى ئۈچۈن 100 مىللىون يۈەنلىك زايوم تارقىتىش بىلەن ئۇنى مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى ۋە قاتناش بانكىسىنىڭ فوندى قىلدى؛ مەركىزىي بانكىنىڭ ئۇمۇمىي كاپىتالىنى 100 مىلىون يۈەنگە ئاشۇردى؛ جۇڭگو بانكىسىنىڭ «هوكۇمەت پېيى» نى بولسا 15 مىللىون يۈەن ئاشۇردى، ئاۋالقى 5 مىللىون يۈەن بىلەن قوشۇلۇپ «هوكۇمەت پېيى» شۇ بانكىنىڭ ئۇمۇمىي كاپىتالىنىڭ يېرىمىغا تەگلەشتى؛ قاتناش بانكىسىنىڭ «هوكۇمەت پېيى» نى 10 مىللىون يۈەن ئاشۇردى، ئاۋالقى 1 مىللىون يۈەن بىلەن قوشۇلۇپ «هوكۇمەت پېيى» شۇ بانكىنىڭ ئۇمۇمىي كاپىتالىنىڭ 55% گە تەگلەشتى. بۇ جياڭ كەيشىنىڭ فېئودال، كومپرادور گۇرۇھى ئوزىنىڭ سىياسىي زورلۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىختىسادىي جەهەتتىكى مونوپولىيىلىك ئورنىنى كۈچەيتكەنلىگىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ «كاپىتالنى ئاشۇرۇش» دېگىنى «قۇرۇق قول بىلەن ئالدى-ساتتى قىلىش»، ئۈستىلىق بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىش هېسابلىنىدۇر، يەنى جياڭ كەيشى هوكۇمىتىنىڭ بەرگىنى نەق پۇل ئەمەس، بەلكى سىياسىي كۈچىگە يۆلىنىپ تارقاتقان زايوم

ئىدى. «دەپتەردىكى سان كۆپەيگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن غەزىنىدىكى نەق پۇل يەنە ئاۋالقىدەك بولدى». شۇ چاغلاردا، «3 بانكىنىڭ ئەمەلىي ژىققان كاپىتالى دەپتەرگە يېزىلغىنىدەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېساۋىغا بېرىلگەن زايوم مەركىزىي بانكىدا $\frac{3}{5}$ قىسمىدىن ئازراقىنى، قاتناش بانكىسىدا $\frac{1}{2}$ قىسمىدىن كۆپرەكىنى، جۇڭگو بانكىسىدىمۇ 37،5% ىنى تەشكىل قىلىدۇ» ① شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ 2 چوڭ بانكا شۇنىڭدىن تارتىپ چاپسانلا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. سۇڭ زىۋېننىڭ مەركىزىي بانكىدىكى زۇڭسەيلىك ئورنى 1932- يىلى كۇڭ شاڭشى تەرىپىدىن ئىگەللەپ ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ چاغدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ دۇڭشىجىگى بولۇپ، مەركىزىي بانكا ۋە جۇڭگو بانكىسىدىن ئىبارەت 2 چوڭ بانكا سىستېمىسىنىڭ ھالاۋىتىگە كۇڭ شاڭشى بىلەن تەڭ شېرىك بولدى (1944- يىلى يانۋاردا كۇڭ شاڭشى يەنە سۇڭ زىۋېننىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپ، جۇڭگو بانكىسىنىڭ دۇڭشىجاڭلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە، سۇڭ زىۋېن سىستېمىسى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان ئورۇندا بولۇپ كەلدى — ئاۋتوردىن).

4 چوڭ بانكىنىڭ بىرى بولغان جۇڭگو دېھقانلار بانكىسى

---

① ۋاڭ زۇڭپى: «جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى نىشانىسى»، «شىنخۇا» ژۇرنىلىنىڭ 4- توم 5- سانىدىن.

1933 ـ ژىلى ئىش باشلىغان «خۇەن، خۇبېي، ئەنخۇي ۋە جياڭـ
شى دېخانلار بانكىسى» نىڭ 1935 ـ ژىلى نامىنىڭ ئۆزگەرتـ
لىشى بىلەن ھەم جياڭكەيشىنىڭ «باندىتلارنى يوقۇتۇش» باش
قوماندانلىق شتاۋىنىڭ «ئالاھىدە رۇخستى» بىلەن قۇرۇلغان.
دېمەك، «دېخانلار بانكىسى» دەپ ئاتالغان بۇ بانكىنىڭ جۇڭگو
دېخانلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمايلا قالماستىن، بەلكى
ئۇ دېخانلارغا بىۋاسىتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى ئۇرۇش مەيـ
دانىدا قۇرۇلغان. بۇ تېخىمۇ ئاشكارا، ئەڭ قانلىق بولغان ھەم
نەيزىنىڭ ئۇچى ۋە مىلتىقنىڭ ئاغزىغا يۆلۈنۈپ ياشىغان فاشىستـ
لىق ھاكىم مۇتلەقلىقنىڭ فېۋداللىق تۈزۈمنى قوغدىغانلىقىنىڭ
بىۋاسىتە مەھسۇلىدۇر. بۇ بانكىنىڭمۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خۇسۇـ
سي مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.
دېمەك، ئۇنىڭدا چىڭ گوفۇ ـ چىڭ لىفۇ ئائىلىسىنىڭ CC سىستېـ
مىسىدىكىلەر ئاساسىي كۈچكە ئىگە بولۇپ كەلدى، دەسلەپ كۇڭ
شاڭشى دۇڭسىجاڭ بولدى، ئاردىن جياڭكەيشى بىر قېتىم بولدى،
كېيىن كۇڭ شاڭشى بولدى، ھازىر بولسا چىڭ گوفۇ باشچىلىق
قىلىۋاتىدۇ.

مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دېـ
خانلار بانكىسىدىن ئىبارەت بۇ 4 چوڭ بانكا جياڭكەيشى سۇـ
لالىسىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشـ
تا پۇل مۇئامىلىسى بويىچە ھەركەتلىنىدىغان مەركىزىگە ئايلىـ

نىپ قالدى.

مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دېھقانلار بانكىسىدىن ئىبارەت 4 چوڭ بانكىدىن باشقا، يەنە 1929 - يىلى قۇرۇلۇپ، كۆك شاڭشى دۇگىسجاڭ، سۇڭ زىد-لياڭ باش جىڭلى بولغان جۇڭگو مىللىي مال بانكىسى بار؛ 1931-يىلى جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن جۇڭگو بانكىسى ۋە قاتناش بانكىسىدىن پاي قوشۇپ تەشكىل قىلىنغان شىگخۇاۋاستىچىلىك بانكىسىمۇ بار. 1935-يىلى ماي، ئىيۇن ئايلىرىدا، جياڭكەيشى ھوكۇمىتى «جۇڭگو سودا بانكىسى، سىمىن بانكىسى ۋە جۇڭگو ئىگىلىك بانكىسىدىن ئىبارەت 3 چوڭ بانكىنى ئادەملىرىنى يوتكەش ۋە كۈچ بىلەن ياردەم قىلىش يولى بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالدى». جياڭكەيشى ھوكۇمىتى بۇ 3 بانكىدا تىگىشىش ئىشلىرىدا بىر-بىرىنى سىقىش كرىزىسى پەيدا بولغاندا «ياردەم بەردى»، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو سودا بانكىسىنىڭ باش جىڭلىلىقىغا ئىلگىرى مەركىزىي بانكىنىڭ كەسپىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان گۇيىگۇنى، سىمىن بانكىسىنىڭ باش جىڭلىلىقىغا مەركىزىي بانكىنىڭ دايىمىي ھەيئەت ئەزاسى يەچۇ تاگنى، جۇڭگو ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باش جىڭلىلىقىغا مەركىزىي بانكىنىڭ دولەت غەزىنىسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خۇمۇگجانى قويدى. كېيىن جياڭكەيشى ھوكۇمىتى «ھوكۇمەت پېيى» قوشۇش بىلەن «3 بانكىنى ئەمىلىيەتتە

ھۆكۈمەت بانكىسىنىڭ تارمىغىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى». دېمەك، بۇ «ئۇزۇن تارىخقا ھەممەلۇم كۈچكە ئىگە بولغان 2 ـ قاتاردىكى» 3 بانكا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى[①]. 1936 ـ ژىلى، سۇڭ زىۋېن دۇڭسىجاڭ بولۇپ، شاڭگاڭدا يېڭى-ۋاشتىن ئىشقا كىرىشكەن گۇاڭدۇڭ بانكىسى بولسا، سۇڭ زىۋېن ئائىلىسىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە ھەركەت قىلىدىغان مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى.

ژۇقۇرىدىكى بانكىلاردىن مەركىزىي بانكىنىڭ كاپىتالى تا-مامەن «ھۆكۈمەت پېيى»، گۇاڭدۇڭ بانكىسىدا پەقەت «ھۆكۈمەت پېيى» يوق. قالغانلىرى «ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكلەشكەن» دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇلاردا «ھۆكۈمەت پېيى» مۇ، «سودىگەرلەر پېيى» مۇ بار ئىدى. لېكىن، ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، «ھۆكۈمەت پېيى» دېيىلگەن نەرسە جياڭ كەيشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شاڭشى ۋە چېن گوفۇ-چېن لىفۇدىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سۇلالىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، 4 چوڭ ئائىلە يەنە شۇ بانكىلاردىكى «سودىگەرلەر پېيى» دېيىلگەن نەرسىنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى. مەسىلەن، 1935 ـ ژىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ تەشكىلىي ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، دۇڭسىجاڭ سۇڭ زىۋېن ئۇنىڭ

① ئۇچىنچىسىنىڭ «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 33 ـ توم 7 ـ سانىغا بېسىلغان «مىنگونىڭ 24 ـ ژىلىدىكى جۇڭگو بانكىچىلىغى» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.

ئىنىسى سۇڭ زىلياڭ «ھوكۇمەت پىيى» نىڭ ۋەكىلى بولدى.
مالىيە مىنىسترى ھەم مەركىزىي بانكىنىڭ باش مۇدىرى كۇڭ
شاڭشى بولسا «سودىگەرلەر پىيى» نىڭ ۋەكىلى بولدى. 1944-
ژىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ پايچىكلىرى ژىغىنىدىن كېيىن، سۇڭ
زىۋىنمۇ كۇڭ شاڭشىغا ئوخشاشلا «سودىگەرلەر پىيى» نىڭ
ۋەكىلىگە ئايلاندى، لېكىن ئۇنىڭ ئىنىسى سۇڭ زىلياڭ «ھوكۇ-
مەت پىيى» نىڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرۇۋەردى. چېڭ گوفۇمۇ
قاتناش بانكىسى ۋە دېخانلار بانكىسىدا «سودىگەرلەر پىيى»نىڭ
ۋەكىلى دەپ ئاتالدى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ دەللاللىرىغا كەلسەك
ئۇلار بانكىلاردا گايىدا «ھوكۇمەت پىيى» نىڭ ۋەكىلى، گايىدا
«سودىگەرلەر پىيى»نىڭ ۋەكىلى، ياكى بۇ يەردە «ھوكۇمەت پىيى»
نىڭ ۋەكىلى بولغان بولسا، يەنە بىر يەردە «سودىگەرلەر پىيى»نىڭ
ۋەكىلى بولدى. مەسىلەن، سۇڭ زىۋىنىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر-
دىن جۇڭگو بانكىسىنىڭ ھازىرقى باش جىڭلىسىنىڭ ئورۇنبا-
سارى ۋە مەركىزىي بانكىنىڭ زۇڭسىيى بىي زۇيىمۇ جۇڭگو
بانكىسىنىڭ «سودىگەرلەر پىيى» نىڭ ۋەكىلى، چېڭ گو-
فۇنىڭ CC سىستېمىسىدىكىلەردىن جاۋدىخۇا ئىلگىرى قاتناش
بانكىسىنىڭ «ھوكۇمەت پىيى» نىڭ مۇپەتتىشى ئىدى، ئەم-
دىلىكتە بولسا، «سودىگەرلەر پىيى» نىڭ ۋەكىلى بولۇپ
قالدى. قىسقىسى، 4 چوڭ ئائىلە ھەم ھوكۇمەت، ھەم سودىگەر
بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنى قولدىن بەرمىدى. جياڭ كەيشى سۇ-

لالىسى 1935 – ژىلى ئېلان قىلغان «مەركىزىي بانكا قانۇنى» دا، زورۇر تېپىلغاندا «سودىگەرلەر پىيى قوبۇل قىلىنىدۇ» دېيىلگەن، بۇمۇ مەركىزىي بانكىدا 4 چوڭ ئائىلىگە «سودىگەرلەر پىيى» ئۈچۈن ئورۇن ھازىرلاپ قويغانلىق ئىدى.

4 چوڭ ئائىلە بىلەن 4 چوڭ بانكىنىڭ بىرلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتىكى تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا، ئىلگىرى پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە بىرقەدەر ئورنى بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر 4 چوڭ ئائىلىنىڭ قول ئاستىغا ئېلىنىپ، ئۇلارنى مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دېھقانلار بانكىسىدىن ئىبارەت 4 چوڭ بانكىنىڭ قېپىغا كىرگۈزدى، ياكى ئاز – تولا مەنسەپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ ئاشكارا يوسۇندا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى «ھەم ئەمەلدار، ھەم سودىگەر» كىشىلەرگە ئايلاندۇردى. مەسىلەن، جاڭ گۇڭچۈەنىنىڭ جۇڭگو بانكىسىدىكى ئاۋالقى ئورنى سۇڭزىۋېن تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، جياڭ كەيشى سۇلالىسى ئۇنىڭغا بىر ئەمەلدارلىق ۋەزىپە ھەم مەركىزىي بانكىنىڭ زۇڭسىينىڭ ئورۇنباسارلىقىنى بەردى. ئۇدىكچاڭ تۇز ئىشلىرى بانكىسىنىڭ باش جىڭلىسى، شىمالدىكى 4 بانكىنىڭ پۇل ئامانەت ئېلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇمۇ ئەمەلدارلىق خىزمىتىگە تارتىلدى ھەم جۇڭگو بانكىسىنىڭ دۇڭشىسى (باشقارما ئەزاسى) بولدى. شاڭخەي سودا بانكىسىنىڭ باش جىڭلىسى چېن گۇاڭپۇ مەركىزىي بان-

كا ۋە قاتناش بانكىسىنىڭ دۇڭسىلىغىغا تارتىلدى. ئۇ يەنە جۇڭگو بانكىسىنىڭ دائىمىي دۇڭسىسى بولدى، جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى بويىچە دىپلوماتىك ئىشلىرىغا قاتراپمۇ ژۇردى. جېجياڭ ئىگىلىك بانكىسىنىڭ دوڭ-سىجىڭى ھەم جىڭلىسى لى مىڭمۇ جوڭگو بانكىسى ۋە قاتناش بانكىسىنىڭ دۇڭسىسى ھەم مەركىزىي بانكىنىڭ مۇپەتتىشى بولدى ۋە ھاكازا. يەنە بىر تەرەپتىن مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دېخانلار بانكىسىدىكى ئاساسىي كىشىلەر «سودىگەرلەر ئاچقان» دېيىلگەن تۇرلۇك بانكىلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قوشۇمچە ئۇستىگە ئالدى. مەسىلەن، كۇڭ شاڭشى شاڭخەي سودا بانكىسىنىڭ دۇڭسىسى بولدى. بىي زۇيى جېجياڭ ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇپەتتىشى بولدى ۋە باشقىلار.

«ئوتتۇرا دەرىجىلىك بانكا» دەپ ئاتالغان بانكىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دېخانلار بانكىسىدىن ئىبارەت 4 چوڭ بانكا بىلەن ئادەم-لەرنى ئالماشتۇرۇش جەھەتتە شۇنداق بىر مۇناسىۋەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۇردىكى، بۇ يەردە كىشىلەر «ھەم ئەمەلدار، ھەم سودى-گەر» بولدى، ياكى «ئەمەلدار بىلەن سودىگەر ئايرىلمىدى». ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ نۇرغۇن «ئوتتۇرا دەرىجىلىك بانكا» لارمۇ شۇ سەۋەپ بىلەن 4 چوڭ ئائىلە بىلەن 4 چوڭ بانكىغا بېقىندى بولۇپ قالدى. ئادەم ئالماشتۇرۇش دېگەن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇ-

ئاملىسى ساھەسىدە پۇل كۇچى ئۇستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىش ۋە ئۇنى مەركەزلەشتۇرۇش تاناپى دېگەن سوز. بۇنداق تاناپلار بىرلىشىپ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇتۇن مەملىكەت بويىچە پۇل مۇئامىلىسىدىكى ھوكۇمرانلىق تورىغا ئايلاندى.

2) پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى مونوپولىيىنىڭ ئورنى ۋە بايلىقنىڭ مەركەزلىشىش سۇرئىتى

ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشقا قەدەر، ئەملىيەتتە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بىۋاسىتە ئىدارىسىدا بولۇپ كەلگەن، ھەم كۇڭ شاڭشى باشچىلىق قىلغان مەركىزىي بانكا ۋە سۇڭ زىۋېن باشچىلىق قىلغان جۇڭگو بانكىسى باشچىلىقىدىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە مونوپولىيە سىستېمىسىنى «شىڭ-باۋ» ژۇرنىلىنىڭ توۋەندىكى 2 جەدۋەلدىن كورۇش مۇمكىن: ① (52- بەتتىكى جەدۋەلگە قارالسۇن)

جەدۋەلدىكى سودا- سانائەتكە مۇناسىۋەتلىك تەشكىللەر توغرىسىدا بۇ يەردە ۋاختىنچە توختالمايمەن. ئەمدى 1937- يىلىدىكى «مەملىكەتتىكى بانكىلارنىڭ يىل نامىسى»گە ئاساسەن، نەخ كىرىم بولغان كاپىتال، ئۇمۇمىي مەبلەغ، ئامانەت پۇللار، تارقىتىلغان تېگىشلىكلىكى بولىدىغان چەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ساپ

① ۋاڭ زۇڭپېي: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى»، «شىڭباۋ» ژۇرنىلىنىڭ 2- توم 23- سانىدىن.

- مەركىزي بانكا
  - جۇڭگو مىللىي مال بانكىسى
  - جۇڭگو دېخانلار بانكىسى
  - قاتناش بانكىسى
  - مەركىزي ۋاستىچىلىك ئىدارىسى
    - چۇجاڭ پىرىستانى
    - مەركىزي پۇل ئامانەت ئېلىش ھەيئىتى
    - كەندىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى
  - سىمىن بانكىسى
    - سىمىن پۇل ئامانەت ئېلىش ھەيئىتى
    - سىمىن ستراخوۋانىيە شىركىتى
  - جۇڭگو ئىگىلىك بانكىسى — يۇگىنىك ستراخوۋانىيە شىركىتى
  - جۇڭگو سودا بانكىسى — خۇاشىك ستراخوۋانىيە شىركىتى

- مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت
  - شىنخۇا بانكىسى — بوخەي خىمىيە سانائىتى شىركىتى
  - گۇاڭدۇڭ بانكىسى
  - جۇڭگو ستراخوۋانىيە شىركىتى
  - جۇڭگو پاختىچىلىق شىركىتى — خىگفىڭ جۇگجى توقۇمىچىلىق يىپكى ئىدارىسى

جۇڭگو بانكىسى ــ

ــ نەنياڭ ئاغا ــ ئىنىلەر تاماكا شىركىتى

ــ جەنۇبىي جۇڭگو گۈرۈچچىلىك شىركىتى

ــ جۇڭگو مىللىي ماللار بىرلەشمە شىركىتى ــ پاي-
تەخت مىللىي ماللار شىركىتى

ــ خىڭجۇڭ توقۇمىچىلىق شىركىتى

ــ ياڭجىزى ئېلېكتىر شىركىتى { پايتەخت ئېلېكترستانسىيىسى
چىشۇيەن ئېلېكترستانسىيىسى

ــ خۇەينەن كان ــ يول شىركىتى { خۇەينەن كومۇر كېنى
خۇەينەن تومۇر يولى

جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكا ــ شىركىتى

ــ سىچۇەن ــ گۈيجۇ تومۇر يولى ئالاھىدە شىركىتى

پايدىسىدىن 4 چوڭ ئائىلە بىۋاسىتە ئىدارە قىلغان 4 چوڭ بانكى-
نىڭ مەملىكەت بويىچە 164 بانكا ئىچىدە ئىگىلىگەن ئورنى:
قاراپ باقايلى. جەدۋەل تۆۋەندىكىچە:

مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دىخانلار بانكىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى بانكىلار بويىچە ئىگەللىگەن ئورنى

		1934 - ژىلى	1935 - ژىلى	1936 - ژىلى
نەق كاپىتالى	ھەقىقىي سانى (يۈەن ھېساۋىدا)	136,715,650	166,915,750	167,500,000
	كورسەتكۈچى	100	122	123
	مەملىكەتتىكى بانكىلار بويىچە تۇتقان نىسبىتى	40%	45%	42%
ئومۇمىي مەبلىغى	ھەقىقىي سانى (يۈەن ھېساۋىدا)	1,904,930,406	3,072,686,046	4,288,150,128
	كورسەتكۈچى	100	161	225
	مەملىكەتتىكى بانكىلار بويىچە تۇتقان نىسبىتى	44%	56%	59%
ئامانەت پۇللار	ھەقىقىي سانى (يۈەن ھېساۋىدا)	1,267,514,962	2,106,260,976	2,676,366,658
	كورسەتكۈچى	100	166	211
	مەملىكەتتىكى بانكىلار بويىچە تۇتقان نىسبىتى	42%	56%	59%
تارقىتىلىدىغان چەكلەر	ھەقىقىي سانى (يۈەن ھېساۋىدا)	408,937,936	676,841,045	1,270,221,400
	كورسەتكۈچى	100	166	311
	مەملىكەتتىكى بانكىلار بويىچە تۇتقان نىسبىتى	66%	78%	78%
ساپ پايدا	ھەقىقىي سانى (يۈەن ھېساۋىدا)	17,959,326	14,537,622	21,998,020
	كورسەتكۈچى	100	81	122
	مەملىكەتتىكى بانكىلار بويىچە تۇتقان نىسبىتى	45%	39%	44%

ژۇقۇرىدىكى جەدۋەلدىن قارىغاندا، مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دىخانلار بانكىسىنىڭ 1936-يىلدا ھەقىقىي كىرىم قىلغان كاپىتالى پۈتۈن مەملىكەتتىكى بانكىلارنىڭ ھەقىقىي كىرىم قىلغان كاپىتالىنىڭ 42%ىنى تەشكىل قىلغان (ئەگەر جۇڭگو سودا بانكىسى، سىمىن بانكىسى، جۇڭگو ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو مىللىي ماللار بانكىسى، شىنخۇا بانكىسى ۋە گۇاڭدۇڭ بانكىسىنى قوشقاندا 47%نى تەشكىل قىلىدۇ)؛ ئۇمۇمىي مەبلىغى 59%نى تەشكىل قىلغان (ئەگەر شاڭخەيدىكى جۇڭگو مىللىي ماللىرى بانكىسى، شىنخۇا بانكىسى ۋە گۇاڭدۇڭ بانكىسىنى قوشقاندا — باشقا بانكىلارنىڭ ماتېريالى يوق — 61%نى تەشكىل قىلىدۇ)؛ ئامانەت پۇللار 59% نى تەشكىل قىلغان (يەنە ژۇقۇرىدىكى 3 بانكىنى قوشقاندا 61%نى تەشكىل قىلىدۇ)؛ 4 بانكا تەرىپىدىن تارقىتىلغان تېگىشكىلى بولۇدىغان چەكلەر 87%نى، ساپ پايدا 44%نى تەشكىل قىلغان، ئەگەر يەنە 4 چوڭ ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك بانكىلارنى قوشقاندا، ژۇقۇرىدىكى نىسبەت تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. بۇنىڭدىن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىدارىسىدىكى مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دىخانلار بانكىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى مونوپولىيىلىك ئورنى ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدۇ.

4 بانكىدا بايلىقنىڭ مەركەزلىشىشى سۈرئىتىمۇ ژۇقۇرى-

دىكى جەدۋەلدىن كورۇش مۇمكىن. 1934 ـ ژىلدىكى ئۇمۇمىي
مەبلەغنىڭ كورسەتكۇچىنى 100 قىلغاندا، 1935 ـ ژىلى 4 بانكـ
نىڭ 161، ئولكىلىك، شەھەرلىك بانكىلارنىڭ بولسا 116 بولـ
دى، مەملىكەت بويىچە باشقا ھەرخىل بانكىلارنىڭ 100 دىن
84گە چۇشۇپ قالدى؛ 1936 ـ ژىلى4 بانكىنىڭ 225، ئولكىلىك،
شەھەرلىك بانكىلارنىڭ 290 بولدى، باشقا ھەرخىل بانكىلار-
نىڭ بولسا 100دە چەكلىنىپ قىلىنۋەدى. 1934 ـ ژىلدىكى ئاماـ
نەت پۇللارنىڭ كورسەتكۇچىنى 100 قىلغاندا، 1935 ـ ژىلى
4 بانكىنىڭ 166، ئولكىلىك، شەھەرلىك بانكىلارنىڭ 171 بولـ
دى، باشقا ھەرخىل بانكىلارنىڭ بولسا 87گە چۇشۇپ قالدى؛
1936 ـ ژىلى 4 بانكىنىڭ 211، ئولكىلىك، شەھەرلىك بانكىلار-
نىڭ 209 بولدى، باشقا بانكىلارنىڭ بولسا 98گە چۇشۇپ
قالدى. 1934 ـ ژىلى تارقىتىلغان تىگىشكىلى بولۇدىغان چەكلەرنىڭ
كورسەتكۇچىنى 100 قىلغاندا، 1935 ـ ژىلى 4 بانكىنىڭ 166،
ئولكىلىك، شەھەرلىك بانكىلارنىڭ 189 بولدى، باشقا بانكىلار-
نىڭ بولسا 58گە چۇشۇپ قالدى؛ 1936 ـ ژىلى 4بانكىنىڭ 311،
ئولكىلىك، شەھەرلىك بانكىلارنىڭ 457 بولدى، باشقا بانكىلار-
نىڭ بولسا 67 بولدى. دېمەك، 4 چوڭ ئائىلىنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان
بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ بايلىغى تېز كوپەيدى، 4 چوڭ ئائىلە
سىستېمىسىگە كىرمەيدىغان باشقا بانكىلارنىڭ تۇتقان ئورنى
بولسا بارا ـ بارا توۋەنلىشىپ كەتتى.

لېكىن، 4 چوڭ ئائىلىگە بايلىقنىڭ قانچىلىك تېز سۈرئەت بىلەن مەركەزلەشكەنلىكىنى تەپسىلىي بىلەيلى دېسەك، ئەڭ ياخشىسى مەركىزىي بانكىنىڭ ئۇمۇمىي مەبلىغى، ئامانەت پۇلى، تارقاتقان تېگىشلىك بولۇدىغان چەكلىرى ۋە ساپ پايدىسىنىڭ 1928 - ژىلىدىن باشلاپ ھەر ژىللىق ئۆسۈش سۈرئىتىگە ئالاھىدە قاراپ چىقىشىمىز كېرەك. ھازىر ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا قولۇمدىكى بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۇنى جەدۋەل بىلەن تۈۋەندىكىچە كورسۈتىمەن (58 - بەتتىكى جەدۋەلگە قارالسۇن):

بۇ، يەردە تارىخىي فاكتلارنى سېلىشتۇرۇپ ئوتەيلى.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ تەتقىقات بولۇمى مەملىكەت بويىچە 27 ئورۇندىكى ئەڭ مۇھىم بانكىنىڭ 1921 - ژىلىدىن 1931 - ژىلىغىچە قىلغان تىجارىتىنىڭ ستاتىستىكىسى ۋە دوكلادىنى② ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ 27 بانكىدىن مەركىزىي بانكا، گوخۇا بانكىسى ۋە بوز يەر بانكىسى 1928- ژىلىدىن كېيىن قۇرۇلغاندىن باشقا،

---

① يەن شۇاڭ: «مەركىزىي بانكىنىڭ ئىلگىرلىشى ۋە بانكا تۈزۈمىنىڭ كەلگۈسى» - «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 30- توم، 14- سانىدىن. يەنە ۋاڭ ۋېيىڭ: «جۇڭگو بانكىلىرىنىڭ يېقىنقى 2 ژىلدىن بۇيانقى كەسپىي ئىشلىرى» - «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 32 - توم، 15 - سانىدىن.

② بۇ نەقىل «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 30 - توم، 21- سانىدىكى «جۇڭگو بانكىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى» دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى.

مەركىزىي بانكىنىڭ 1928-ژىلىدىن باشلاپ 1936-ژىلغىچە ئۆسۈش سۈرئىتى[1]

(يۈەن ھېساۋىدا)

ژىلى	ئۇمۇمىي مەبلىغى		ئامانەت پۇللار		ئارقاق چەكلەر		ساپ پايدىسى	
	ھەقىقىي سانى	كورسەتكۈچى	ھەقىقىي سانى	كورسەتكۈچى	ھەقىقىي سانى	كورسەتكۈچى	ھەقىقىي سانى	كورسەتكۈچى
1928	47،470،796	100	15،410،468	100	11،712،923	100	239،360	100
1929	86،869،794	183	39،984،707	259	15،379،292	131	1،692،683	707
1930	124،336،245	262	66،042،175	429	22،669،228	194	2،726،341	1139
1931	145،321،820	306	89،750،920	582	25،173،349	215	4،870،404	2035
1932	216،424،748	456	133،803،743	868	35،160،996	300	6،468،475	2702
1933	363،561،179	765	244،678،864	1581	71،063،301	607	10،724،245	4480
1934	478،240،246	1007	272،592،827	1768	86،048،617	735	14،821،505	6108
1935	931،542،769	1962	634،000،095	4114	179،923،546	1536	9،048،340	3780
1936	1،231،236،273	2594	757،043،176	4912	340،375،372	2906	17،095،868	7145

قالغان 24 بانكا 1927 ـ ژىلدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان. بۇ 24 «ئەڭ مۇھىم بانكا» نىڭ 1921ـ ژىلدىكى ئۇمۇمىي مەبلىغى 759 مىللىون 254 مىڭ 117 يۇەن ئىدى، 1927 ـ ژىلىغا يەتكەندە 1 مىللىارت 462 مىللىون 98 مىڭ 581 يۇەنگە كۆپەيدى، 1921 ـ ژىلىنىڭ كورسەتكۇچىنى 100 قىلغاندا، 1927 ـ ژىلى 192،57 گە يەتتى. لېكىن بىرلا مەركىزىي بانكىنىڭ 1928 ـ ژىلدىن 1936 ـ ژىلغىچە بولغان بۇ 9 ژىل ئىچىدە توپلىغان مەبلىغى بىلەن ئۇنىڭ ئۇمۇمىي مەبلىغى 1مىللىارد 231 مىللىون 236 مىڭ 273 يۇەنگە يەتتى، يەنى 4 چوڭ ئائىلە شىمال مىللىتارىستلىرى ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئورنىنى بېسىشتىن ئىلگىركى مەملىكەت بويىچە 24 مۇھىم بانكىنىڭ ئۇمۇمىي مەبلىغىغە يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كورسەتكۇچى 100 دىن 2594گە يەتتى.

24 مۇھىم بانكىدا قويۇلغان ئامانەت پۇل 1921 ـ ژىلى 496 مىللىون 897 مىڭ 41 يۇەن ئىدى، 1927 ـ ژىلغا يەتكەندە 976 مىللىون 122 مىڭ 496 يۇەنگە كوپەيدى. 1921 ـ ژىلىنىڭ كورسەتكۇچىنى 100 قىلغاندا، 1927 ـ ژىلى 196،41 گە يەتتى. لېكىن، بىرلا مەركىزىي بانكىنىڭ 1936 ـ ژىللىق ئامانەت پۇلى 757 مىللىون 43 مىڭ 176 يۇەنگە يېتىپ، ئۇنىڭ كورسەتكۇچى 1936ـ ژىلى 1928 ـ ژىلىدىكى 100 دىن 4912 گە ئوستى.

24 مۇھىم بانكىنىڭ تارقاتقان تىگىشكىلى بولۇددىغان چېكى 1921 ـ ژىلى 102مىللىون 751 مىڭ 362 يۇەن ئىدى، 1927 ـ

ژىلىغا يەتكەندە 278 مىللىون 730 مىڭ 410 يۈەنگە كۆپەيـدى. 1921 - ژىلىنىڭ كورسەتـكۈچـىنى 100 قىلـغاندا، 1927 - ژىلى 271،17 گە ئۆستى. لېكىن، بىرلا مەركـىزىي بانكا 1936 - ژىلى تارقاتقان تىگىشكىلى بولۇدىغان چەكنىڭ ئۇمۇمىي سوممىسى 24 بانكىنىڭ 1927 - ژىلدىكى ئۇمۇمىي ساندىن ئېشىپ، 340 مىللىون 375 مىڭ 372 يۈەنگە يەتتى، ئۇنىڭ كورسەتكۈچى 1936 - ژىلى 1928 - ژىلدىكى 100 دىن 2906 غا ئۆستى.

24 مۇھىم بانكىنىڭ 1921 - ژىللىق ساپ پايدىسى 13 مىللىون 254 مىڭ 445 يۈەن، كورسەتكۈچى 100 ئىدى، 1926 - ژىـلغا يەتـكەندە ساپ پايدىسى 16 مىللىون 914 مىڭ 797 يۈەن، كورسەتكۈچى 62،127 بولدى، 1927 - ژىلى بولسا ساپ پايدىسى 11 مىللىون 422 مىڭ يۈەنگە، كورسەتكۈچى 33،86 كە چـۈشۈپ قالدى. لېكىن بىرلا مەركىزىي بانكىنىڭ ساپ پايدىسى 1936 - ژىلى 17 مىللىون 95 مىڭ 868 يۈەنگە يېتىپ، 24 بانكىنىڭ 1926 - ژىلـ دىكى ئۇمۇمىي پايدىسىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ كورسەتكۈچى بولسا، 1936 - ژىلـى 1928 - ژىلدىكى 100 دىن 7145 كە ئۆستى.

ئەندى قاراپ باقايلى! 4 چوڭ ئائىلىنىڭ زوراۋانلىق بىلەن بېيىش ۋە مونوپولىيىلىك خاراكتېرىنى ئۇلارنىڭ قان شورىغۇچ مەركـىزى بولغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىـنىڭ بۇ رەقەمـلىرى ئەكىس ئەتتۇرۇپ بەرمەمدۇ؟ (بۇ ئۇمۇمىي ئىنكاس بولماستىن، بەلكى ئىنكاسلارنىڭ پەقەت بىرلا خىلىدۇر، ئەلۋەتتە).

4 بانكا ــ خۇسۇسەن «مەركىزىي بانكا» ــ جياڭكەيشى سۇلالە-
سىنىڭ «دولەت بانكىسى» ياكى «بانكىلارنىڭ بانكىسى» بول-
غىنى ئۈچۈن، ئۇ قانداقتۇ ئالاھىدە تىجارەت قىلغانلىقتىن ۋە
بۇنداق تىجارىتى كومپرادورلۇق خاراكتېرگىمۇ، فېوداللىق خاراك-
تېرگىمۇ ئىگە بولمىغانلىقتىن ھەددىدىن زىيادە بېيىدىمۇ؟ ئۇنداق
ئەمەس. بۇندىن خېلى ئىلگىرى بەزى ئاۋتورلار ئوزىنىڭ ئۆزە
قاراشلىرى بويىچە توۋەندىكى فاكتلارنى ئۈزلۈكسىز كورسۇتۇپ
ئوتكەن ئىدى:

«ئاتىلىشتا پالانى بانكا، پۇستانى بانكا دېگەن پەرقلەر بولسى-
مۇ، ئەمىلىيەتتە بانكىلارنىڭ قىلغان تىجارىتى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟».①

«ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى مەركىزىي بانكىلارنىڭ ئادىتى...
ئادەتتىكى بانكىلار بىلەن ئامانەت قويۇلۇدىغان پۇلنى تالاشمايدۇ...
... مەركىزىي بانكىنىڭ پۇل ئامانەت ئېلىش كەسپى ھەقىقەتەن
خېلى تەرەققى قىلدى ...... ئەگەر ئۇنىڭ پۇل ئامانەت ئېلىش
كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ژۇقۇرى پايدا سەۋەپچى بولغان بولسا، بۇ
غەيرىي تەبىي سىياسەت بولۇدۇ».

«خەلق ئىگىلىگىنىڭ ۋەيرانچىلىقى چېكىگە يەتتى، بانكىلارنىڭ
قەغەز پۇللىرى ھەدەپ بانكىغا يېنىپ كىرىۋاتىدۇ، لېكىن مەركىزىي
بانكا تەرىپىدىن تارقىتىلغان تېگىشلىك بولۇدىغان چەكلەرنىڭلا ئو-
بوروت سانى بۇنىڭ ئەكسىچە كوپەيمەكتە. بۇ ئادەتتىكى ئەھۋالغا

---

① ياۋچىڭسەن: «جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە مەسىلىسىنى ئەسلەش ۋە
كەلگۈسىدىن ئۈمىت» ــ «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 30 ــ توم، 4 ــ سانىدىن.

مۇۋاپىق كەلمەيدۇ».

«ھازىر مەركىزىي بانكىنىڭ كاپىتالى مەخسۇسلا دۆلەت غەزىنىسى ئۈچۈن چىقىم قىلىنىۋاتسا، يەنە كوپلەپ چىقىرىلغان ھۆكۈمەتنىڭ تىپـ گىشكىلى بولۇدىغان چەكلىرى نىمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟».

«مەركىزىي بانكا...... پايدا ئېلىشنى مەخسەت قىلماسلىقى كېرەك ......مەركىزىي بانكىنىڭ ساپ پايدىسىنىڭ كوپەيگەنلىگى...... ئۇنىڭ ساغلام تەرەققى قىلغانلىغىنى تولۇق كۆرسۇتۇپ بېرەلمەيدۇ ......».①

«...... ھەممە ئىش رىۋاجلىنالماي، ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيرانچىـ لىققا ئۇچرىسا، يالغۇزلا بانكا گۈللۈنۈۋاتىدۇ. شاڭخەيدىكى بانكىلارـ نىڭ 22 ـ ژىللىق (1933 ـ ژىلى) ئاتچوت پايدىسىدىن مەركىزىي بانكا كوپ پايدىغا، يەنى 12 مىللىون يۈەنگە، قالغان كىچىك بانكـ لارمۇ ئاز دىگەندە 50 ـ 60مىڭ يۈەنگە ئىگە بولدى، بۇنداق پايدىـ نىڭ مەنبىسىنى تەكشۇرۇدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن بانـ كىلار زايوم تىجارىتى قىلغان دىگەندىن باشقا تەبىر بېرىش مۇمكىن ئەمەس».②

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىدارىسىدىكى مەركىزىي بانكىنىڭ ۋە باشقا «دۆلەت بانكىسى» دېيىلگەن بانـ كىلارنىڭ كەسپىي ئىشلىرى، باشقا كومپرادورلۇق، فېودالىق

① يەن شۇاڭ: «مەركىزىي بانكىنىڭ ئىلگىرلىشى ۋە بانكا تۈزۈمىنىڭ كەلگۈسى» ـ «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 30 ـ توم، 14 ـ سانىدىن.

② يەزوجو: «جۇڭگو پۇل مۇئامىلىسىنىڭ كرىزىسى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى مەسىلىسى» ـ «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 31 ـ توم، 6 ـ سانىدىن.

خاراكتېردىكى بانكىلارنىڭ كەسپىي ئىشلىرىدىن خاراكتېر جە-
ھەتتە پەرقلەنمەيدىغانلىغىنى، يەنى ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئادەت-
تىكى كاپىتالىستىك خاراكتېردە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مەركەز-
لەشكەن فېوداللىق ۋە كومپرادورلۇق خاراكتېردە ئىكەنلىكىنى؛
ئۇنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئىگىلىگى ۋە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققى
قىلغانلىغىنى ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە خەلق ئىگىلىگىنىڭ ۋەي-
ران بولغانلىغىنى ۋە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققى قىلالمىغانلىغىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىدارىسىدىكى
بانكىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بايلىغىنى ناھايىتى تېز سۈرئەت
بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ، 4 چوڭ ئائىلەسىستېمىسىغا كىرمەيدى-
غان بانكىلارنى بېسىپ چۈشەلىشىنىڭ روشەن سەۋەۋى شۇكى،
جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ فېودال، كومپرادور ۋە فاشىستلىق
ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىق كۈچى بۇنىڭدا ئالاھىدە رول ئوينى-
دى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەددىدىن ئارتۇق بايلىغى ئەلۋەتتە
خەلقتىن كەلگەن، لېكىن ئەڭ مۇھىمى باشقا بانكىلارنىڭكىگە
ئوخشاشلا ژۇقۇرقى باپتا كورسۇتۇلگەندەك يېرىم فېودالىق ۋە
يېرىم مۇستەملىكىلىك تۇزۇمنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى دىخانلاردىن
كەلگەن: «مەملىكىتىمىزدىكى دىخانلار پۈتۈن ئاھالىنىڭ 85%ىدىن
كوپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر قانداق ئىش دىخانلار
ئاممىسى ئاساسىغا قورۇلماي مۇمكىن ئەمەس. ۋاھالەنكى، پۇل
مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ خۇددى سىماپتەك غىرىلداپ كىرمەيدىغان

يېرى يوق ئەمەسمۇ؟».[1]

3) «فابى»[2] پۇلى فېودالىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي زورلۇق - بۇلاڭچىلىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ

«فابى» پۇلى سىياسىتى 4 چوڭ فېودال، كومپرادور ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە مونوپولىيىنى تېخىمۇ تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى ناھايىتى مۇھىم، ھەتتا ھەل

① شۈي باۋخې: «بانكىلارنىڭ يېقىنقى ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بەرگەن تەسىرى» - «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 31 - توم، 6 - سانىدىن.

② فابى (法币) بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى يول بىلەن بەلگىلىگەن ئاقچىسى. قاتتىق پۇل ئىشلىتىشنى يولغا قويغان دۆلەتلەردە ئاقچىنىڭ بىرلىكى، تۈرى، ئېغىرلىقى، تەركىۋى، پەرقى، قۇيۇلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مۇتلەق بىرلەشتۈرۈلىدۇ. قاتتىق پۇلنى قۇيۇش ئىشى كوپۇنچە دۆلەت ئىلكىدە بولىدۇ. ۋە بۇ قانۇنى يول بىلەن بەلگىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ پۇل «فابى» (قانۇنى پۇل) دەپ ئاتىلىدۇ. «فابى» رەسمى فابى ۋە قوشۇمچە فابى دەپ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى جياڭكەيشى ھوكۇمىتى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە «فابى» دەپ ئاتالغان نەرسە مەخسۇس مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى قاتناش بانكىسى، ۋە دېخانلار بانكىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان قەغەز ئاقچىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ خەلقنى ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىش قورالى ئىدى.

قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە تەدبىردۇر. «فابى» پۇلى سىياستى

4 چوڭ ئائىلىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بايلىقىنى تېخىمۇ

دەھشەتلىك يوللار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

قىلدى، جۈملىدىن جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدىكى

پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەرنى ئۆزىگە قاراتتى، «فابى» پۇلىنى

تارقاتقان جياڭكەيشى ھوكۇمىتى ــ فېوداللىق ئېكسپلوئاتاتسىيىنى

ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە

قىلىدىغان ۋە مۇشۇ تۈزۈم ئاساسىدا خەلقىنىڭ قېنىنى شورايدىغان،

شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ مالىيە تۈزۈمىنى ئورناتقان، خەلقتىن

چەكسىز نەرسە ئالىدىغان، ئەمما خەلققە ھەرگىز قىلچە نەرسە

بەرمەيدىغان، دىخانلارنىڭ ئازاتلىغىنى بارلىق ۋەھشى يوللار

بىلەن بوغۇدىغان ۋە دېموكراتىيىگە قارشى تۇرۇدىغان ئېپلاس

ھوكۇمەتدۇر؛ بۇنداق «فابى» پۇلىنىڭ تارقىتىلىشى چوڭ پومېش-

شىك ۋە چوڭ كومپرادورلار دىخانلارنى فېوداللىق يوللار

بىلەن ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە خەلق ئىگىلىگىنىڭ

تەرەققىياتىنى بوغۇدىغان ئىجتىمائىي ئاساسقا قۇرۇلغان. «فابى»

پۇلى چوڭ پومېششىك ۋە چوڭ كومپرادورلارنىڭ ــ بولۇپمۇ

4 چوڭ ئائىلىنىڭ خەلقنى ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىدىغان،

شۇنىڭدەك دىخانلارنى ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىدىغان بىر خىل

قورالىدۇر. ئۇنىڭ تارقىتىلغانلىغى جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ

ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى خەلقنىڭ مۇھتاجلىغىنىڭ كۆپەيگەن

لىگىنى، تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ يامانلاشقانلىغىنى، ھەم بۇنداق ئېغىرچىلىقلار ئاساسەن يەنە فېودالىزم زۇلمى ئاستىدىكى دىخانلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىگىنى كۆرسۈتۇدۇ. شۇڭا، بۇ «فابى» پۇلى فېودالىزم بۇلاڭچىلىغى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىمپېرىيالىست بايلىرىنىڭ ياردىمى بولمىسا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق «فابي» پۇلى سىياسىتىنى ژۈرگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش ئىختىسادىي مەسلىھەتچىسى لېيس روس 1935 - ژىلى جياڭكەيشى ھۆكۈمىتىگە شۇنداق سىياسەتنى ژۈرگۈزۈش تەكلىۋىنى قويدى. ئۇ شۇ ژىلى سېنتەبردە ياپونىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن ئىدى. «شۇۋاختتا سوزلىگەنلەر: يېقىنقى 10 ژىلدىن بۇيان جۇڭگوغا كەلگەن كىشلەرنىڭ ئىچىدە لېيس روسنىڭ ۋەزىپىسى ئەڭ زور، دېگەن». شۇ ژىلى 3 - نويابىردا جياڭكەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيەمىنىستىرى كۇڭشاڭشى ئەنگلىيە ئەلچىسى كادوگەن ۋە لېيس روسلار بىلەن كورۇشكەندىن كېيىن، شۇ كۇنى كەچ سائەت 11 دە «پۇل ئىسلاھاتى بۇيرۇغى» نى جاكالاپ، مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى ۋە قاتناش بانكىسى تارقاتقان قەغەز پۇللار «فابى» بولۇدۇ، ھەم «كومۇش دولەت ئىختىيارىغا ئېلىنىدۇ» دەپ بەلگىلىدى. جياڭكەيشىنىڭ «دولىتى» 4 چوڭ ئائىلىنىڭ دولىتى ئىكەن، ئۇخەلققە قارشى ئىكەن، ئۇنىڭ «كومۇشنى دولەت ئىختىيارىغا ئېلىش» دېگىنى پۇتۇن مەملىكەت

خەلقىنىڭ قان ـ تەرلىرىنىڭ بۇكرىستالىنى مەركەزلەشتۇرۇپ، جياڭكەيشى سۇلالىسى ۋە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي مۇلكىگە ئايلاندۇرۇش دېمەكدۇر. 4 ـ نويابىر كۈنى ئەتىسىگە ئەنگلىيە ئەلچىسىمۇ بۇيرۇق چىقىرىپ، جۇڭگودا مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان ئىنگلىزلەرگە جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغىغا بويسۇنۇشنى تاپىلىدى. دېمەك، جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ بۇنداق «پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى» نى ژۇرگۈزۈشنى ۋە كومۇشنى مەركەزلەشتۇرۇشنى جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان، ھەم ئەمەلىيەتتە جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە جەھەتتە تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان چەتئەل بانكىسى ـ ئالدى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ شۇۋاختىتا جۇڭگودا تۇرغان بايلىرى پىلانلىدى، قارار قىلدى ۋە قوللىدى. جياڭكەيشى ھوكۇمىتى فېودال، كومپرادورلۇق ئىختىسادىي تۈزۈم ئاساسىغا، يەنى خەلق ئىگىلىگى تەرەققىياتىغا تامامەن زىيىت بولغان پارازىت تۈزۈم ۋە خەلققە قارشى ھەربىي تۈزۈم ئاساسىغا قۇرۇلغاشقا، ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە يېتىم بولۇپ قېلىشى، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ۋە ياردىمىگە ئىگە بولالماسلىقى، ئۇنىڭ سىياسىتى بولسا، چەتئەل پۇل خوجايىنلىرىنىڭ قارار قىلىشى ۋە قوللىشىغا يولۇنۇشكەمەھكۇم بولۇشى تەبىي ئىدى. لېكىن، جياڭكەيشى ھوكۇمىتى ژۇقۇرىدىكىلەرنىڭ بەدىلى ئۇچۇن ئەنگلىيىگە نىمە بەردى؟ جۇڭگو پۇلىنى فونت ستېرلىنگنىڭ بىر ئەزاسى قىلىپ بەردى.

جياڭكەيشى ھوكۇمىتى چەت بىلەن بولۇدىغان پۇل پېرېۋود ئىشلىرىدا بىريوەن جۇڭگو پۇلى فونت ستېرلىنگنىڭ 1 شىللىنگ 5،2 پېنىسىغا سۇندۇرۇلۇدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇنداق قىلىپ «فابى» پۇلىنى فونت ستېرلىنگغا باغلىدى. تاشقى پېرېۋودنى ئاساس قىلىش، ۋەكىللىك قىلىدىغان قىممىتىنىڭ تاشقى پېرېۋودقا باغلىق بولۇشى «فابى» پۇلىنىڭ كومپرادورلۇق خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇنداق، دېمەك، بۇ «فابى» پۇلىنىڭ خاراكتېرى كومپرادورلۇق، بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ پۇل ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى جياڭ كەيشى ھوكۇمىتىنىڭ «فابى» پۇل سىياسىتى بىلەن «قانۇنىي» نەرسىگە ئايلاندى.

4 چوڭ ئائىلە ئەنگلىيىنىڭ ياردىمىگە يۆلەنگەندىن باشقا، ئامېرىكىغا بايلىرىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھەر قانچە چىقىملارنىڭ بولۇشىغا قارىماي، جۇڭگو خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ ژىلدىن بۇيانقى قان-تەرلىرىنىڭ كرىستالى بولغان كۈمۈشنى ئامېرىكىغا «قانۇنىي» يول بىلەن كۆپلەپ توشىدى. تۆۋەندە ھوكۇمەت مەتبۇئاتىنىڭ تارىخنى ئەسلەپ يازغان مۇنۇ سۆزلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«... ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، يېڭى پۇل تۈزۈمى ئاستىدا، پۇل پېرېۋودىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چەتئەل

پۇللىرىنى كۆپلەپ ھازىرلاشقا توغرى كەلدى. شۇڭا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئامېرىكىنىڭ مالىيە مىنىسترلىگى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شۇ ۋاختىنىڭ كۈمۈش باھاسى بويىچە ھەربىر ئۇنسىيە ① كۈمۈشنى 65 فۇڭدىن توختۇتۇپ ئامېرىكىغا 50 مىللىون ئۇنسىيە كۈمۈش سېتىپ بېرىش بىلەن نۇرغۇن چەتئەل پۇلىغا ئىگە بولدى. بۇنىڭغا سۇڭ زىۋېن جۇڭگو بانكىسى توغرىسىدىكى دوكلادىدا ئىزاھات بېرىپ ئۆتتى ...... ئارقىدىنلا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا تېخىمۇ ئەمەلىي كېلىشىم تۈزۈشۈپ، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ مەركىزىي بانكىسىدىن كۆپلەپ كۈمۈش سېتىۋالىدىغان بولدى. شۇڭا، يېرىم ئاي ئىچىدە مەملىكىتىمىزدىن ئامېرىكىغا توشۇلغان كۈمۈشنىڭ قىممىتى 46 مىللىون يۈەنگە يەتتى. مانا بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە بانكىلىرىنىڭ ئامېرىكا مالىيە مىنىسترلىگى بىلەن كېلىشىم قىلىشقاندىن كېيىنكى نەتىجىدۇر.»

خەلقنى شىلىش ۋە چەتئەللىكە سوغا تەقدىم قىلىش ئىشى ئەۋج ئالدى، ھەم سوغا تەقدىم قىلىش 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خەلقنى شىلىشتىكى مۇھىم قورالى بولغان «فابى» پۇلىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولدى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيالىزمى جۇڭگودا ئىلگىرى تولۇق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىدى، لېكىن ئامېرىكا بايلىرىنىڭ بېسىمى ئاخىرى بىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇڭا، ئامېرىكا دوللىرى بىلەن فونت ستېرلىنگ چاپسانلا جىياڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ «فابى» پۇلىنىڭ ھۆكۈمـ

---

① ئۇنسىيە ـ بەزى مەملىكەتلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. 29، 86 گرامغا توغرى كېلىدۇ ـ ت.

رانلىق ئورنىدىن ھالاۋەتكە تەك ئورناق بولۇشتى. شۇنىڭدەك ئامېرىكا دوللىرى تېخىمۇ نۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولدى، ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرلىرىدە بولسا ئامېرىكا دوللىرى بارا ـ بارا «فابى» پۇلى بويىچە مونوپولىيە-لىك ھوكۇمران ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. ھازىر «فابى» پۇلىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئامېرىكا دوللىرى ئىدارە قىلىدىغان بولدى. 4 چوك ئائىلىگە تامامەن ئامېرىكا بايلىرى خوجايىنلىق قىلىدىغان بولدى.

جياڭ كەيشى ھوكۇمىتى ئۆز ئىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كوپىيۇۋاتقان ھەربىي چىقىمىنى قامداش ئۈچۈن، «فابى» پۇلى سىياسىتىدىن پايدىلاندى. دېمەك، «فابى» پۇلىنىڭ تارقىتىلىشى 4 چوك ئائىلىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىختىسادىي مەخسىدىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەينى زاماندا جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەربىي ھەركىتىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەشنىمۇ كوزدە تۇتتى. «فابى» پۇلىنى تارقىتىش ئىشى جياڭ كەيشىنىڭ فېئودال، كومپرادور ۋە فاشىستلىق قۇراللىق كۈچىنىڭ ھىمايىسىدا ئېلىپ بېرىلدى، ئەگەر جياڭ كەيشىنىڭ فېئودال، كومپرادور ۋە فاشىستلىق قۇراللىق كۈچى بولمىغاندا ئىدى، «فابى» پۇلىنىڭ قۇرۇق قەغەز گە ئايلىنىپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ تارقىتىلىشى يەنە جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ ھەربىي چىقىمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنىكى، ئۇ جياڭ

كەيشى سوُلالىسىنىڭ فاشىستلىق قوُراللىق كوُچىنى ئوُلغايتىش ۋاسىتىسىمۇ بولوُپ قالدى. شوُڭا، جياڭ كەيشى ھوكوُمىتىنىڭ «فابى» پوُلى فېودال ۋە كومپرادورلوُق ئاساسىدىكى بوُلاڭچى-لىق بىلەن، شوُنىڭدەك ھەربىي بوُلاڭچىلىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

4) پوُل موُئامىلىسى بويىچە ھەربىي ھاكىم موُتلەقلىق، فېوداللىق تالان-تاراج ۋە كومپرادورلوُق ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

4 چوڭ بانكا ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئوُروُش جەريانىدا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پوُل موُئامىلە ئىشلىرى بويىچە تېخىمۇ مەركەزلەشكەن ھوكوُمرانلىق ئورگىنىغا ئايلىنىپ قالدى. 4 چوڭ ئائىلە جوُڭگو خەلقىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋوُزىغا قارشى ئوُروُشىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەنىنى ئېغىرچىلىققا سېلىش ھېساۋىغا بېيىش ئوُچوُن، ھەربىي زوُلوُم توُزوُمىگە يولوُنوُپ، پوُل موُئامىلە ھوقوُقىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتوُردى ۋە خەلق ئىچىدە بوُنداق فېودال، كومپرادورلوُق ۋە ھەربىي ھاكىم موُتلەقلىق ئاساسىدىكى «فابى» پوُلىنى تېخىمۇ كوُچلوُك ھالدا ژوُرگوُزدى. 4 بانكىنىڭ بىرلەشمە باش باشقارمىسى جياڭ كەيشى ھوكوُمىتىنىڭ پوُل موُئامىلە ئىشلىرى بويىچە ھوقوُقىنى مەركەزلەشتوُرگەن تەشكىلات بولوُپ قالدى. جياڭ جوُڭجىڭ، كوُڭ شاڭشى، سوُڭ زىۋېن، كېيىن قوشوُلغان چېڭ گوفو — پوُل

مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە بۇ 4 ئولىگارخ بۇ ھوقۇقنى مەركەز-
لەشتۇرگەن تەشكىلاتنىڭ ھوقۇقلۇق كىشىلىرى بولدى، جياڭ
كەيشى بولسا باشقارما رەئىسى بولدى. «رەئىس ھەممە ئىشنى
ئىدارە قىلىدۇ»، «مالىيە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە باشقارما كېڭەش-
مىسىنىڭ رەئىسىگە ئادەتتىن تاشقىرى ۋاختىلاردا مەركىزىي بان-
كا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە جۇڭگو دېخانلار
بانكىسىغا نىسبەتەن ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى كورۇش ۋە ئۇلارنىڭ
ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن ژۇرگۇزۇش ھوقۇقىنى بېرىدۇ»، «گومىن
جىڭفۇ تەيىنلىگەن»، «مالىيە مىنىستىرلىكىدىن ھوقۇق بېرىل-
گەن» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى جياڭكەيشى باش چىلىغىدىكى 4
چوڭ ئائىلىنىڭ ئوزىنى - ئوزى تەيىنلىگەنلىگى ۋە ئوزىگە - ئوزى
ھوقۇق بەرگەنلىگىدۇر. ئۇلار ئارىسىدا شەخسىي بېرىش - ئې-
لىش بىلەن ھوكۇمەت ئارقىلىق بېرىش - ئېلىش بىرلا نەرسە.
شۇنداق قىلىپ، جياڭكەيشى سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىن
ئاشكارا ھاكىم مۇتلەق بولۇش ئۇستىگە يەنە پۇل مۇئامىلە ئىش-
لىرى بويىچە ئاشكارا ھاكىم مۇتلەق بولدى. پۇل مۇئامىلە
ئىشلىرى بويىچە بۇنداق ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىقنى ئوزىگە تۇۋ-
رۇك قىلغان ئاشكارا ھوقۇقنى مەركەزلەشتۇرۇش ۋە ھاكىم مۇت-
لەقلىقتىن مەخسەت، — بىر تەرەپتىن، «فابى» پۇلىدىن ئىبارەت بۇ
قۇرالدىن پايدىلىنىپ «قانۇنىي» يوللار بىلەن فېودالىق تالان-
تاراج ۋە مونوپولىيىگە تېخىمۇ ئوڭايلىق توغدۇرۇش بولسا، يەنە

بىر تەرەپتىن، چەتئەل بايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيـ
تىپ، «قانۇنىي» يوللار بىلەن كومپرادورلۇق مونوپولىيىگە تېخىـ
مۇ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مەركىزىي بانكا
1942 ـ ژىلى 1 ـ ئىيۇلدىن باشلاپ مەركىزىي بانكا مەركەزلىك
ھالدا تارقىتىش ۋە مەركەزلىك ھالدا تەييارلىق قىلىش ئىمتىيازىنى
مونوپولىيە قىلىۋالدى. قالغان 3 بانكىنىڭ كاپىتالى كوپۇيۇپ 60 مىللىون
يۈەنگە يەتتى. مەركىزىي ۋاستىچىلىق ئىدارىسى بولسا كاپىتالىنى
50 مىللىون يۈەنگە يەتكۈزدى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە
ئىشلىرى بويىچە مونوپولىيە تۈزۈمى تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى. خۇددى
سىياسىي كېڭەشنىڭ بەزى ئەزالىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «مەر-
كىزىي بانكىغا ھۆكۈمەت تەرەپتىنمۇ تۈرلۈك ئىمتىيازلار بېرىلدى،
ئادەتتىكى بانكىلارمۇ پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ تەييارلىقىدا شۇ
بانكىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ كاپىتالىنىڭ كۆپلىكىگە ئا-
دەتتىكى بانكىلار ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ.» لېكىن بۇنداق مونو-
پولىستىك تۈزۈم ئاستىدا، مەركىزىي بانكا «ئىلگىرى ئادەتتىكى
بانكىلار بىلەن بولغان رىقابەتلىشىش ئىشىدىن ھېلىمۇ ۋاز كەچ-
مىدى»، «ئادەتتە قىلىدىغان ئىشى يەنە ئادەتتىكى بانكىلاردىن پەرق
ئەتمىدى»، «بۇنداق زور كۈچ بىلەن ئادەتتىكى بانكىلار بىلەن
رىقابەتلەشكەندە ئادەتتىكى بانكىلارنىڭ ئاياق بېسىپ تۇرۇش
ئىمكانىيەتلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇشى تۇرغان گەپ.»[1]

① ئۈچىنچى چاقىرىق سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 ـ سانلىق مەجلىسىنىڭ
تەكلىپلىرىدىن.

ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە تۈزۈمى بويىچە مونوپولىيىدىن بايلىق بويىچە مونوپولىيىگە قاراپ تەرەققى قىلىش جەريانىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. مەخپىي سانلارنى بىلىش ناھايىتى تەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى 4 چوڭ ئائىلە مەيلى قايسى تەرەپتىن بولمىسۇن ئۆزلىرىنىڭ «ھارام بايلىقى» دىن قىلغان دارامەتلىرىنىڭ سانىنى قاتتىق يوشۇرۇدۇ. ئەمدى بىز 4 چوڭ بانكىنىڭ بەزى ئاشكارا سانلىرىغىلا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئۆلچەپ كۆرەلەيمىز. مەسىلەن: ئۇرۇش ۋاقتىدا، بانكىلارنىڭ ئامانەت پۇل سوممىسىدا مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دىخانلار بانكىسىنىڭ سوممىسىنىڭ كۆپۈيۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، 4 ژىل ئىچىدە تەخمىنەن 6 ھەسسە ئاشتى، ئۇنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر ژىلى پۈتۈن بانكىلار بويىچە ئامانەت پۇلىنىڭ تەخمىنەن 80 - 90%ىنى تەشكىل قىلدى.① بۇنى ژۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكەن 1936 - ژىلى 4 بانكىنىڭ ئامانەت پۇلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە بانكىلار ئامانەت پۇلىنىڭ 56% ىنى تەشكىل قىلدۇ، دېگەن ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى جىق ئاشقان بولۇدۇ.

يەنە بىر مىسال، «مەركىزىي بانكىنىڭ ئايلىق ئەخباراتى»

① «پۇل مۇئامىلە بىلىمى» ژۇرنىلىنىڭ 2 - بولۇم 2 - سانىنىڭ 78 - بېتىدىن.

ئېلان قىلغان بانكا ۋە ئىدارىلار (4 بانـكا، 2 ئىدارە، 2 ئىـ
دارە دېگەنمىزنىڭ بىرى مەركىزىي ۋاسىتىچىلىق ئىدارىسى،
يەنە بىرى جۇڭخۇا پوچتا ئىشلىرى بويىچە ئامانەت ۋە پېرېۋود
ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى
ئۇرۇش دەۋرىدە ئالغان ئامانەت پۇلىغا قارىغاندا، چەتئەل پۇلى
ۋە ئالتۇن ئامانىتى 1940 ـ يىلى ئومۇمىي سانىنىڭ 1% ىنى،
1941 ـ يىلى 0'5% ىنى، 1942 ـ يىلى 16% ىنى، 1943 ـ يىلى
26% ىنى، 1944 ـ يىلى 32% ىنى، 1945 ـ يىلى ئىيۇلدا 75%
ىنى، شۇ يىلى ئىيۇلدا 74% ىنى تەشكىل قىلغان①. بۇنىڭدىن
كۆرۈش مۇمكىنكى، بايلىقنىڭ بىر قەدەر مۇقىم ۋە ئىشەشلىك
ۋەكىلى دەپ قارالغان نەرسىلەر ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاـ
ۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ قولىغا يىلـ
دىن ـ يىلىغا ۋەناھايىتى تىزلىكتە مەركەزلەشكەن.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىـ نىڭ بايلىقىنى كۆپلەپ مەركەزلەشتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۇـ سۇلى ـ خۇددى ئاسترونومىيە سانلىرىدەك «فابى» پۇلى تارـ قىتىشتىن ئىبارەت بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ يېقىندىن تەيىنلەنگەن مالىيە مىنىستىرى يۈي خۇڭـ

① «مەركىزىي بانكىنىڭ ئايلىق ئەخباراتى» يېڭى 1 ـ توم 2 ـ سانىنىڭ 101 بېتىدىن.

جۇڭنىڭ 1946 ـ ژىلى 25 ـ مارتتا «سىياسىي كېڭەشمە» دە ئېيلان قىلغىنىغا قارىغاندا: «ياپون ئىمپېرىيالىزمـىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ھوكۇمەت تەرەپتىن جەمى 10 تىرلىون 316 مىللىيارت يۈەن قەغەز پۇل تارقىتىلدى»① . ئەمەلىي ۋە مەخپىي سان بۇسانىدىن ئەلۋەتتە كوپ بولۇشى مۇمكىن .

4 چـوڭ فېئودال، كومپرادور ئائىلە ئەسلىدە ناھايىـتى تېز كوتۇرۇلگەن ، جوڭگـو بويىچە ئەڭ زور بايلاردىن بولۇپ ھېـساپلىناتتى، ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشـتىن بۇيان ۋەتەنىنىڭ ئېغىرچىلىغىدىن پايدىلىنىپ بېيىغانلىقتىن، ئۇلار تېخىمۇ تېز كوتۇرۇلدى، تېخىمۇ بېيىدى. ئۇلارنىڭ بېيىش ئۇسۇلى ۋە ھېيلىلىرى كوپ، لېكىن چەتئەل بايلىرى تەستىقلىـغان «فابى» پۇلى ئۇسۇلى بىرخىل «قانۇنىي» ئۇسۇل بولۇپ ھېـساپلىنىدۇ. خەلق ئىگىلىگىنى بوغۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىـقىرىش كۈچلىرىنى ۋەيران قىلىشنى مەخـسەت قىلغان 4 چوڭ فېئودال، كومپرادور ئائىـلە «فابى» پۇلىدىن ئىبارەت بۇقۇرالـدىن پايدىلىنىپ، جياڭ كەيشى ھـوكۇمىتىنىڭ ھوكۇمرانـلىغى ئاستىدىكى خەلقنىڭ (جەمئىيەتتىكى ھەممە سىنىپنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ، لېـكىن ئاساسەن دىخانـلارنـىڭ) مال ـ مۇلۈك ۋە ھەر خىل بايلىغىنى كوپلەپ ژىغىۋالـدى (بەزىلەر بۇنداق دەيـدۇ: «ھوكۇمەت (جياڭ كەيشى ھوكۇمىتىنى دېمەكچى) خۇددى تۇـ

① « سەيجىڭ پىنلۈن » 14 ـ توم 5 ـ سانىنىڭ 86 ـ بېتىدىن.

مارغا ئوخشاش بىر پارچە قەغەز پۇل بىلەن ئۇن چىقارماي تۇ-
رۇپ، خەلقنىڭ قولىدىكى پۇلنى تارتىپ كەتتى»). 4 چوڭ
ئائىلە ئۆزلىرىنىڭ باي بولۇشىدىكى تۇرلۇك سىپكۇلەتلىغىنى
پۇلنى پاخاللاشتۇرۇش يولى بىلەن كۈچەيتتى. بۇنداق فىبوداللىق،
كومپرادورلۇق ئاساسىدىكى «فابى» پۇلنىڭ چەكسىز هالدا مەج-
جۇرىي تارقىتىلىشى ۋە پاخاللىشىشى بىلەن كۈچەيگەن سىپىكۇلەتلىق
نىتىجىسىدە، 4چوڭ ئائىلىنىڭ قوسىغى كۈندىن - كۈنگە يوغۇناپ
كەتتى، جىياڭ كەيشى هوكۇمىتىنىڭ هوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى خەلقنىڭ
دارامىتى ۋە تۇرمۇشى بولسا غايەت قورقۇنۇچلۇق هالدا ياماﻧلاشتى
ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كوپلەپ ۋەيران بولدى.

ئەنگلىيە ۋە ئامىرىكا بايلىرى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ جۇڭگو خەل-
قىنى تالاپ - بۇلايدىغان بۇ «فابى» پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى داۋام-
لىق قوللاپ كەلدى. ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى
ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، ئەنگلىيە ۋە
ئامىرىكا ئىمپىرىيالىستلىرى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ تەماشا كورۇش
سىياسىتىنى قوللۇنۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا هۇ-
جۇم قىلىشىغا سۇكۇت قىلدى (هەتتا ياپون باسقۇنچىلىرىنى
ماددىي ۋاستىلار بىلەن تەمىنلىدى)، مانا بۇ، سوۋىت ئىتتىپا-
قىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى
ئۇرۇشىغا ئادالەتلىك بىلەن پائال ياردەم قىلغانلىغى بىلەن تاما-
مەن قارىمۇ - قارشى. شۇنىڭدەك ئەنگلىيە، ئامىرىكا خەلقىنىڭ

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشىغا پائال ياردەم قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرغانلىغى بىلەنمۇ قارىمۇ-قارشى. لېكىن «فابى» پۇلى چەتئەل پۇلىنى ئۆزىنىڭ ئىناۋەت ئاساسى قىلىپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ پۇل-مۇئامىلە گۇرۇھىغا بېقىندى بولغان ئىكەن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا بايلىرى «فابى» پۇلىنىڭ ئىناۋىتىنى قوللاشنى ئەلۋەتتە خالايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش 4 چوڭ ئائىلىگە پايدىلىق شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگىمۇ پايدىلىق. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ 1942-يىلى فېۋرالىغىچە، ئەنگلىيە ھوكۇمىتى جياڭكەيشى ھوكۇمىتىگە 118 مىللىون 500 مىڭ فونت ستېرلىنىگ قەرز بەردى. ئۇنىڭ ئىچىدە «جۇڭگونىڭ ئىچكى قەرز ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش»، «فابى پۇلىنىڭ مۇقىم پېرېۋود باھاسىنى تەمىن قىلىش»، «فابى پۇلىنىڭ فوندىنى بالانس قىلىش»، «تاشقى پېرېۋودنى تەڭشەش»، «مالىيە كۈچىنى ئاشۇرۇش» ئۈچۈن دېگەن ناملار بىلەن بېرىلگىنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 88 مىللىون فونت ستېرلىنىگقە يېتىش بىلەن ئۇمۇمىي قەرز پۇلىنىڭ 74% ىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. شۇ مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ جياڭكەيشى ھوكۇمىتىگە قەرز بەرگەن پۇلى 747 مىللىون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «جۇڭگونىڭ تاشقى پېرېۋودىغا مەدەت بېرىش»، «جۇڭگونىڭ پۇل ئىشلىرىنى يولغا قويۇش»، «تاشقى پېرېۋودنى تەڭشەش»،

«ماليه كۇچىنى ئوستۇرۇش» دېگەن نامدا بىر دىلگىنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 625 مىللىون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇ ئۇمۇمىي قەرز پۇلنىڭ تەخمىنەن 85%ىنى تەشكىل قىلدى (ھەممىگە مەلۇمكى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا كۆپلەپ ھەربىي قورال كىرگۈزۈشى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن بولدى! جياڭ كەيشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشىنى زور كۈزۈشكە ياردەم قىلىشنى كۆزدە تۇتتى!)

قىسقىسى، ژۇقۇردا ئېيتىلغان قەرز پۇللارنىڭ سانى شۇنى كۆرسۇتۇدىكى، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ پۇل قەرز بېرىشتىكى ئاساسىي نىشانىسى— 4 چوڭ كومپرادور ئائىلە ئارقىلىق جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە ماليه ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلكىگە ئېلىشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ قېنىنى شوراش مەخسىدىدە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي پۇلى —«فابى» غا مەدەت بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ژۇقۇردا ئېيتىلغاندەك ماليه خاراكتېرلىق قەرز پۇللىرىدىن تاشقىرى، باشقا خاراكتېردىكى قەرز پۇللىرىمۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «فابى» پۇلىنى گورنىڭ ئاغزىدىن قايتۇرۇۋېلىش روللىرىنى ئوينىدى. خۇددى ھوكۇمەت مەتبۇئاتىدا يېزىلغىنىدەك: «چەتتىن ئېلىنغان...... تۈرلۈك قەرز پۇللار، مەيلى پۇل تۈزۈمى ئۈچۈن ئېلىنغان بولسۇن، مەيلى تاشقى پېرېۋودنى تەڭشەش فوندى ئۈچۈن، مال ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، بىناكارلىق ئۈچۈن ئېلىنغان

بولسۇن، ھەتتا تۇۋارلار ئۈچۈن ئىلىنغان قەرز پۇللار بولسۇن»
بۇ پۇللار «فابى» پۇلىنىڭ مۇقىملىشىشىغا ۋاستە ۋە بىۋاستە ياردەمـ
لەرنى بەردى.»① دېمەك، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ قـەرز
پۇللىرى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى ۋەيران قىلىشىغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتىنى تالانـ
تاراج قىلدىغان «فـابى» پۇلىنى چەكسىز تارقىتىشىغا سىرتتىن
ھامىلىق قىلدى. ئامېرىكا تەرىپىدىـن بېرىلـگەن قەرز پۇلىنىڭ
ئەنگلىيە تەرىپىدىن بېرىلگەن قەرز پۇلدىن كوپ بولۇشىغا كەلـ
سەك، بۇ، 4 چـوڭ فېودال ۋە كومپرادور ئائـىلىنىڭ يولۇنۇش
مەركىزىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەنگلىيىدىن يوتكۈلۈپ ئامېرىكا بايلـ
رىنىڭ قوينىغا ئوتۇپ كەتكەنلىكىنى كورسۈتۈپ بېرىدۇ.

ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى،
جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ ئىچكى زايومى تاشقى قەرزىنىڭ سا-
نىدىن ئېشىپ كەتـكەن ئىدى. لېكىن «فابى» پۇلى سىياسىتى
زۇر گـۇزۇلۇپ، جياڭكەيشى ھوكۇمىتى ئەنگلىيە، ئامېرىكا بايلـ
رىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش بىلەن قەغەز پۇلنى ئەركىن تارـ
قىتالايدىغان بولغاندىن تارتىپ، بىر تەرەپتىن، قەغەز پۇل تارقىتىش
ئاستا ـ ئاستا ئاساسىي ئورۇنـنى تۇتقان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپـ
تىن، تاشقى قەرزمۇ ئاستا ـ ئاستا ئاساسىي ئورۇننى تۇتتى. ياپون

① ژۇقۇرىدىكى تۇرلۇك قەرز پۇللار ھەققىدە «سەيجىڭ بىنلۇن» نىڭ
توم، 2 ـ سانىنىڭ 138 - 141 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

ئىمپېرىيالىزمنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، تاشقى قەرزنىڭ سانى ئەكسىچە ئىچكى زايومنىڭ سانىدىن ناھايىتى كۆپ ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، 1944 - يىلىغىچە، جياڭكەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى زايومى «فابى» پۇلى ھېساۋىدا 22 ملليارد 306 مىللىيون يۈەن بولغان ئىدى[1]، 1944 - يىلىغىچە تاشقى قەرزى بولسا شۇ ۋاختىتىكى پېرېۋود نورمىسى بويىچە ھېسابلانغاندا «فابى» پۇلى ھېساۋىدا تەخمىنەن 43 مىلليارد 800 مىللىيون يۈەن بولدى[2]. تاشقى قەرزنىڭ ئىچكى زايومغا نىسبەتەن «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى جياڭكەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ كومپرادورلىقىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسۈتۈدۇ. بۇنداق تاشقى قەرز جياڭكەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ «فابى» پۇلىنى چەكسىز تارقىتىشىنى ھىمايە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى، تاشقى قەرز ئارقىلىق چەتئەل پۇلىغا ئىگە بولۇش بولسا، ئەمەلىيەتتە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىيە يولى بىلەن باي بولۇدىغان ئاسان يولىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئارقىسىدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ بويىنىغا 4 چوڭ ئائىلە تەرىپىدىن تاشقى قەرز بويۇنتۇرۇقى سېلىندى، يەنە بۇ تاشقى قەرز مۇناسىۋىتى بىلەن « فابى » پۇلىنىڭ بويۇنتۇرۇقىمۇ سېلىندى ۋە ئۈز - لۈكسىز كۈچەيتىلدى. 4 چوڭ ئائىلە بولسا بۇ 2 تەرەپتە ھەممە

① «سەيجىڭ پىنلۇن» 14 - توم، 5 - سانىنىڭ 67 - بېتىدىن.

② «جىڭيۇڭ جىشى» 3- توم، 4- سانىنىڭ 55- بېتىدىن.

پايدىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق تاشقى قەرز مەلۇم شارائىتتا ئىچكى زايومغا ئايلاندى، مەسىلەن: 1942 ـ يىلى جياڭ كەيشى ھۆكۈمىتى تارقاتقان 2 خىل ئىچكى زايومغا (ئىتتىپاقداش ـ لارنىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئاساسىدىكى غالىبىيەت زايومى ۋە ئىت ـ تىپاقداشلارنىڭ غالىبىيەت زايومغا) شۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا تەرىپىدىن قەرز بېرىلگەن 500 مىلليون ئامېرىكا دوللىرى ۋە ئەنگلىيە تەرد ـ پىدىن قەرز بېرىلگەن 50 مىلليون فونت ستېرلىنگ زالوگ قىلىندى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە جۇڭگو خەلقى بىر تاشقى قەرزنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە بىر ئىچكى زايومغا قەرزدار بولدى، 4 چوڭ ئائىلە بولسا تاشقى قەرز مۇناسىۋىتى بىلەن ئەينى زاماندا ئىچكى زايوم مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ بېيىدى.

ئۇلارنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرى بۇلا ئەمەس. جياڭ كەيشى ھۆ ـ كۈمىتىنىڭ بارلىق ئىچكى زايوملىرى يەنە قەغەز پۇل تارقىتىشقا «كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ تەييارلىقى» بولدى. «.........نۇرغۇن زايوملار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئالدىن پۈتۈشۈش، قەغەزى بېرىش پۇلى بىلەن 4 بانكىغا تاپشۇرۇلۇدۇ، ئاندىن 4 بانكا ھۆكۈمەتكە پۇل بېرىپ تۇرىدۇ». «4 بانكىنىڭ ھۆكۈمەتكە بېرىپ تۇرغان كۆپ ساندىكى پۇلى تۇرلۇك ئامانەت پۇللاردىن ئەمەس، بانكى ـ نىڭ كاپىتالى ۋە ئۇمۇمىي فوندىدىنمۇ ئەمەس، قەغەز پۇل تارقىتىش پۇلى بىلەن كېلىدۇ.......4 بانكا ھۆكۈمەتنىڭ زايوم قەغەزلىرىنى كاپالەت تەييارلىقى قىلىپ تۇرۇپ قەغەز پۇلنى

كۆپلەپ تارقىتىدۇ. شۇڭا، ھوكۇمەت مۇشۇ يوللار بىلەن زايوم تارقىتىدىكەن، ئۇنىڭ سوممىسى قانچىكى كوپ بولسا، 4 بانكىنىڭ ھوكۇمەتكە بېرىپ تۇرۇدىغان پۇلىمۇ شۇنچە كوپىيىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارقىتىدىغان قەغەز پۇلمۇ شۇنچە كوپىيىدۇ». «زايوم تارقىتىش ئۇنىڭ نامى بولسا، پۇلنى پاخاللاشتۇرۇش ئۇنىڭ ئەمىلىيىتى بولىدۇ»[1]. شۇنىڭ ئارقىسىدا، خەلق 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «ئىچكى زايومى»غا قەرزدار بولۇپ، ئۇنى باج تولەش يولى بىلەن تۇگۇتۇشكە مەجبۇر بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە «ئىچكى زايومغا قەرزدار» بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە بىر خىل ئېغىر زۇلۇم — «فابى» پۇلى زۇلمى چۇشىدۇ، 4 چوڭ ئائىلە بولسا قىلچە دەسمايە ئىشلەتمەيلا خەلقنىڭ قان-تەرلىرى ھېساۋىغا ئىچكى زايومنىڭ دەسمايىسى ۋە ئوسۇمىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭدەك بىر خىل «ئاساس»قا ئىگە بولۇۋېلىپ، ئىككىنچى تەرەپتىن «فابي» پۇلنى تېخىمۇ كوپلەپ قوللۇنۇش يولى بىلەن خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىپ ئالىدۇ.

پۇل مۇئامىلىسى بويىچە 4 چوڭ ئائىلە خاندانلىقىنىڭ تاشقى قەرزنى «فابى» پۇلغا ئايلاندۇرۇش، «فابى» پۇلنى ئىچكى زايومغا ئايلاندۇرۇش، ئىچكى زايومنى يەنە «فابى» پۇلغا ئايلاندۇرۇشتەك بۇنداق مۇرەككەپ، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە توختىماي ئايلىنىپ تۇرۇدىغان بۇلاڭچىلىق پۇل

[1] «جىڭجىيۇڭ جىبشى»3- توم، 4- سانىنىڭ 46-48- بەتلىرىدىن.

سىياسىتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئېغىر چىلىغى ۋە قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ يېڭىدىن رېۋاجلاندى، لېكىن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 4 چوڭ ئائىلە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ۋە سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى بولۇنۇشنى تېخىمۇ ئوتكۇر ھالدا كېڭەيتتى. 4 چوڭ ئائىلە تېخىمۇ يېتىم قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇلنى چەكسىز پاخاللاشتۇرۇش سىياسىتى ئۇلارنى زور دەرىجىدە بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن 4 چوڭ ئائىلە ھوكۇمرانلىقىدىكى ئىختىساتنىڭ زور قالايمىقانچىلىقىنى پەيدا قىلدى ۋە كېڭەيتتى ھەم بۇ ھال 4 چوڭ ئائىلە ھوكۇمرانلىقىدىكى ئىختىساتنىڭ ئۇمۇمىي ۋەيرانچىلىقىنى زور قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەتمەكتە.

5) خەلقىنىڭ غالىبىيەت مىۋىلىرىنى بۇلاش

4 چوڭ ئائىلە ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئا ق ش ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياردىمىگە ۋە چەتئەل تەرىپىدىن قوراللاندۇرۇلغان، ياپون باسقۇنچىلىرى ئالدىدا ھېچنىمىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا قېچىپ ژۇرگەن ھەربىي كۈچىگە يولۇنۇپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش يولى بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتا قازانغان غالىبىيەت مىۋىلىرىنى بۇلاپ ئالدى. 4 بانكا، 2 ئىدارە

ياپونلار ۋە قورچاق ھوكۇمەت باشقۇرغان تۇرلۇك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بۇلاپ ئېلىنغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش بايلىقىنى بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى. مەسىلەن: نەنجىن، شاڭخەي رايونلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى توغرىسىدا جياڭ كەيشى ھوكۇمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بۇنداق: «1) چاۋشەن بانكىسىنى مەركىزىي بانكا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؛ 2) جىڭجىڭ ۋە دېخۇا بانكىلىرىنى جۇڭگو بانكىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؛ 3) تەيۋەن بانكىسىنى جۇڭگو دېخانلار بانكىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؛ 4) جويۇ بانكىسىنى، شاڭخەي بانكىسىنىڭ جۇشى جەمئىيىتىنى ۋە خەنكو بانكىسى جۇشى جەمئىيىتىنىڭ شاڭخەي شۆبىسىنى قاتناش بانكىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؛ 5) سەنلىك بانكىسى ۋە ئىمپېرىيە بانكىسى ھەم ئۇلارغا تەۋە كارخانا، ئىدارىلارنى مەركىزىي ۋاستىچىلىق ئىدارىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ». قورچاق ھوكۇمەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى توغرىسىدا جياڭ كەيشى ھوكۇمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بۇنداق: «1) قورچاق مەركىزىي رېزىرۋ بانكىسى، قورچاق خۇاشىڭ بانكىسى، قورچاق مانجۇگو بانكىسىنىڭ شاڭخەي شۆبىسى، قورچاق ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ۋە يەرلىك بانكىلارنى مەركىزىي بانكا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؛ 2) قورچاق مەركىزىي ۋاستىچىلىق شىركىتى، قورچاق مەركىزىي ستراخوۋانىيە شىركىتى، قورچاق مەركىزىي ئامانەت

ئشلىرى ھەيئىتىنى مەركىزىي ۋاستىچىلىق ئىدارىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؛ 3) قورچاق پوچتا ئامانىتى - پىرىۋود ئىشلىرى ئىدارىسى، قورچاق جۇڭگو - ياپون ئىگىلىك بانكىسى، قورچاق جۇڭجاڭ ئىگىلىك بانكىسىنى پوچتا ئامانىتى - پىرىۋود ئىشلىرى ئىدارىسى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ» ①. بۇ نەنجىن بىلەن شاڭخەينىڭ ئەھۋالى. جياڭكەيشى ئارمىيىسىنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەرلەرنىڭ بىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا بولمىغىنى ھالدا 4 بانكا، 2 ئىدارە پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ نەرسىلەر دۇشمەنلەرنىڭ بەكمۇ دەھشەتلىك يوللار بىلەن زورلۇق قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قەغەز پۇللىرىنىڭ مەجبۇرلۇق بىلەن مەركەزلەشتۇرۇشى ئارقىسىدا توپلانغان جۇڭگو خەلقىنىڭ پۇل بايلىقى ئىدى، بۇ بايلىقلار ئازغىنە بولسىمۇ خەلققە قالمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ھەممىسىنى 4 چوڭ ئائىلە زورلۇق قىلىش يولى بىلەن شەخسىي بايلىققا ئايلاندۇرۇۋالدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ بايلىقىنى تالاپ - بۇلاشتا 4 چوڭ ئائىلە ياپون باسقۇنچىلىرى ۋە قورچاق ھوكۇمەت بىلەن تامامەن بىردەك بولدى، ياپون باسقۇنچىلىرى ۋە قورچاق ھوكۇمەتنىڭ بۇلاپ تاپقان نەرسىلىرى ئەمەلىيەتتە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بولۇپ قالدى.

ياپون باسقۇنچىلىرى 4 چوڭ ئائىلە ئۇچۇن بۇلاش ۋە مەر-

①«مەركىزىي بانكىنىڭ ئايلىق ئەخباراتى» يىگى 1 - توم، 1 - ساننىڭ 2 - 3 بەتلىرىدىن.

كەزلەشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى كوپلەپ ئاشۇرۇپ بەردى، بۇ فېودال، كومپرادور، ھەربىي خاندانلىقـ تىن ئىبارەت بولغان 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىختىسادىي مونوپولىيىسىـ نىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۇڭا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇشى، جياڭ كەيشى ھوـ كۇمىتىنىڭ «دۇشمەننى سويۇش» بۇيرۇغىنى چىقىرىشى ئەجەپـ لىنەرلىك ئىش ئەمەس. لېكىن جياڭ كەيشى سۇلالىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا ۋاپادارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، گومىنداڭ ھوكۇمـ رانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى جۇڭگو خەلقى بۇ پۇل مۇئاـ مىلە خاندانلىقىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ھايات چېغىدا ماكانسىز، ئۇلگەندە گورسىز قىلىش ھالىغا چۇشمەكتە.

6) ئۇمۇمىي ھالاكەت سۇر ئىتىنىڭ چاپسانلاشتۇرۇلۇشى

4 چوڭ ئائىلە ئۇرۇش غەلىبىسى بىلەن بېيىغانلىقتىن، ئۇلارـ نىڭ ئىشتىھاسى يەنە زورىيىپ كەتتى.

«ئېچىنىشلىق غەلىبە»دىن بۇيان، مەركىزىي بانكىنىڭ مەلۇـ ماتىغا قارىغاندا، بۇ ژىل (1946 ـ ژىل) ئىيۇننىڭ ئاييىغىچە، جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى ئولكە، شەھەرلەرـ دىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى 4634 كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىنىڭ سانى (باش بانكىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) 3489 غا يەتكەن،

بۇنىڭدىن «ھوكۇمەت باشقۇرغىنى» 2446 بولۇپ، جەمئى بانكىلار-نىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. «ھوكۇمەت باشقۇرغان» دېيىلگەن بۇ بانكىلارنىڭ يارلىغى 4 چوڭ ئائىلە-نىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ بىۋاستە ھوكۇمرانلىغىدا، ھېچ بولمىغاندا ۋاستىلىق ھوكۇمرانلىغىدا تۇرۇدۇ. بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى بويىچە مونوپولىيە تورى تېخىمۇ بىر خىل تۇسكەكىردى دېگەن سوز. تېخىمۇ بىر خىل تۇسكەكىردى دېگەنلىك 4 چوڭ ئائىلە سەمرىپ تېرىسىگە سىغماي ھالاكەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتى دېگەنلىكدۇر.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ «فابى» پۇلى شەكلى بىلەن خەلقنى تا-لاپ-بۇلىشى «ئېچىنىشلىق غەلىبە» دىن بۇيان تېخىمۇ كۆپەي-دى، تېخىمۇ دەھشەتلىك بولدى. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغى-نىدەك، بىر يۈەن 200 يۈەنگە سۇندۇرۇلغان «فابى» پۇلى بىلەن قورچاق پۇلىنىڭ سېلىشتۇرمىسى، قايتۇرۇپ ئېلىنغان رايونلاردىكى خەلققە نىسبەتەن زور بۇلاڭچىلىق بولدى. «فابى» پۇلىنىڭ تارقىتىلىشى ۋە پاخاللىشىش سۇرئىتىنىمۇ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى دەۋردىكى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئە-مەس. يالغۇز بۇ ژىلقى (1946 - ژىلقى) مالىيە ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ ئوتەيلى: جياڭ كەيشى ھوكۇمىتى مالىيە مىنىستىرى يۇخۇڭجۇنىڭ ئىيۇنىنىڭ باشلىرى نەنجىندە ئوتكۈزۈلگەن 4- نۆۋەتلىك مالىيە مەجلىسىدە قىلغان دوكلادىدا: «ھوكۇمەتنىڭ بۇ ژىلقى

بيۇدژېتىدىكى 2 تىرىللىون 500 مىللىارد يۇەندىن يانۋاردىن ئىيۇنغىچە 1 تىرىللىون 500 مىللىارد يۇەن چىقىم قىلىندى. شۇ ۋاختىكى باجدىن ئاران 250 مىللىون يۇەن كىرىم قىلىنغان بولۇپ، چىقىمنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{000}$ ىگە توغرى كەلدى، بۇنداق نۇرغۇن ساندىكى دېفىتسىتنى پۇل تارقىتىش بىلەن تولدۇرۇشقا توغرى كەلدى.» دېگەن. بۇ دوكلادتىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، بۇ ژىلىنىڭ ئوتكەنكى 5 ئېيىدا ھەر ئايلىق كىرىم چىقىمدىن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 299 مىللىارد 500 مىللىون يۇەن كەم بولغان، بۇ ساننى تامامەن پۇل چىقىرىشقا يولۇنۇپ تولدۇرغان. بۇ ئاشكارا ساندىن قارىغاندا، ئوتكەن 5 ئاي ئىچىدە جياڭ كەيشى ھوكۇمىتىنىڭ چىقىمى ئۇچۇن ژىللىق بيۇدژېتنىڭ $\frac{3}{5}$ ى ئىشلىتىلگەن. جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ كەڭ كولەملىك ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىشى ئارقىسىدا، ھەربىي چىقىم تېخىمۇ كوپىيۇپ، ئىيۇنغىچە ژىللىق بيۇدژېتنىڭ $\frac{4}{5}$ ى ئىشلىتىلگەن، يەنى ئىيۇندا قىلىنغان چىقىم 500 مىللىارد يۇەنگە يەتكەن. ئاڭلىغان خەۋەرگە قارىغاندا، ئىيۇلنىڭ ئايىغىچە ژىللىق بيۇدژېت ئىشلىتىلىپ بولغان. بىر خىل مولچەرگە قارىغاندا: «ئىيۇلدىن كېيىن، ھەر ئايلىق مالىيە چىقىمى تەخمىنەن 1 تىرىللىون يۇەنگە يېتىشى مۇمكىن، بۇندىن كېيىنكى ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولۇدىغانلىقىغا ھوكۇم قىلىش تەس»① جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ

① ژۇقۇرىدىكى ماتېرىياللار توۋەندىكى ژۇرنال ۋە كىتاپلاردىن ئېلىندى:

مالىيە چىقىمىنىڭ بۇنداق كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەنلىگى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «فابى» پۇلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. جياڭكەيشى ۋە جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ «تەشۋىقات» مىنىستىرى (ئەمەلىيەتتە سەپسەتىچى مىنىستىر): ئىيۇلدىن باشلاپ «فابى» پۇلىنىڭ تارقىتىلىشى كۆپەيمىدى، دەپ ماختاندى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدىغانلىق بولۇپ، «فابى» پۇلىنىڭ تارقىتىلىشى شۇندىن باشلاپ تېخىمۇ جىق، تېخىمۇ تېز بولۇپ كەتتى. مالىيە چىقىمىدىنلا قارىغاندا ئەھۋال شۇنداق، ئەمەلىيەتتە بولسا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «پۇل تېپىش يولى جىق»، «فابى» پۇلىنىڭ تارقىتىلىشى مالىيە چىقىمى توغرىسىدىكى سان بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ.

ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ ئامېرىكىلاشقانلىقىنى ژۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. «ئېچىنىشلىق غەلىبە»دىن بۇيان، ئۇ تېخىمۇ ئامېرىكىلاشتى، يەنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئامېرىكا كومپرادورلىرىغا ئايلاندى. ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى 2 ـ

شۆلىزەي: «بىر ژىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ئىختىسادى». «جۇڭگو قۇرۇلۇشى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ توم، 6 ـ سانى؛ لۇك چېگجۇ: «ئېشىپ قالغان ماددىي ئەشيالارنىڭ ئاقمۇتى ۋە سىۋۇئۇي»؛ چىڭ بىگلى: «يوقۇلۇش يولىغا ئېلىپ كەلدى!»؛ كېيىنكى 2 ماقالا «ۋىنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 9 ـ سىنتەبىر سانىغا قارالسۇن.

جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، گىتلېر ۋە ياپون مىلىتارىستلىرىنىڭ ئىزى-نى بېسىپ، دۇنياغا ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇڭا جۇڭگونى يالغۇز ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلى-ۋېلىش قەستىگە كىرىشتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جۇڭگونى ھەربىي جەھەتتىن بىۋاستە چاڭگىلىغا ئالغاندىن تاشقىرى، 4 چوڭ ئائىلى-نىڭ جۇڭگو خەلقىغە قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا ھەربىي، سىياسىي، مالىيە ۋە ئىختىسادىي جەھەتلەردە كۆپلەپ ياردەم بېرىپ، 4 چوڭ كومپرادور ئائىلىنىڭ قولى بىلەن ئۆز مەخسىدىگە يەتمەكچى بولدى. قەرز بېرىلگەن پۇلنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ياپون ئىمپېريا-لىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ تا ھا-زىر مەن بۇ كىتاپنى يازغىچە (1946 - ژىلغىچە) ئۇقىغانلىرىمغا قا-رىغاندا، ژۇقۇرىدا (مۇشۇ باپنىڭ 4 - پاراگرافىدا) ئېيتىلغان ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە قەرز بېرىلگەن پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ جياڭكەيشى سۇلالىسىغا بەرگەن 14 تۈرلۈك قەرز پۇلى جەمئى 1مىللىارد 314 مىللىون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ؛ ئۇ-نىڭ ئۈستىگە جياڭكەيشى ھوكۇمىتىنىڭ تۈرلۈك ھېساۋات يول-لىرى بىلەن ئامېرىكىدا ئامانەت قويغان پۇلى 700 مىللىون دوللار. بۇندىن باشقا، ئاسسوشىئەيتىد پرېسنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، 1942 - ژىلدىن باشلاپ «ئىجارە - قەرز قانۇنى»غا بىنائەن ئامېرىكا ھوكۇمىتى جياڭكەيشى سۇلالىسىغا 1 مىللىارد 500 نەچچە مىللىون

ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى قۇرال ۋە ئۇرۇشقا كېرەكلىك نەر-
سىلەرنى بەرگەن، ئۇنىڭ تەخمىنەن $\frac{3}{5}$ ى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن
كېيىن پېرىلگەن. بۇ ژىل 1 - سېنتەبىردە، ئامېرىكا ھوكۇمىتى بىلەن
جياڭكەيشى سۇلالىسى ئامېرىكىنىڭ 825 مىللىون دوللار قىممە-
تىدىكى ئېشىپ قالغان ئەشيالار ۋە ئۇسكىنىلەرنى سېتىشقا رۇخ-
سەت قىلىش كېلىشىمنى رەسمى ئېلان قىلدى. بۇ قەرز پۇل-
لارنىڭ كۆپ قىسمى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ جياڭكەيشىنىڭ
ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشقا قوشقان كاپىتالى بولدى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەيلى قايسى خاراكتېردىكى قەرز پۇل
بولمىسۇن، ئۇ، بىر تەرەپتىن، جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ خەلققە
قارشى ھەربىي ئىشلىرىنى كۈچەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ژۇقۇ-
رىدا (مۇشۇ باپنىڭ 4 - پاراگرافىدا) ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك،
4 چوڭ ئائىلىنىڭ خەلقنى بۇلايدىغان پۇل مۇئامىلە تۈزۈمنى ۋە
«فابى» پۇلىنى ھىمايە قىلىش رولىنى ئوينىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇ 2 تەرەپ بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان. جياڭكەيشى
سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش ھەركىتى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ
تەجاۋۇزچىلىق مەخسىدىنى (جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك
كۈچلىرىنى ئاياق - ئاستى قىلىپ، جۇڭگونى فىلىپپىنگە ئايلاندۇ-
رۇش) ۋە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خەلقنى بۇلايدىغان فېودال، كومپ-
رادورلۇق ئاساسىدىكى پۇل مۇئامىلە تۈزۈمنى قوغداش ئۈچۈن
بولدى؛ ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزچىلىق مەخسىدى

بىلەن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ فېودال، كومپرادورلۇق ئاساسىدىكى پۇل مۇئامىلە تۇزۇمى بولسا جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش ھەركىتىنىڭ ھەركەتلەندۇرگۇچ كۇچى بولۇپمۇ ھېساپ-لىنىدۇ. ئامېرىكىنىڭ جياڭكەيشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشىغا قوشقان بۇ كاپىتالى 4چوڭ ئائىلىنى يەنە بىر قېتىم چوڭ بايلىق توپلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ نەتىجە-سىدە 4 چوڭ ئائىلە جۇڭگونىڭ ھەر بىر كىشىسىگە تاشقى قەرز سېلىقىنى يەنە ئارتتى، لېكىن ئامېرىكىنىڭ جياڭكەيشىنىڭ ئەك-سىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشىغا قوشقان بۇ كاپىتالى جياڭكەي-شىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش ئوتىنى يېقىشىغا ياردەم بەردى ۋە ئۇنى ئۇلغايتتى. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بۇ ئوتى جياڭكەيشى ھوكۇمرانلىقى-دىكى رايونلارنىڭ ئىختىسادىنى ھەركۇنى دېگىدەك زور كۇچ بىلەن ۋەيران قىلماقتا ۋە 4 چوڭ ئائىلە پۇلىنىڭ پاخاللىشىشىنى ھەر كۇنى دېگىدەك زور كۇچ بىلەن ئالغا سۇرۇپ تېگى يوق قايناملىغا تىقماقتا.

4 چوڭ ئائىلە پۇلىنىڭ بۇنداق پاخاللىشىشى ئالدىدا، جياڭكەيشى ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تالان - تاراج قىلىنىشىنىڭ كەڭكولەملىكى ۋە چوڭقۇرلىقى بىلەن 4 چوڭ ئائى-لىنىڭ پۇل مۇئامىلە تۇزۇمىنىڭ ئۇمۇمىي ھالاكەت سۇرئىتىنىڭ چاپسانلىشىشى توغرى تاناسىپ بولۇپ تەرەققى قىلماقتا. بۇ تارىخنىڭ مۇقەررەر مەنتىقى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق پۇل

مۇئامىلە تۈزۈمى ۋە پۇلىنىڭ پاخاللىشىشى جياڭكەيشى ھۆكۈمرانلى-
غىدىكى رايونلارنىڭ يېزائىگىلىكى سانائىتى ۋە توغرى تىجارەت
ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا ۋە ۋەيران قىلماقتا ھەم تامامەن
يوقۇلۇشقا، يەنى ئۇمۇمىي ھالاكەتكە ئېلىپ كەلمەكتە. 4 چوڭ
ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە تۈزۈمىنىڭ ئۇمۇمىي ھالاكىتى بولسا، جياڭ
كەيشى ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايونلارنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي ئىق-
تىسادىنىڭ ئۇمۇمىي ھالاكەتكە يۈز تۇتقانلىغىنىڭ مۇقەررەر
ئىنكاسى ۋە مۇقەررەر نېتىجىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

7) تۈگۈمەس ھىلە-نەيرەڭلەر

ژۇقۇردا ئېيتىلغانلار ئاساسەن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «ھۆكۈ-
مەت» نامى بىلەن پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە ئىگە بولۇۋالغان ئاش-
كارا مونوپولىيىلىك ئورنى بىلەنلا چەكلەندى. بۇلاردىن باشقا،
ئۇلارنىڭ يەنە «تىجارەت يولى بىلەن قۇرغان» تۈرلۈك پۇل
مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بار. بۇلاردىن ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ
تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكىلىرىدىن كۇڭشاڭشىنىڭ
سەنشى يۈيخۇا بانكىسى، چېڭلىفۇنىڭ جوڭگو كان-سانائەت
بانكىسى ۋە باشقىلارنى ئالاھىدە كۆرسۈتۈپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.
4 بانكا، 2 ئىدارە — 4 چوڭ ئائىلىنىڭ چوڭ ئائىلە غەزىنىسى،
لېكىن، يەنە ھەر قايسى ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كىچىك ئائىلە
غەزىنىلىرى بار بولۇپ، بۇ غەزىنىلەر، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ

مۇستەقىل ئىشلىرىنى باشقۇرۇدۇ. شۇنىڭدەك بۇلار چوڭ ئائىلە غەز-
نىسىنىڭ بايلىغىنى تۇرلۇك يوللار بىلەن داۋاملىق يوسۇندا كىچىك
ئائىلە غەزنىسىنىڭ بايلىغىغا ئايلاندۇرماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن
بىر-بىرىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى زور رىقابەت بولماقتا. 4 چوڭ
ئائىلە ئاشكارا ئورنىنى پەردە قىلىپ تۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە
ئىشلىرىنى شەخسىي نام بىلەن مونوپولىيە قىلىش ئۇچۇن، تۇرلۇك
قەبىھ ۋە دەھشەتلىك ھىلە-نەيرەڭلەرنى قوللانماقتا، بۇنداق
ھىلە-نەيرەڭلەر تۇگۇمەس-پۇتمەس دەرىجىدە بولۇۋاتىدۇ.
ئۇلار بۇنداق ھەركىتىنىڭ مەخپىيىتىنى ناھايىتى قاتتىق ساق-
لايدۇ، ھىمىشە سەپداشلىرى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى ياكى شىرىك-
لىرى، ياكى يالغاندىن ياسىغان باشقا خۇسۇسىي نام بىلەن ھەر-
كەت قىلىدۇ. ياكى «سودىگەرلەر قورغان» دېگەن بانكىلارنى
ئاچىدۇ، بولۇپمۇ جياڭ كەيشى سىستېمىسى ئىشنى ناھايىتى مەخپىي
ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن، خەلق ماقاللىرىدا: «كىشى بىلمىسۇن
دېسەڭ، ئوزۇڭ قىلما» دەپ ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان. جياڭ
كەيشى سۇلالىسى ھوكۇمرانلىغىدىكى رايونلاردا ئەزەلدىن پۇل
مۇئامىلە ساھەسىدە بولۇپ كەلگەن تۇرلۇك يوشۇرۇن ھەركەتلەردە
4 چوڭ ئائىلىنىڭ مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتقانلىغىنى ھەممە
كىشى بىلىدۇ. بەزى مىساللارنى كورسۇتۇپ ئوتەيلى.

مىسال ئۇچۇن زايوم ھەركىتىنى ئالايلى: جياڭ كەيشى ھو-
كۇمىتى 1936-يىلى ھەرخىل كونا زايوملارنى تېگىشىپ ئېلىپ،

قايتىدىن ئوسۇم بەلگىلەش ئۈچۈن، «بىرلىك زايومى» تارقات-
ماقچى بولغاندا، كۆكشاگشى ئائىلىسى: ھوكۇمەت مالىيىسى
قىيىنچىلىقتا قاپتۇ، كونا زايومنى تېگىشىپ ئېلىشتىن مەخسەت -
زايومنىڭ ئوسۇمنى توختۇتۇش، دەپ باشقىلار ئارقىلىق سوز
تاراتتى. كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەندى، زايوم سېتىۋالغان سپېكولانت-
لار زايومىنى ئارقا - ئارقىدىن سېتىشقا باشلىدى، كۆكشاگشى
ئائىلىسى بولسا، ئۇنى كىشىلەر ئارقىلىق كوپلەپ ژىغىۋېلىشقا مەر-
كىزىي بانكىنىڭ پۇلىنى توكتى. شۇنىڭ بىلەن بازاردا زايوم-
نىڭ باھاسى بىر مەزگىل بەك چۈشۈپ كېتىپ، پۇل مۇئامىلە
ساھەسىدىكىلەردە مىسلى كورۇلمىگەن تەشۋىشلەر پەيدا بولدى.
لېكىن كۆكشاگشى ئائىلىسى ئۇ قولىدىن بۇ قولغا ئوتكۈزۈش
ئارىلىغىدىلا 30 ملليون يۈەن پايدا ئالدى، زايوم بىلەن تىجا-
رەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بولسا مال - مۇلكىدىن ئاي-
رىلىپ، خانىۋەيران بولىدى، ئولۇۋالغانلىرىمۇ بولدى. يېقىنقى
ماتېرىياللاردىن بۇ ژىل (1946 - ژىل) ئىيۇندا شاگخەينىڭ زايوم
بازىرىنىڭ «ھالاك» بولغانلىغىنى كورۇش مۇمكىن. بۇ سوكژىۋىن
ئائىلىسىنىڭ ئۇستىلىغى ئىدى. ئەسلىدە ياپون ئىمپېرىيالىزمى
تەسلىم بولغاندىن كېيىن، بەزىلەر: ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى «بىر-
لىك زايومى»نىڭ «دەسمايىسى ئېتىۋار بىلەن قايتۇرۇلۇدۇ» دېگەن
خەۋەرنى پىلانلىق ھالدا قەستەن تارقىتىدۇ، بۇ خەۋەرنى تار-
قاتقاندىمۇ خۇددى راس شۇنىداق بولۇدىغاندەك كېلىشتۇرۇپ

تارقىتىدۇ. سوۋېتزىۋىن ئائىلىسى بۇنداق ئويدۇرما سوزلەرنى ئىشكارمۇ قىلمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا رەددىيىمۇ بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە «بىرلىك زايومى»نىڭ 3 ـ تۇرلىگىنىڭ 100 يۇەنلىگى 300 نەچچە يۇەنگە چىقىدۇ، بۇ ژىل (1946 ـ ژىل) ئاپرېلغىچە ئەڭ ژۇقۇرىسى 8400 نەچچە يۇەنگە يېتىپ، ئەسلى نومىنال ساندىن 80 نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. ئىيۇننىڭ باشلىرى «دەسمايە ئېتىۋار بىلەن قايتۇرۇلۇدۇ» دېگەن خەۋەر تازا ئەۋج ئالغاندا، ئوزىنى ـ ئوزى ھوكۇمەت دائىرىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك دەپ ئاتىغۇچى بىر سپېكۇلەنت نۇرغۇن زايومنى 6000 يۇەندىن ساتىدۇ. لېكىن «دەسمايە ئېتىۋار بىلەن قايتۇرۇلۇدۇ» دېگەن خىيال يوققا چىقىدۇ. سوۋېتزىۋىن ئەڭ ئاخىرىدا: «ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى زايومنىڭ دەسمايىسى نومىنال قىممىتى بويىچە قايتۇرۇلۇدۇ» دېگەن سوھبەتنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زايومنىڭ باھاسى ناھايىتى تېز توۋەنلەپ، ئىلگىرى سېتىۋالغانلار قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، باھالىق قەغەزلەر بىلەن سپېكۇلاتىلىق قىلىدىغان دۇكانلاردىن تاقالغانلىرى 10 نەچچىگە يەتتى. بەزى بانكىلارمۇ (دايا بانكىسى) تاقالدى، بەزى سەرراپلىق دۇكانلىرى بولسا كۇڭشاڭشى ئائىلىسىنىڭ «ياڭزى جەمئىيە» شىركىتىگە بېقىنىپ قالدى. پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە مولچەرگە قارىغاندا: مۇشۇ قېتىم بانكىلار ۋە سەرراپلىق دۇكانلىرىنىڭ زايوم ـ پاي تەسىرىگە ئۇچراپ تارتقان

زىيىنى 150 مىللىارد يۈەنگە يېتىدۇ. زايوم ئىشلىرىدا قىلىنغان بۇ زور سپېكۇلانتلىق ھىلە ـ نەيرەڭدە ئۇ قولدىن بۇ قولغا ئۆتكۈزۈش بىلەنلا ناھايىتى نۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولغان كىم؟ بۇ ھەممىگە ئايان.

يەنە بىر مىسال ئۇچۇن تاشقى «پىربۇود ئىشلىرىنى ئالايلى: 1940 ـ يىلى ئىيۇلدا، مايىگچۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدا بۇنداق دەپ يازغان: «بىر قانچە چوڭ ئەمەلدارلار دولەتنىڭ خەتەرگە ئۇچرىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەسىرىگە يۆلىنىپ، بىر ياكى بىر قانچە چوڭ بانكىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چوڭ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ ياكى چەتئەل پۇللىرىنى كوپلەپ سېتىپ ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلار تىجارەت قىلغاندا نامىدا سودا ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە راسابىي بولىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئىدارە قىلغۇچى دېگەنلەر ھوكۇمەت ئىشى بىلەن شەخسىي ئىشنى پەرق ئەتمەيدىغان ئىدارە قىلغۇچىلار بولۇپ قالدى. بۇ بىر قانچە چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ چەتئەل پۇللىرىنى كوپلەپ سېتىۋالغانلىقىنى جوڭگو ۋە چەتئەل كىشىلىرى ئوبدان بىلىدۇ». مايىگچۇ ئەپەندى بۇ يەردە بىر چەتئەل مۇخبىرىنىڭ: «جوڭگودا بىر قىسىم سپېكۇلەنتلەر بار بولۇپ، ئۇلار «فابى» پۇلى مۇئامىلىسىدە ناھايىتى ئۇگاي شارائىتقا ئىگە ئىكەن. بۇ كىشىلەرنى چۇگچىن ھوكۇمىتى بىۋاستە باشقۇرۇدىغاندەك كورۇنىدۇ»[1] دېگەن سوزىنى نەقىل كەلتۇرگەن. سوزىنىڭ كىم ئۇسـ

---

[1] «مايىگچۇنىڭ ئۇرۇش دەۋرىنىڭ ئىختىسادى توغرىسىدىكى ماقالىلار توپلىمى»نىڭ 282 ـ بېتىدىن.

تىدە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆپچىلىك چۈشۈنۈپ ئالالايدۇ. بۇ ئىشنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، ئوتمۇشنى كۆپرەك سۈرۈشتە قىلىشقا توغرى كېلەتتى، لېكىن قولىمىزدىكى ماتېرىياللارنى كۆرسەتسەكمۇ ئۇ ھەممە ئەھۋالنىڭ يەكۈنىنى ئېنىقلاپ بېرەلەيدۇ.

بىرىنچى ماتېرىيال: شاڭخەي «دامى ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ 1939 ـ يىل 6 ـ ئاۋغۇستتا شاڭگاڭدىن ئالغان خەۋىرىدە: «ئوتكەن ھەپتە تەڭشەش جەمئىيىتى "فابى" پۇلغا ياردەم بېرىشتىن ئىلگىرى، جۇڭچىڭدىكى مەلۇم مۇھىم مىنىستىرنىڭ خانىمى شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق چەتئەللىك مەلۇم دەللالغا تېلېگ-راما بېرىپ، 40 مىڭ فونت ستېرلىڭ قىممىتىدە چەتئەل پۇلى سېتىۋېلىشنى تاپىلىغان»[1] دېيىلگەن. شۇ چاغدىكى «مەلۇم مۇھىم مىنىستىر» كىم ئىدى؟ ئۇنىڭ كۇڭشاڭشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ خانىمى «جۇڭگو خەلقىنىڭ چەندازىسى» دەپ ئاتالغان سۇڭ ئەيلىڭ ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئىككىنچى ماتېرىيال: شاڭخەي گېزىتى 1946 ـ يىلى 26 ـ مايدا: «چەتئەل پۇللىرىنى ئېلىش ـ سېتىش ئىشى جۇڭگو بانكى-سىغا مەركەزلەشتى. مەزكۇر بانكىنىڭ چەتئەل پۇللىرىنى ئېلىش-سېتىش بولۇمىنىڭ ھەر كۈنى ئالغان پىرېۋود ھەققى «فابى»

① «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتىنىڭ 1939 ـ يىل 21 ـ ئاۋغۇست سانىدىكى باش ماقالىسىغا قارالسۇن.

پۇلىغا سۇنـدۇرۇلغاندا تەخمىنەن 200 مىللىارد يۈەنگە توغرى كېلىدۇ. چەتئەل پۇللىرىنى سېتىش مۇئامىلىسى كوپۇنچە مۇددەتلىك مۇئامىلە بولۇپ، نەپ بېرىش ئىشى ئۇنىڭدىن ئاز، بۇ مۇئامىلىدە ئالدى بىلەن 50% ياكى 30% پۇل تاپشۇرۇشقا توغرى كېلەتتى، لېكىن ئالاھىدە مۇناسىۋەتتى بولغانلىقتىن پۇل تاپشۇرماي چەتئەل پۇلى ئالالايدىغانلارمۇ بار» ① دەپ خەۋەر قىلغان. «ئالاھىدە مۇناسىۋەت» دېگەن قانداق مۇناسىۋەت؟ بۇ ئەلۋەتتە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتى.

3-ماتېرىيال: شاڭگاڭ گېزىتى 1946-يىل 29-مايدا: «... جۇڭگونىڭ يېزا كىنو مائارىپى شىركىتىنىڭ باشقارما باشلىقىمۇ چىڭلىفۇ، ئۇ بۇ يىل مارتتا چەتئەل پۇلى ئۆچۈن ئىشىك ئېچىلغاندا ھوكۇمەت باھاسى بويىچە (20 يۈەن) ئالدى بىلەن 1 مىليون 190 مىڭ دوللار سېتىۋېلىپ، راسا باي بولدى» ② دەپ خەۋەر قىلغان. ئۆزىنى ئەخلاقتا ئەڭ ژۇقۇرى ھېسابلىغان «ئەخلاقلىق كىشى»نىڭ سانسىز باي بولۇش ئەخلاقى بار ئىكەن. بۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەخلاقىنىڭ كىچىككىنە بىر خىلى، بۇ تېخى ھېچ گەپ ئەمەس!

مايىگىچۇ ئەپەندى «گومىنداڭ ئەزالىرى» (ئەمەلىيەتتە 4 چوڭ ئائىلە) نىڭ تاشقىرى بىلەن پۇل پىربۋود قىلىش ئىشلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، «2 مىڭ يۈەن

① شاڭخەيدە چىقىدىغان شۇ كۈنكى «لەنخې ۋەنباۋ» گېزىتىگە قارالسۇن.

② شاڭگاڭدا چىقىدىغان شۇ كۈنكى «جىڭباۋ» گېزىتىگە قارالسۇن.

«فابى» پۇلنى 1 ئامېرىكا دوللىرىغا تېگىشىدىغانلىقى، خەلقلەر بولسا 4_5 مىڭ يۇەننى 1 ئامېرىكا دوللىرىغا تېگىشەلەيدىغانلىقى»غا توختۇلۇپ: «بۇنداق پۇل تېپىش قابىللىقتىن ئەمەس، بۇنداق ئىشنى چوشقا، ئىشتقا ئوخشاش هايۋانلارلا قىلىدۇ» ① دەپ قاتتىق نەپرەتلەنگەن، لېكىن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ باي بولۇش قابىلىيەتلىرىنىڭ قايسى بىرسى بۇنىڭدىن «ئەخلاقلىق» راق، «شەپقەتلىك» رەك!

يەنە بىر مىسال ئۈچۈن ئالتۇن ئىشلىرىنى ئالايلى: بىر يازغۇچى بۇنداق يازغان: «ئالتۇن سىياسىتىنى نىقاپ قىلىپ، جاهاننى ئالا-توپىلاڭ قىلىپ، يوق نىمىلەرنى ياساپ چىقىرىپ، يەنە قانچىلىك زور بايلىقلارنى توپلىغانلىقى نامەلۇم؛ بۇنداق زور بايلىققا ئىگە بولۇش خەۋەر ياسايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان هوقۇقلۇق كىشىلەرنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. ئويلاپ باقسام ئۇرۇش باشلىنىپ، توختاپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە بىردەمدە ئالتۇن دولەت ئىختىيارىغا ئېلىندى دەپ ئېلان قىلىندى، بىردەمدە دولەت ئىگىدارچىلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەركىن ئالدى-ساتتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بىردەمدە تەكشى ئېلىش سېتىش يولغا قويۇلدى، يەنە بىردەمدە هوكۇمەت باهاسى بىلەن سېتىش ئىشى يولغا قويۇلدى؛ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىنمۇ، ئەركىن باها بويىچە تەكشى

① «سىدەي رىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 18-ماي سانىدىن.

ئېلىش - سېتىش ھوكۇمەتىنىڭ مۇقىم باھاسى بويىچە تەكشى
ئېلىش - سېتىشقا ئۆزگەرتىلدى؛ يەنە ھوكۇمەتىنىڭ مۇقىم
باھاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەكشى ئېلىش - سېتىش توخ-
تۇتۇلدى؛ ئەركىن باھا بويىچە تەكشى ئېلىش - سېتىش ئەس-
لىگە كەلتۈرۈلدى، ھەر قېتىمقى ئۆزگۈرۈشنىڭ ئالدى - ئاخى-
رىدا بازارلاردا ئېغۋا سوزلەر ئۇچۇپ ژۈردى، پىتنى - پاسات
توشۇپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئېغۋا سوزلەرنىڭ $\frac{9}{10}$ ى راس
بولۇپ چىقتى. بۇنىڭدىكى ئىچكى سىرنىڭ نىمىلىگىنى ئويلاپ
چۈشۈنۈۋېلىش مۇمكىن»[1] بۇنىڭدىكى «ئىچكى سىر» — 4 چوڭ
ئائىلىنىڭ مونوپولىستلار ئىكەنلىگىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلار
ئالتۇنىنىڭ مونوپولىستلىرى بولغاچقا، قايسى ۋاقىتتا قانداق
«سىياسەت» قوللۇنۇپ باي بولۇشقا مۇمكىن بولۇدىغانلىغىنى پەم-
لىسە، شۇ ۋاقىتتا شۇنداق «سىياسەت»نى بازارغا چىقىرىدۇ.
مەركىزىي بانكىنىڭ بۇ ژىل (1946 - ژىل) ئاپرېل ۋە ماي ئايلىرى-
دىكى ئالتۇن سودىسى توغرىسىدا، شاڭخەيدىكى بىر كىچىك
گېزىت بۇنداق يازغان ئىدى: 29 - ئاپرېل كۈنى «ئالتۇنىنىڭ
بازار باھاسى ئۇشتۇمتۇت ئوسۇپ، ھەر بىر زىخچە ئالتۇن ئوتكەن
ھەپتىدىكى 1 مىللىون 600 مىڭ يۈەن قاراڭغۇ بازار باھاسىدىن
بىردىنلا 1 مىللىون 900 نەچچە مىڭ يۈەنگە چىقتى. ئاڭلىشىمىز-

[1] جاڭبىفەن: «بيۇروكرات كاپىتالىنى ئىختىسادىي جەھەتتىن سوپۇ-
رۇپ تاشلايلى» - «جۇباۋ» ژۇرنىلىنىڭ 36 - سانىدىن.

چە، بۇندىڭ ئاساسىي سەۋەبى - مەركىزىي بانكىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تەخسىمات باھاسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىكەن، يەنى ھەربىر زىخچە ئالتۇننىڭ ئاۋالقى تەخسىمات باھاسى 1 مىللىون 600 مىڭ يۈەن بولسىمۇ، مەركىزىي بانكا شۇ كۈنى تۇيۇقسىزلا 80 مىڭ يۈەن ئۆستۈرۈپ، 1 مىللىون 680 مىڭ يۈەن قىلغان.» بۇنىڭ سەۋەبى قەيەردە؟ «مەركىزىي بانكا ئالتۇن سېتىپ، «فابى» پۇلىنى ژىغىۋېلىشتا، دۆلەتنىڭ غەزىنىسىدىكى ھەممە ئالتۇننى سېتىپ تۈگەتمەكچىمۇ؟ فاكت تامامەن ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار بەزىدە ئالتۇننى كۆپلەپ ساتسىمۇ، بەزىدە داۋاملىق سېتىۋالىدۇ، لېكىن شۇ ئارىلىقتا بىر ئاز پايدا بولسا كېرەك، مەسىلەن: بۇندىن ئىلگىرى 1 مىللىون 600 مىڭ يۈەندىن 866 زىخچە ئالتۇن سېتىۋالغان ئىدى، ئەمدىلىكتە 1 مىللىون 680 مىڭ يۈەندىن ساتتى، بۇنىڭدىن پايدا ئالغان 69 مىللىون 280 مىڭ يۈەنگە يەنە سېتىپ ئالامدۇ؟» لېكىن شۇنى بىلىش لازىمكى، بۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئالتۇن ئىشلىرىدا باي بولۇش ھىلىسىنىڭ بىرلا خىلى!

جازانىخورلۇق — 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا باي بولۇش ھىلىلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. ئۇلار بۇنداق فېوداللىق ئېكسپلۇئاتاتسىيىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، يە تۈرلۈك بانكا تەشكىلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يە 4 چوڭ بانكىنىڭ بىرلەشمە باشقارمىسى ئارقىلىق تۈرلۈك قەرز بېرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، تۈرلۈك قەرز پۇللارنىڭ ئۆسۈمى ژۇقۇرى بولغاننىڭ

ئۇسـتىگە يەنە ھەر كۈنى دېگىدەك ئۆسۈپ تۇرۇدۇ. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئايلىق ئەڭ ژۇقۇرى ئۆسۈم «لى» بويىچە ھېساپلىناتتى، ئەمدىلىكتە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ئاي-لىق ئۆسۈمى 5 فۇڭ چامىسىدا بولـدى، تۇرلۇك قولدىن - قولغا ئوتكۈزۈشلەر ئارقىلىق ئەڭ ژۇقۇرىسى 9 فۇڭغا يېتىپ قالدى. پۇل مۇئامىلىسى خاندانلىغىنىڭ بۇنداق «ھۆكۈمەت ئۆسۈمى»نىڭ تەسىرى ئاستىدا، بازارنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 10 فۇڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئۆسۈم تارىخىدىكى زور ئىجا-دىيتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى بىر قانچە ھىلە-لىرى توغرىسىدىكى سوزنى شۇ يەردە توختۇتىمەن.

دېمەك، جياڭ كەيشىنى ئەڭ ئالىي رەھبەر قىلغان 4 چوڭ ئائىلە—جۇڭگونىڭ فېودالىزم جەمئىيىتىدە زادى بولۇپ باقمىغان مالىيە ئولىگارخلىرى، فېودالـلىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي بۇلاڭچىلىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن مالىيە ئولىگارخلىرى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ يېرىم موس-تەملىكە، يېرىم فېودالـلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. خۇددى بۇ كىتاپنىڭ 1 - بابىدا ئېيتىلغاندەك: بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى خاندان-لىغى جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېودالـلىق تۈزۈمى زاۋالغا يۈز تۇتقان، خەلق ئويغانغان ۋە ئازاتلىق كۈچلىرى ھەممە

كونا نەرسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش ئالدىدا تۇرغان مەزگىلدە تۇغۇلغان، خەلققە قارشى تۇرۇپ قان شوراش بىلەن ياشايدىغان بارلىق فېئودال، كومپرادور، چىرىك پارازىتلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ژىغىندىسىدۇر. 4 چوڭ ئائىلە فېئودالارچە، مۇستەملىكىچە ۋە فاشىستلارچە ياۋۇزلۇق بىلەن باي بولۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۇرگەن. مەجبۇر قىلىش، تالان-تاراج، ئالداش، قاخشىتىش......مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ باي بولۇش ئۇسۇلى. ئۇلار چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرىنى تايانچ قىلدۇ، لېكىن ئۇلار پۈتۈن جەمئىيەتتە بەكمۇ يېتىم قالدى، ئۇلار پۈتۈن جۇڭگو جەمئىيىتى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەگدىشى يوق نۇرغۇن بايلىقلارنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىختىسادىي ئورنى ماھىيەت جەھەتتىن ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، تېز ۋاخىت گۇم بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

تۇۋەندە پۇل مۇئامىلىسى خاندانلىقى بولغان بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا-سېتىق، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى مونوپولىيىلىك تۈزۈملىرى ۋە ھەركىتى ئۈستىدە داۋاملىق توختۇلۇمىز، ھالبۇكى بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە بۇ پۇل مۇئامىلىسى خاندانلىقىنىڭ فېئوداللىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي خاراكتېرلىرى بىردەك ئۆزلەشكەن، شۇنىڭدەك بۇ ساھەلەردە ئۇلارنىڭ غايەت دەرىجىدە يېتىم، ئاجىز، چىرىك ھەم ئۆلۈۋاتقان

پارازىتلىق خاراكتېرلىرى بىردەك ئىپادىلىنىدۇ.

4. سودا-سېتىق ئىشلىرى بويىچە فېودال، كومپرادور ۋە ھەربىي مونوپولىيە

1) تۆت چوڭ ئائىلىنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرى بويىچە مونوپولىيىسىنىڭ باشلىنىشى

جياڭ كەيشى ئائىلىسىنىڭ فاشىستلىق ھەربىي خاندانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ خەلقارا سودىسىدا ئىمپورت ئېكسپورتتىن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، 1912-يىلى ئىمپورتنىڭ ئېكسپورتتىن ئېشىپ كېتىش كۆرسەتكۈچىنى 100 قىلغاندا، 1928-يىلغىچە ئېشىش-كېمىيىش بىردەك بولمىغان ئىدى، 1921-يىللىق كۆرسەتكۈچ 297.21 گە يېتىپ ئەڭ يۇقىرى دەپ ھېساپلانغان بولسىمۇ، لېكىن 1928-يىلدىن 1932-يىلغىچە بولغان كۆرسەتكۈچنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى شىمال مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چىق ئېشىپ كەتتى: 1928-يىلىنىڭ كۆرسەتكۈچى 199.47؛ 1929-يىلىنىڭ 243.81؛ 1930-يىلىنىڭ 404.49؛ 1931-يىلىنىڭ 510.85؛ 1932-يىلىنىڭ 542.62 بولدى.[1]

---

① 1934-يىللىق «شېنباۋ» يىل نامىسىنىڭ 757-بېتىدىن.

خەلـقارا سودىدا ئىمپورت ئېكسپورتتىن ھەر ژىلى كوپلەپ ئېشىپ تۇرغان بولسىمۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرى ئازايمىدى، ئازايمىدىلا ئەمەس، بەلكى كوپۇيۇشكە يۇزتۇتتى»①

بۇ ھال 4 چوڭ ئائىلىدىن ئىبارەت پۇل مۇئامىلىسى خاندانلىغىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، يەنى كوچلۇك سودا كومپرادورلۇق خاراكتېرىنى تولۇق كورسۇتۇدۇ. ئۇندىن كېيىنكى بىر قانچە ژىل ئىچىدە ئىمپورتنىڭ ئېكسپورتتىن ئېشىش كورسەتكۇچىنىڭ توۋەن چۇشۇشىمۇ خۇددى توۋەندە ئېيتىلغاندەك: «ئىمپورت سودىسىنىڭ ئازىيىشى خەلقىمىزنىڭ سېتىۋېلىش كۇچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىغىنىڭ ئىپادىسى. ئۇنىڭ ئازىيىشى ئېكسپورتنىڭ تېز كوپەيگەنلىگىدىن ئەمەس» ②. خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۇچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىغى—4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئۇچىغا چىققان مۇستەبىتلىك، فېئودال ۋە كومپرادورلۇق ھوكۇمرانلىغى بىلەن ئىمپېريالىستلار تەجاۋۇزىنىڭ بىرلەشكەنلىگىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىگىدە ھېچقانداق شەك يوق. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئوزىنىڭ سودىگەرچىلىك ھەركىتى بولسا مۇشۇنداق فېئودال ۋە كومپرادورلۇق ئاساسىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئوبدان ئىسپاتى.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى

---

① شۇي باۋخې: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى ژىللاردىن بۇيانقى بانكا ئىشلىرى» — «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 30 – توم، 9 – سانىدىن.

② 1936 – ژىللىق «شىنباۋ» ژىل نامىسىنىڭ 812 – بېتىدىن.

ئۇرۇشتىن ئىلگىركى سودىگەرچىلىكنى تووەندىكى مىسالالاردىن كورۇش مۇمكىن.

ھەممىگە مەلۇمكى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرسى بولغان كۇڭ شاڭشىنىڭ «مال ـ مۇلكىدە سودا كاپىتالى كوپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋالقى ئىقتىسادىي قورغىنى تيەنجىندە ئېچىلغان «شاڭجى» دۇكىنى ئىدى، بۇ دۇكان مەخسۇسلا گەزلىمە، بوياق ماتېرىياللىرى، كىروسىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماللار بىلەن تىجارەت قىلاتتى، شاڭخەيگە ئوخشاش چوڭ سودا پورتلىرىدا ئۇنىڭ شوبىسى قۇرۇلدى. بۇندىن تاشقىرى يەنە 7 ـ 8 يەردە چوڭ ماگازىن بار ئىدى، بۇ ماگازىنلارنىڭ ۋىۋىسكىسىغا «گۇاڭ» دىگەن خەت باش ئىسىم ئورنىدا يېزىلدى، مەسىلەن: جۇڭچىنىڭ لىگىسىڭ كوچىسىدىكى «گۇاڭ ماۋشىڭ» بۇنىڭغا بىرمىسال بولۇدۇ»[1]. بۇ، كۇڭ شاڭشى ئائىلىسىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بويىچە فېوداللىق، كومپرادورلۇق مونوپولىستىك ھەركىتىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئىدى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ يەنە بىر باشلىقى بولغان سۇڭ زىۋىنىنىڭ بولسا كولىمىنىڭ كەڭلىگى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سودا ئىشلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان سودىگەرچىلىگى بار، ئۇ ناھايىتى زور سودا تىرېستلىرىنى تەشكىل قىلدى. مەسىلەن، سۇڭزىۋىن 1936 ـ ژىلى

① جىڭشىڭ: «جۇڭگونىڭ بيۇروكرات كاپىتالى توغرىسىدا»نىڭ ئەسلى كوپىيىسىدىن.

قۇرغان ھەم ئۆزى باشقارما باشلىغى بولغان جۇڭگو پاختىچىلىق شىركىتىنىڭ كاپىتالى ئەسلىدە 500 مىڭ يۈەن ئىدى، 1937 ـ ژىلى ئەرتىيازدا 2 مىللىون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى، شۇ ژىلى مايدا يەنە 10 مىللىون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى؛ ئۇسۇش ناھايىتى تېز بولدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ كولەمى مەملىكەت بويىچە پاختا، ژىپ ۋە گەزلىمە سودىسىنى مونوپولىيە قىلدىغان سودا تەشكىلىگە ئايلانغانلىغىدا شەك يوق①. (بۇ شىركەتنىڭ 1936 ـ ژىللىق پاختا سودىسىنىڭ ئۇمۇمىي سوممىسى 13 مىللىون يۈەندىن ئاشقان، ساتقان گەزلىمىسى تەخمىنەن 5 مىللىون يۈەنگە، ئۇنىڭدىن باشقا ۋاكالىتەن قىلغان ئىشلىرىنىڭ سودىسى تەخمىنەن 3 مىللىون يۈەنگە يەتكەن، جەمئى 20 مىللىون يۈەندىن ئاشقان. شۇ ۋاختىتىكى پۇل بويىچە قارىغاندا، بۇ ناھايىتى كوپ سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ). يەنە 1937ـ ژىلى ئاپرېلدا قۇرۇلغان، سۇڭ زىۋېن باشقارما باشلىغى بولغان جەنۇبىي جۇڭگو گۈرۈچچىلىق شىركىتى 10 مىللىون يۈەن كاپىتالغا ئىگە ھەم ئۇنىڭ 20 مىللىون يۈەن ئوبوروت فوندى بار. بۇ، چەتئەلدىن گۈرۈچ توشۇش ئىشلىرى بويىچە چوڭ مونوپولىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ شىركەت قۇرۇلۇشتىن 2 كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ باشقارما ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئۇتيەچىڭ جياڭكەيشى ھوكۇمىتىگە تېلېگرامما

① 1937 ـ ژىل 13 ـ ماي ۋە 3 ـ ئىيۇندىكى «شىنباۋ» گېزىتىگە قارالسۇن.

ئارقىلىق ئىلتىماس قىلىپ چەتئەلدىن كىرىدىغان گۈرۈچنى باج
ئالماي كىرگۈزۈشكە رۇخسەت ئالدى[①]، شۇنىڭ بىلەن بۇ كوم-
پرادورلۇق زور مونوپولىيە يەنە كومپرادورلۇق زور ئىمتىيازغا
ئىگە بولدى. شۇ ۋاقىتتا، گۈرۈچنى باج ئالماي ئىمپورت
قىلىش توغرىسىدا ھەممە يەردە «نارازىلىق گەپ - سوزلەر ئارقا-
ئارقىدىن يېغىپ كەتكەن» ھەم سودىگەرلەر جەمئىيىتى تىلىبگ-
راما بېرىپ قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن، كومپرادور ئائىلى-
لەرنىڭ ئوزىنىڭ باي بولۇشىنىلا كوزلىگەنلىكى ھەم جياڭكەيشى-
نىڭ ھەربىي ھاكىم مۇتلەقلىقىنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن بۇ ئىشمۇ
بىر ياققا قايرىلىپ قالدى. يەنە 1937 - ژىلى ئاپرېلدا قۇرۇلغان
«بىرلەشمە مىللىي مال شىركىتىمۇ سۇڭزىۋىن ئائىلىسىنىڭ ئىلە-
كىدە بولۇپ (سۇڭزىلياڭ ئۇنىڭ باشقارما ئەزالىرىنىڭ بىرى)،
«مەملىكەت بويىچە سودا تورىنى قۇرۇش» بىلەن، مەملىكەت
بويىچە مىللىي مال سودىسىنى—مەيلى يېڭى شەكىلدىكى سانا-
ئەت، قول سانائەت ماللىرى ۋە يەرلىك تۇرلۇك مەھسۇلات
بولغىنىدىن قەتئىي نەزەر—مونوپولىيە قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەمە-
لىيەتتە، چەتئەل ماللىرى ياكى «مىللىي مال» دەپ ياساپ كور-
سۇتۇلگەن چەتئەل ماللىرى سودىسىنى مونوپولىيە قىلىشقا ئۇرۇن-
دى، ئەلۋەتتە. شۇ ۋاقىتتىكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا: «بىر-
لەشمە مىللىي مال شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شاڭخەي،

① تيەنجىن «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1937 - ژىل 21 - ئاپرېل سانىدىن.

جېڭجو، چاڭسا، ۋىنجو، جېڭجاڭ، فۇجو، جىنەن، شىئەن، شۈيجوۋ، چۇڭچىن، كۇڭمىن، گۇاڭجۇدىن ئىبارەت 12 جايدا قۇرۇلغان مىللىي مال شىركەتلىرىنى پائال تولۇقلىغاندىن باشقا، يەنە 17 شىركەت قۇرماقچى......بۇلار تۆۋەندىكىچە: نەنجىن، خەنكۇ، بېيپىن، تيەنجىن، چىڭدۇ، گۇيياڭ، ساڭئۇ، شەنتۇ، ساشى، كەيفىڭ، ياڭچۇي، نەنچاڭ، جۇجاڭ، ئۇخۇ، كۇڭمىن، خاڭجۇ، يىڭشەن». سۇڭزىۋىن ئائىلىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە چەتئەل ماللىرى سودىسىنى مونوپولىيە قىلىش قارا نىيىتى مۇشۇ پلاندا تولۇق پاش بولدى. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى سۇڭزىۋىن ئائىلىسىنىڭ بۇنداق زور سودا تىرەستىنىڭ بىۋاسىتە يولەنچىسى: «مەملىكەتلىك باش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۇيۇشمىسى ۋە ئىگىلىك مىنىسترلىگى ھەممە ھوكۇمەت ئىدارىلىرىغا ئالاقە يېزىپ: ھازىر بىرلەشمە مىللىي مال شىركىتى قۇرۇلدى، مال لازىم بولسا مۇمكىن قەدەر شۇ شىركەتتىن ئېلىپ، تەشەببۇسچى بولۇپ بىردىشلىرىنى سورايمىز، جايلار مال ئالماقچى بولسا، شۇ شىركەتكە ئۇختۇرسا دەرھال ئادەم ئېۋەتىپ سوزلۇشىدۇ، دېگەن»[1]. 4چوڭ ئائىلىنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىدىكى مونوپولىيىسىمۇ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى مونوپولىيىسىگە ئوخشاشلا سىياسىي ۋە ھەربىي زورلۇققا يولەندى، بۇ «ئالاقە» ئۇنىڭ كىچىككىنە بىرىنى ئىپادىلىدى، خالاس.

① «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1937 - ژىل 12 - ئاپرېل سانىدىن.

2) سودا سپېكۇلاتسىيىچىلىرىنىڭ باشچىلىرى ۋە سودا مونوپولىيىسىنىڭ تەشكىلىي تورلىرى

ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا، 4 چوڭ ئائىلە پۇل مۇئامىلىسى بويىچە ئاشكارا مونوپولىيىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سودا ئىشلىرى بويىچە ئاشكارا مونوپولىيىگە ئۆزگەرتتى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇيان، بانكىرلارنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىدىكى سپېكۇلاتسىيىچىلىكىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىگى ھەممىگە مەلۇم. مەسىلەن: كاڭيۇرىننىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 1939-ژىلىنىڭ ئاخىرىدا چۇڭچىن شەھرىدىكى 15 بانكىنىڭ قەرز بەرگەن پۇلى ئىچىدە سودا ئىشلىرىغا بەرگىنى ئۇمۇمىي قەرز پۇلىنىڭ 89%دىن كۆپرەكىنى، يېزا ئىگىلىك ۋە كان، سانائەت ئىشلىرىغا بەرگىنى ئاران 0.1%نى تەشكىل قىلغان. 1940-ژىلىنىڭ ئاخىرىدا، چۇڭچىن شەھرىدىكى 26 بانكا ۋە سەرراپنىڭ سودا ئىشلىرىغا بەرگەن قەرز پۇلى ئۇمۇمىي قەرز پۇلىنىڭ 96%دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان، يېزا ئىگىلىك ۋە كان، سانائەت ئىشلىرىغا بەرگىنى 3%دىن ئاشمىغان. 1941-ژىلىنىڭ ئاخىرىدا، چۇڭچىن شەھرىدىكى 36 بانكا ۋە سەرراپنىڭ سودا ئىشلىرىغا بەرگەن قەرز پۇلى 89%نى، كان، سانائەت ئىشلىرىغا بەرگىنى 7%نى تەشكىل قىلغان. 1942-ژىلى مارتنىڭ ئاخىرىدا، چۇڭچىن شەھ-

رىلدىكى 60 بانكا ۋە سەرراپنىڭ سودا ئىشلىرىغا بەرگەن قەرز پۇلى يەنە 80%نى تەشكىل قىلغان، كان، سانائەت ۋە قاتناش ئىشلىرىدىن ئىبارەت سانائەتكە بەرگىنى 12% دىن ئاشمىغان. بۇنداق سودا سپىكۇلانتلىغىنىڭ قىزىپ كېتىشىگە باشچىلىق قىلغۇچىلار باشقا كىشى ئەمەس، يەنە شۇ 4چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىغىدىكى 4 بانكا، 2 ئىدارە. خۇددى تووەندىكى تەكشۈرۈشتە ئېيتىلغاندەك: «4بانكا بىرلەشمە باشقارمىسىنىڭ بىر نەچچە ژىلدىن بۇيانقى قەرز ئىشلىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، تووار زالوگى ئاساسى ئورۇننى ئىگەللەپ كەلدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دوكلادىغا قارىغاندا، 4 بانكا بىرلەشمە باشقارمىسى تەستىقلىغان مەخسۇس ئىشلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 1937 - ژىلى سىنتەبىردىن 1939 - ژىلنىڭ ئايىغىغىچە جەمئى 530 مىللىون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كان، سانائەت ئىشلىرىغا بېرىلگىنى 30 مىللىون يۈەن، بۇ ئۇمۇمى قەرز پۇلنىڭ ئاران 5٬64%نى تەشكىل قىلدى. 1940 - ژىلى قەرز بېرىلگەن پۇل 560 مىللىون يۈەن بولسىمۇ، كان، سانائەت ئىشلىرىغا قەرز بېرىلگىنى ئاران 19.33%نى تەشكىل قىلدى، بۇ تەخمىنەن 109 مىللىون يۈەنگە يېتىدۇ. مەزكۇر باشقارمىنىڭ 1941 - ژىلى كان، سانائەت ئىشلىرىغا قەرز بەرگەن پۇلى مۇتلەق ساندا 210 مىللىون يۈەنگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن نىسبىي ساننىڭ ئۇمۇمىي پروتسېنتى ئەكسىنچە كېمىيىپ 13.91% كەچۈشۈپ قالغان. يەنە 1942 - ژىلنىڭ 1 - يېرىمىدا، «دۆلەت بانكىسى»نىڭ كان،

سانائەت ئىشلىرىغا قەرز بەرگەن پۇلى 65%، 38 غىچە ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سانى ئاران 344 مىللىون يۈەن بولغان. 5 ژىلدىن بۇيان مەزكۇر باشقارمىنىڭ مەخسۇس ئىشلارغا جەمئىي قەرز بەرگەن پۇلىدىن ھەر ژىللىق سالدۇ تەخمىنەن 3 مىللىارد 539 مىللىون يۈەن، بۇنىڭدىن كان، سانائەتكە قەرز بەرگەن پۇلى 699 مىللىون يۈەن بولۇپ، ئۇمۇمىي سانىنىڭ ئاران 76%، 19نى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭدىن «دولەت بانكىسى»نىڭ ئۇرۇش ۋاختىدىكى ئىشلىرىنىڭ نىشانىسىنى كورگىلى بولۇدۇ» ①. دېمەك، جياڭكەيشى، سۇڭزىۋېن، كۇڭشياڭشى، چېن گوفۇلارنىڭ «دولەت» بانكىسىنىڭ ئۇرۇش ۋاختىدىكى ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي نىشانىسى باشقا نەرسە ئەمەس، يەنە سودا سپېكۇلانتلىغىدۇر. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «ھوكۇمەت» بانكىسى شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ «سودىگەر» بانكىلىرى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئاشۇرۇپ قىلدىدۇ. كۇڭشياڭشىنىڭ سەنشىدىكى ئاتاقلىق «يۈي خۇا» بانكىسىنى مىسالغا ئالساق، شۇ بانكا بىلەن چوڭچىن بانكىسىنىڭ 1940-ژىلى دېكابرنىڭ ئايىغىدىكى پۇل قەرز بېرىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، سودا ئىشلىرىغا بەرگەن قەرز پۇلى ئۇمۇمىي قەرز پۇلىنىڭ 58%. 87نى تەشكىل

① جياڭچېنگشاڭ: «بانكا كىرىدىتى ۋە مال باھاسىنى باشقۇرۇش» — «ۋېنشۈي» ييېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1942 - ژىل نويابىردىكى 2 - توم، 4 - سانىدىن.

قىلغان①. بۇنداق سوداسپېكۇلاتسىيىلىگىنىڭ ھىلە-مىكىرلىرى ناھا-
يىتى كۆپ. جياڭ كەيشى، سۇڭ زىۋىن، كۇڭ شياڭشى ۋە چېن-
گوفۇدىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلە مونوپولىيە قىلغان پۇل كۈچىگە
ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچلىرىنىمۇ ئۆزىگە
تىرەنچەك قىلدى، بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن مىلىتارىست،
بيۇروكرات ۋەھشىيونلۇق ئورگانلىرىنى ئۆزىگە باغلىدى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ھەممىلا بوشلۇقلارغا سۇڭگۈپ كىرىۋەدى، بولۇۋاتقان
ئۆزگۈرۈشلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇن-
داق قىلىپ سوداسپېكۇلاتسىيىلىگىدا مونوپولىستلىق ئورۇنغا ئىگە
بولۇۋالدى.

ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا: 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ياپون ئىمپېريا-
لىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى مونوپولىستلىق
سودىسىنىڭ ئاشكارە تەشكىلىي، «ھوكۈمەت» نامىدا ۋە «سو-
دىگەرلەر» نامىدا بولۇپ 2 خىلغا ئايرىلىپ كەلدى. ھوكۈمەت
نامىدىكى تەشكىل ئالدى بىلەن ھەممىگە مەلۇم بولغان سودا
ھەيئىتى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 3 چوڭ شىركەتتىن ئىبارەت.
1937-يىلى سېنتەبىردە جياڭ كەيشىنىڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ
قارىمىقىدا ئۈچ «تەرتىپكە سېلىش» ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ

---

① جياڭ يۇيجۇ «سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ياپون ئىمپېريالىزمىنىڭ تەجا-
ۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇيانقى پۇل مۇئامىلىسى» — «سىچۈەن جىڭجى»
دىگەن پەسىللىك ژۇرنالىنىڭ 1-توم، 1-سانىدىن.

بىرى «سودىنى تەرتىپكە سېلىش ھەيئىتى» بولۇپ، ئۇنىڭغا «دۆلەت غەزىنىسى» دىن 20 مىللىون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. مانا بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سودىسىنى جياڭكەيشى ھەربىي سىستېمىسىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق تۈتۈپ بەرگەنلىكىدۇر. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودىدىكى مونوپولىستلىق ھەركەتلىرى شۇ سەۋەپتىن ئوزىنىڭ ھەربىي ۋە سودا مونوپولىيىسى خاراكتېرىدە ئىكەنلىگىنى بىۋاسىتە ئىپادىلىدى. 1938 - ژىلى فېۋرالدا، بۇ ھەيئەت مالىيە مىنىستىرلىگىنىڭ قارىمىغىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، سودا ھەيئىتى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا «فۇشىڭ» شىركىتى، «فۇخۇا» شىركىتى ۋە جۇڭگو چاي شىركىتىدىن ئىبارەت 3 چوڭ شىركەت بولۇپ، ژىپەك، چاي، تۇڭ يېغى ۋە چوشقا قىلىغا ئوخشاش ئاساسىي ئېكسپورت ماللىرى سودىسىنى مونوپولىيە قىلدى (بۇندىن باشقا ئاساسىي ئېكسپورت ماللىرى مەسىلەن: ۋولفرام، سۇرمە، قەلەي ۋە سىماپقا ئوخشاش كان مەھسۇلاتلىرى بولسا تەبىي بايلىقلار ھەيئىتىنىڭ مونوپولىيىسىگە ئۆتتى). «فۇشىڭ» ۋە «فۇخۇا» شىركەتلىرى («فۇخۇا» شىركىتى 1942 - ژىلى «فۇشىڭ» شىركىتى بىلەن بىرىكتۈرۈلدى) نىڭ باشقارما باشلىغى يەنە كۇڭ شاڭشى بولدى، چېنلىفۇ ئائىلىسى (CC) سىستېمىسى بولسا جۇڭگو چاي شىركىتىدە كۈچكە ئىگە بولۇۋالدى. جياڭكەيشى سۇلالىسى بۇندىن سودا مونوپولىيىسى توغرىسىدا ناھايىتى قاتتىق بەلگىلىمە

لەرنى چىقاردى، مەسىلەن، تۇڭ يېغى توغرىسىدا: «"فۇشىڭ" شىركىتىنىڭ مال سېتىۋېلىش ئورگىنى قۇرۇلغان بازارلارنىڭ ھەممىسىدە، باشقا ھەر قانداق ئىدارە، دۇكان ياكى شەخسلەرنىڭ مال سېتىۋېلىشىغا ياكى توشۇپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دەپ بەلگىلىدى. چوشقا قىلى توغرىسىدا: «مەملىكەت بويىچە ھەر خىل چوشقا قىللىرىنى سېتىۋېلىش ۋە توشۇش ئىشلىرىنى مەركىزىي ۋاسىتىچىلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ» دەپ بەلگىلىدى ۋە باشقىلار. ئۇلۇق ئوكيابىر ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئېكسپورت ئىشلىرى قىيىن بولۇپ قالدى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇ ئېكسپورت سودىسى «نىشانىنى ئىچكى سودىغا» قاراتتى. مونوپولىستلىق ھەركىتىدە بولسا، «خەلق بىلەن پايدا تالىشىشتىن تېخىمۇ باش تارتمىدى». بۇندىن تاشقىرى، كۇڭشاڭشى ئائىلىسى سىستېمىسىنىڭ قولى ئاستىدا يەنە «ھوكۇمەت» نامىدىكى زور سودا مونوپولىيىسى بار. مەسىلەن: يېزا ئىگىلىك كاپىتالى ئىدارىسىنىڭ «فۇشىڭ» دۇكىنى پاختا، پاختا ژىپ ۋە پاختا گەزلىمە سودىسىنى مونوپولىيە قىلدى.

مەخسۇس سېتىش تۈزۈمى — 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «ھوكۇمەت» نامىدىكى سودا مونوپولىيىسىنىڭ بىر خىل تەرەققىياتىدۇر. ئەمەلىيەتتە، ژۇڭقۇردا ئېيتىلغان 3 چوڭ شىركەت ۋە يېزا ئىگىلىك كاپىتالى ئىدارىسىدىكى «فۇشىڭ» دۇكىنىنىڭ تۈرلۈك ماللار سودىسىنى مونوپولىيە قىلىشى بىر خىل مەخسۇس ئېلىش

ۋە مەخسۇس سېتىش شەكلىدە بولۇپ كەلدى. 1941 - ژىلى
ئاپرېلدا گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 - نوۋەتلىك ئومۇمىي
ژىغىنىدا مەخسۇس سېتىش تۈزۈمىنى ئورنۇتۇش قارار قىلىندى.
بۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى مەخسۇس ئېلىش
ۋە مەخسۇس سېتىشىنىڭ مەۋجۇتلىغىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇ-
نىڭدەك 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق تۈزۈمى ئۈچۈن يېڭى يول
ئېچىپ بەردى.

4چوڭ ئائىلىنىڭ ياپون ئىمپېريالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى
ئۇرۇش دەۋرىدىكى «سودىگەرلەر» نامىدا قۇرۇلغان سودا مونو-
پولىيىسىدىن كۆكشاگشى ئائىلىسىگە تەۋەلىرى چوڭچىندىكى
«شاگجى» شىركىتى، «چىڭجى» ژىپ دۇكىنى، «چاگخۋا»
شىركىتى ۋە «دايۇەن» شىركىتىدىن ئىبارەت، «چىڭجى» ژىپ
دۇكىنى (بۇ دۇكان «هوكۇمەت» نامىدىكى «فۇشىڭ» دۇكىنى
بىلەن رىقابەتلىشەلەيدۇ) گومىنداڭ هوكۇمرانلىغىدىكى رايونلار-
نىڭ پاختا گەزلىمە بازارلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالدى، «چاگخۋا»
شىركىتى ترانسپورت ئىشلىرى ۋە ئىمپورت سودىسىنى بىر تۇتاش
باشقۇرۇدۇ، «دايۇەن» شىركىتى بولسا مېتال، ئېلېكتر سايمان-
لىرى ۋە ئاۋتوموبىللارنى باشقۇرۇدۇ. بۇندىن تاشقىرى، چوڭ-
چىندىكى ئاتاقلىق «خىڭيىشىڭ» دۇكىنىنى كۆكشاگشىنىڭ 2 -
قىزى باشقۇرۇدۇ. ئىختىسادىي پەن تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى
بۇنداق يازىدۇ: «سىياسىي شەرت - شارائىتلار ئۇنىڭ ئۈچۈن

ناھايىتى ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، باجتولىمەسلىك ئىشىدە باشقا ھەر قانداق سودىگەر ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ، شۇڭا بۇ شىركەتلەرنىڭ ئىشى ئادەتتىكى سودىگەرلەرنىڭكىدىن قانچە ھەسسە ياخشى بولۇپ كەتتى»①. سۇڭزىۋېن ئائىلىسى سىستېمىسىغا تەۋەلىرى ياكى سۇڭزىۋېن ئائىلىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى كاپىتال قوشقان، ياكى چېنلىفۇ ئائىلىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى بىلەن بىرلىكتە كاپىتال قوشقانلىرىدىن ئالساق: جۇڭگو پاختا سودا شىركىتى، جۇڭچىڭدىكى جۇڭگو مىللىي ماللار شىركىتى، سىچۇەن چارۋا مەھسۇلاتى شىركىتى، سىچۇەن ژىپەكچىلىك شىركىتى، شىنىڭدىكى «شىڭيە» شىركىتى ۋە باشقىلار بار. چېنلىفۇ ئائىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرغانلىرىدىن ئالساق: «خۇاخۇا» تاۋار - دۇردۇن شىركىتى داڭلىق شىركەت، «بۇ شىركەت پۇل تېپىشقا ھەممىدىن ئۇستا، چىڭدۇ ۋە گۇيلىڭ شەھەرلىرىدە شۆبىلىرى بار، ھەر قانداق تاۋارنى بېسىۋالىدۇ، شۇنىڭدەك 3 يەردىكى شىركەت بىلەن شۆبە شىركەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاۋتوموبىللىرىدىن پايدىلىنىپ، بازارنى ناھايىتى ئەپچىل مونوپولىيە قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تىجارىتى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغايماقتا»② بۇنىڭدىن تاشقىرى،

① جىڭشىڭ: «جۇڭگونىڭ بيۇروكرات كاپىتالى توغرىسىدا» ئەسلى كوپىيىسىدىن.

② جىڭشىڭ: «جۇڭگونىڭ بيۇروكرات كاپىتالى توغرىسىدا» ئەسلى كوپىيىسىدىن.

«خۇاجەن» سودا شىركىتى، پاختا توشۇش ۋە سېتىش شىركىتى ۋە باشقىلار بار.

ژۇڭگوردا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «ھوكۇمەت» ياكى «سودىگەر» نامىدىكى ئاشكارا سودا مونوپولىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە 4 بانكا، 2 ئىدارىنىڭ بىر قەدەر يوشۇرۇن ھالدائوز ئالدىغا قۇرغان دۇكانلىرى ئېيتىلمىدى. «بانكىلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىتالىنى ياسودا ئىشلىرىغا بىۋاستە تاشلايدۇ، يائوزلىرى قۇرغان دۇكانلارغا قەرزشەكلىدە بېرىدۇ، بۇ دۇكانلارنىڭ مەسئۇل خىزمىتىنىڭ كوپچىلىگىنى بانكىلارنىڭ مۇھىم خادىملىرى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بانكىلار دۇكانلارنىڭ نامىنى سېتىپ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ، دۇكانلار بانكىلارنىڭ كاپىتالىدىن پايدىلىنىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇھال سودا بانكىلىرىدا خېلى ئومۇملاشقانلا ئەمەس، بەلكى دولەت بانكىلىرى (4 چوڭ ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي بانكىسى — ئاۋتوردىن) ياكى ئۆلكىلىك، يەرلىك بانكىلاردىمۇ يېگى ئىش ئەمەس»[1]. كومپرادور، فېوداللىق تۈزۈم ئاستىدا قالغان گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا، بولۇپمۇ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە سانائەت پاي-

---

① چەنجاجۈي: «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى پۇل مۇئامىلىسىنىڭ نىشانىسى توغرىسىدا تەكشۇرۇش» — «گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ پەسىللىك ژۇرنىلى» نىڭ 3 - توم، 3 - سانىدىن.

دىسى بانكىنىڭ ئۇسۇمدىن كېيىن قالدى، بانكىنىڭ ئۇسۇمى بولسا سودا پايدىسىدىن كېيىن قالـدى. بانـكىلار ئۇزلىرىنىڭ كاپىتالىنى سودا سېپىكۇلانتلىـغىغا تاشلاپ كوز ژۇمۇپ ئاچقىچە ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدىغان بولدى. شۇڭا، بانكىلار سودا ئىشلىرى بويىچە تۇرلۇك ئاشكارا تەشكىلاتلارغا كاپىتال قوشۇپ ۋە ئۇز ئالدىغا سودا دۇكانلىرى ئېچىپلا قالماي، بەلكى بانكىـلارنىڭ ئۇزلىرىمۇ ئەينى زامانـدا سودا دۇكانـلىرىغا ئايـلىنىپ كەتتى. 4 بانكا، 2 ئىدارە سودا دۇكانلىرىنىڭ پەقەت ئۇزىلا بولۇپ كەتتى. بۇ توغـرىدا «داگۇڭـباۋ» گېزىتى 1941 - ژىلى دېكابردىكى باش ماقالىسىدا بۇنداق قاراشـتا بولدى: «ھەممە كىشى «فابى» پۇلىنىڭ بانكىغا يېنىپ كىرمىگەنلىكىدىن خاپا، بىراق بانكىغا يېنىپ كىرگەن ھالەتـتىمۇ يەنە بانكا تەرەپـتىن سېپىكۇلانتلىق ئىشلىرىغا تاشلىنىدۇ...... بۇنداق ئەھـۋال سودا بانكىسىدىلا ئەمەس، «دولەت بانـكىسى»مۇ (4 چوڭ ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي بانكىسى دەپ ئوقۇش كېرەك - ئاۋتوردىن) بۇنىڭدىن خالـى ئەمەس. «دولەت بانـكىسى» نىڭ (4 چوڭ ئائىـلىنىڭ خۇسۇسىي بانكىسى دەپ ئوقۇش كېرەك) ۋاسىتىچىلىق بولۇمى بار، ئۇ 2 فۇڭدىن ئارتۇق ژۇقۇرى پايدا بىلەن ئامانەت پۇللارنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇكاپىتال ئەلۋەتتە سودا سېپىكۇلانتلىغىغا تاشلىـنىدۇ» ①. 4 بانـكىنىڭ بىۋاسىتە سودا سېپىكۇلانتـلىغى بىـلەن

---

①«داگۇڭـباۋ» گېزىتىنىڭ 1941 - ژىلى 13 - دېكابـردىكى باش ماقالىسىدىن.

شۇغۇللانغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئادەتتە گېزىتكە بېسىش مۇمكىن ئەمەس؛ لېكىن 1945 ـ ژىلى 19 ـ ئىيۇلدا سىياسىي كېڭەشمە مەجلىسىگە چۈشكەن جۇڭگو دېخانلار بانكىسى توغرىسىدىكى بىر تەكلىپتە بۇنداق دېيىلگەن: «جۇڭگو دېخانلار بانكىسى ئۆزىنىڭ ئىشىغا خىلاپلىق قىلىپ، نۇرغۇن پۇلنى سودا ئىشلىرىغا قەرز بېرىپ، بازارغا تەسىر يەتكۈزدى». يەنە بۇنداق دېيىلگەن: «جۇڭگو دېخانلار بانكىسى تۇز تۇشۇيدۇ، ياغ ساتىدۇ، ئاشلىق بېسىۋالىدۇ...... بۇنىڭدا شەخسلەر خىيانەت قىلىپ كەتتى دېگەن گۇمان بار (گۇمان؟)». مۇ شۇ ئىشنىڭ ئۆزىلا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، 4 بانكا كاپىتال قوشقان تۈرلۈك «تىجارەت شىركەتلىرى» مۇ ئاساسەن سودا ئۈچۈن كاپىتال قوشۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دېخانلار بانكىسىنىڭ پېيى 68% نى تەشكىل قىلغان گۇيىجۇ تىجارەت شىركىتى شۇنداق قىلىدۇ.

شۇڭا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسى تۈرلۈك شەكىلدە بولىدۇ، يەنى «ھۆكۈمەت» نامىدا، «سودىگەرلەر» نامىدا بولىدۇ، «ھۆكۈمەت» نامىدىكىلىرىنىڭ يەنە نۇرغۇن شەكىللىرى بولىدۇ، «سودىگەرلەر» نامىدىكىلىرىنىڭ تېخىمۇ نۇرغۇن شەكىللىرى بولىدۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، 4 بانكا ۋە مەركىزىي ۋاستىچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە

4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئەڭ زۇقۇرى سودا مونوپولىيىلىرىدۇر. 4 بانكا بىرلەشمە باشقارمىسىنىڭ رەئىسى جياڭ كەيشى ئەنە شۇ سودا مونوپولىيىسىنىڭ ئالىي رەھبىرى، شۇنىڭدەك ھەممە زور سودا سپېكۇلاتىلىغىنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھىمايىچىسىدۇر. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ نۇرغۇن پۇل كۈچىگە ئىگە بولغان بۇ سودا مونوپولىيىسى ھەربىي ئورگانلار، بيۇروكراتلىق ۋە شىپونلۇق ئورگانلىرىنىڭ بىۋاستە ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قاتناش ئىشلىرىنى مونوپولىيە قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە. مەسىلەن: تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ مونوپولىيە قىلىنىشى، تۆمۈريول ۋە تاش يوللاردىن تولۇق ئېتىۋار بىلەن پايدىلىنىش ھوقۇقى ۋە ھەربىي ھەيئەت قارىمىغىدىكى غەربىي - جەنۇپ ئىمپورت ۋە ئېكسپورت ماللىرى ترانسپورتىنى ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىش باشقارمىسى (سۇڭزىلياڭنىڭ سابىق غەربىي-جەنۇپ ترانسپورت شىركىتى)، جۇڭگو - ئامېرىكا بىرلىشىپ باشقۇرۇدىغان جۇڭگو ئاۋىئاتسىيەشىركىتى...... ۋە باشقىلار. مانا بۇلار، جۇڭگودا تارىختىن بۇيان ئېكسپلوئاتاتور سىنىپلارنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ئاشكارا سودا مونوپولىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3) ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىشتەك ۋەھشى بۇلاڭچىلىق

زۇقۇرىدىكىلەردىن قارىغاندا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «ھوكۇمەت»

ياكى «سودىگەرلەر» نامىدىكى فېئودال، كومپرادور ۋە ھەربىي سودا مونوپولىيىسىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. جۇڭگو ئىقتىسادى ئەسلىدە ئارقىدا قالغان يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق ئىقتىسات ئىدى، ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇششاق دېھقانچىلىق ۋە ئوتتۇرا، كىچىك سانائەتلەر ئاساسىي ئورۇننى تۇتۇدۇ، بولۇپمۇ ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئاساس قىلىنىدۇ؛ بۇنداق ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ناھايىتى تارقاق ۋە يەككە ھالدا ئىش قىلىدۇ، ئادەتتە چوڭ سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك خاراكتېردىكى تۈرلۈك سودا مونوپولىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئېكۋىۋالېنتسىز ئايرىۋاشلاش يولى بىلەن ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك ھالدا ئېكسپلۇئاتسىيە قىلىدۇ. مانا بۇ فېئوداللىق ۋە مۇستەملىكە سودىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 4 چوڭ ئائىلە يېڭى ھۆكۈمرانلىق خاندانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ بۇنداق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئۆزگەرمىدى، ۋاھالەنكى 4چوڭ ئائىلە جۇڭگودا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ زور سودىگەرلەرگە ئايلاندى، جۇڭگودىكى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ۋە مىللىي سانائەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا نىسبەتەن غايەت دەھشەتلىك يوسۇندا مونوپولىيە قىلىش ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كەتتى ۋە ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتتى. ئۇلار-

نىڭ زورلۇق ۋە ئوغۇرلۇق بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۇلاڭچىلىقىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بولدى.

ئالدى بىلەن سىياسىي كېڭەشمىنىڭ بىر قانچە ئەزاسىنىڭ 3 چوڭ شىركەتنىڭ مال سېتىۋېلىشتىكى ھۆكۈمەت باھاسى بىلەن بازار باھاسىنىڭ چېقىشتۇرمىسى توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىگە قاراپ باقايلى. مەسىلەن، ژېپەك توغرىسىدا سىياسىي كېڭەشمە ئەزالىرى مۇنداق يازغان: «بۇ ھەيئەت (سودا ھەيئىتىنى دېمەكچى — ئاۋتوردىن) نىڭ سېتىۋېلىش توغرىسىدا بەلگىلىگەن ھۆكۈمەت باھاسى كورۇنۇشتە چەتكە سېتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىچكى بازارنىڭ باھاسىغا قارىغاندا ئۇنىڭ پەرقى ژىلدىن - ژىلغا چوڭىيماقتا. مىسال ئۈچۈن كۆزلۈك پىلىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر دەننىڭ ھۆكۈمەت باھاسى بازار باھاسىدىن 1938 - ژىلى 300 يۈەن، 1939 - ژىلى 1580 يۈەن، 1940 - ژىلى 2050 يۈەن، 1941 - ژىلى 5000 يۈەن، 1942 - ژىلى 8500 يۈەن كەم بولدى......1943 - ژىلى بۇ پەرق 6000 يۈەنگە چۈشتى». تۇڭ يېغى توغرىسىدا سىياسىي كېڭەشمە ئەزالىرى بۇنداق يازغان: «بۇ شىركەت («فۇشىڭ» شىركىتىنى دېمەكچى — ئاۋتوردىن) بەلگىلىگەن تۇڭ يېغىنىڭ باھاسىنى بازار باھاسىغا سېلىشتۇرغاندا، 1942 - ژىلى ھەر دەننىڭ باھاسى 100 يۈەن كەم بولسا، 1943 - ژىلى 1100 نەچچە يۈەنگە قەدەر كام بولدى.»[1]

[1] سىياسىي كېڭەشمىنىڭ 3 - چاقىرىلىق ھەيئىتىنىڭ 3 - سانلىق مەجـ

سىياسىي كىبگەشمە ئەزالىرىنىڭ تەكلىپلىرىدە چاي سېتىۋې-
لىشتىكى ھوكۇمەت باھاسى ئېيتىلمىغان. باشقا تەرەپلەردىن ئېلىنغان
ماتېرىياللار بويىچە چاي سېتىۋېلىشتىكى ھوكۇمەت باھاسى بىلەن
ئۇنىڭ تەننەرقىنى سېلىشتۇرۇپ كورۇشىمىز مۇمكىن. «...... ئىشلەن-
مىگەن چاينىڭ ئوتتۇرىچە سەھرا باھاسى ئەمىلىي تەننەرقىدىن
توۋەن بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، 1940 - ژىلى دۇنلۇدىكى ئىشلەپچە-
قىرىش تەننەرقى توغرىسىدىكى تەكشۇرۇشكە قارىغاندا 61.05 يۇەن
ئىكەن، ۋاھالەنكى شۇژىلى دۇنلۇ رايونىدا ئىشلەنمىگەن چاينىڭ
ئەڭ توۋەن باھاسى 44 يۇەن، ئوتتۇرىچە باھاسى 55 يۇەن، ئەڭ
ژۇقۇرى باھاسى 66 يۇەن بەلگىلەنگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلۇ
رايونىدا چاينىڭ تەننەرقىنى تەكشۇرۇشكە قارىغاندا 69.70 يۇەن
ئىكەن، ئىشلەنمىگەن چاينىڭ سەھرا باھاسى بولسا 60.84 يۇەن
بەلگىلەنگەن؛ 1941 - ژىلى دۇنلۇدا ئىشلەنمىگەن چاينىڭ تەن-
نەرقى چىمىندىكى ئاتاقلىق 4 چوڭ چاي دۇكىنىدىن تەكشۇ-
رۇشكە قارىغاندا 118.22 يۇەن ئىكەن، 1941 - ژىلى دۇنلۇ
رايونىدا ئىشلەنمىگەن چاينىڭ ئەڭ ژۇقۇرى سەھرا باھاسى
بولسا، 105 يۇەن، ئوتتۇرىچە باھاسى 85 يۇەن، توۋەن باھاسى
68 يۇەن بەلگىلەنگەن؛ ئۇيۇەن چاي رايونىدا 1941 - ژىلى

لىسىدە خۇاڭ يەنپېي باشلىق كىشىلەرنىڭ «خەلقارا سودا سىياسىتىنى قاي-
تا تۈزۈش ۋە سودا ھەيئىتىنىڭ تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش» توغرىسى-
دىكى تەكلىۋىدىن.

ئشلەنمىگەن چاينىڭ تەننەرقى تەكشۇرۇشكە قارىغاندا بىر خىلى 88.33 يۈەن، بىر خىلى 130.60 يۈەن بولۇپ چىققان، ئشلەنمى- گەن چاينىڭ سەھرا باھاسى بولسا 90 يۈەن بەلگىلەنگەن» ① (بۇ ماتېرىيالنىڭ ئشلەپچىقىرىش تەننەرقى توغرىسىدىكى ئىشەش- لىكلىگى گۇمانلىق. يەنە شۇ ئاۋتور بۇنداق يازغان: «تەننەرقىنى تەكشۇرگۇچىلەر كوپۇنچە دېخانلار ئائىلىسىنىڭ ئائىلە ئەمگىگىگە سەل قاراپ، ئۇنى ھېساپلاشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ توغرىلىغىدىن خېلى گۇمان قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيۈەن چاي رايونىدا 1941 - ژىلى ئشلەنمىگەن چاينىڭ تەننەرقى تەكشۇرۇشكە قارىغاندا بىرى 88.33 يۈەن، بىرى 130.60 يۈەن بولۇپ چىقتى، بۇنىڭ پەرقى 40 يۈەنگە يېتىدۇ». بۇنداق تەكشۇرۇشنىڭ ئشەشلىك ئەمەسلىگى ھوكۇمەت باھاسىنىڭ ئشلەپچىقىرىش تەننەرقىدىن جىق ژىراق ئىكەنلى- گىنى كورسۇتۇپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكى ھوكۇمەت باھاسى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقى توغرىسىدىكى تۇرلۇك مىساللاردىمۇ بۇ ئەزاھاتتىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ — ئاۋتوردىن).

چاي باھاسى توغرىسىدا يەنە بىر ماتېريال كەلتۇرەيلى، بۇ ماتېريال 1942 - ژىلى خۇنەن ئولكىسىنىڭ ئەنخۇا ۋىلايىتىدىكى تەكشۇ-

① يەجىشۇي: «چاي سېتىشۋىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ۋە ساندۇق چېيىنى سېتىشۋىلىش چارىسىنى تەكشىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» - «جۇڭ- گو لۇگمىن» ژۇرنىلىنىڭ 2 - توم 1 - 2 - سانلىرىدىن.

رۇشتىن ئېلىنغان: «چايچى دېخانلارغا بىردەن پەمىل چاينى تېپىپ ئېلىش 150.50 يۈەنگە توختايدۇ، شىپرىنكانە ۋە باج بۇنىڭ سىرتىدا، بۇ ژىل خۇنەن پەمىل چىيىنىڭ ئوتتۇرىچە سەھرا باھاسى ئاران 100 يۈەن بەلگىلەنگەن.»①

چوشقا قىلى توغرىسىدا قولىمىزدا 1944 - ژىللىق ماتېرىيال بار: «ھەر بىر ساندۇق چوشقا قىلىنىڭ ھوكۇمەت باھاسى ئەمەلىي تەننەرقىدىن 19 مىڭ يۈەن كام، يەنى ئەمەلىي تەننەرقىنىڭ 38% ىغا توغرى كېلىدۇ.»②

جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ «پاختا گەزلىمىلەرنى ئىدارە قىلىشى» ئارقىسىدا، پاختىنىڭ ھوكۇمەت باھاسى بىلەن ئەمەلىي تەننەرقىنىڭ پەرقى بۇنداق بولدى: 1942 - ژىلى سېنتەبىر، ئوكتەبىر ئايلىرىدا، شەنشىدە بىردەن پاختىنىڭ تەستىقلانغان باھاسى260،1 يۈەن ئىكەن، 1943 - ژىلى ئاپرېلىدىكى مولچەرگە قارىغاندا، ھەربىر دەن پاختىنىڭ باھاسىنى 3000 يۈەنگە ئۇستۇرگەندە، پاختىكار دېخانلارنىڭ تەننەرقىغە ئاندىن توغرى كېلىدىكەن، شۇۋاختتا تەستىقلانغان باھا بولسا ئەمەلىي تەننەرقىنىڭ 42% ىگە تەڭ كەلگەن. 1943 - ژىلى پاختىنىڭ تەستىقلانغان باھاسى

---

① جىڭ جاۋسۇڭ: «ئەنخۋادىكى چايچى دېخانلارنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالى» «جۇڭلۇڭ» ژۇرنىلى 4 - توم، 11 - سانىدىن.

② دىڭ لىچۈن: «گومىنداڭنىڭ چەتكە سېتىلىدىغان ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى بىر تۇتاش ئېلىش، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتى توغرىسىدا»

6000 يۇەن بولۇپ، 1944 ـ ژىلى ئاۋغۇست، سېنتەبر ئايلىرىدا تەننەرقى 15 مىڭ يۇەنگە يېتىپ قالغان. شۇ ۋاختىتا تەستىقلانـ غان باھا ئەمەلىي تەننەرقىنىڭ 40%ىگە تەڭ كەلگەن. 1944 ـ ژىلى ئىيۇندا جايلارنىڭ پاختا باھاسى كوپۇنچە 15 ـ 16 مىڭ يۇەنـ نىڭ ژۇقۇرىسىدا بولۇپ كەلـگەن، شىمالىي سىچۇەندە بولسا ھەردەن پاختا 20 مىڭ يۇەندىن ئاشقان، بىر قانچە جايلاردىكى ھوكۇمەت دائىرىلىرى «دىخانـلارغا پايدا يەتـكۇزۇش ئۇچۇن، پاختىنىڭ باھاسى ئازىراق ئوستورۇلسە» دەپ ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، تەستىقلانمىغان. 1945 ـ ژىلى مارتتا ھەر بىردەن پاخـ تىنىڭ تەستىقلانغان باھاسى 10 مىڭ يۇەندىن ئوشۇغراق بولغان، خېنەن، خۇبېي ۋە خۇنەن ئولكىلىرىنىڭ دۇشمەن قولىـدىكى رايونلارغا تۇتاشقان رايونلىرىنىڭ پاختا باھاسى ھەر بىر دەن ئۇچۇن 30 مىڭ يۇەندىن كوپرەك بولۇپ، تەستىقلانغان باھا ئۇنىڭ ئاران 33%ىنى تەشكىل قىلغان.

قەن شىكەر مەخسۇس سېتىلغاندىن كېيىن، شىكەر قومۇشـ نىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولدى: «بىرجىڭ قۇرۇق ئوتۇن 2يۇەن نەچچە فۇڭغا يارىسا، بىرجىڭ شىكەر قومۇشى ئاران 60 نەچچە فۇڭغا يارايدىغان بولۇپ قالدى.»①

---

① لى جوڭىيى: «لۇيجاڭنىڭ شىكەر قومۇشچىلىغى ۋە شېكەر قومۇشچى دىخانلار» ـ «شەندەي لوڭمىن» ژۇرنىلىنىڭ 7 ـ توم، 5 ـ سانىدىن.

قاراڭلار! 4 چوڭ ئائىلە دىخانلارنىڭ ئىشلىگەن نەرسىلىرىنى ئەنە شۇنداق يولسىزلىق بىلەن تالاپ ئالماقتا! ئەمدى ئۇلارنىڭ مىللىي سانائەتكە قىلغان بۇلاڭچىلىقىنى قاراڭلار!

پاختا ژىپ بويىچە مونوپولىستلىق سودا 1942 - ژىلى فېۋرالدا چۇڭچىن ئەتراپىدىكى چوڭ ژىپ فابرىكىلىرىدا باشلانغان ئىدى. شۇ ژىلى سېنتەبىردە «يۈيفىڭ»، «يۈيخۇا»، «شىڭشىن»، «ساشى» دىن ئىبارەت 4 ژىپ فابرىكىسىدا بولۇپ، ئۆتكەن مەتبۇئات كونفېرېنسىيىسىدە قىلىنغان سۆزلەرگە قارىغاندا: شۇ ۋاختتا بىرتاي ژىپنىڭ تەننەرقى 13 مىڭ يۈەن بولسىمۇ، هوكۇمەت باھاسى 8 مىڭ 580 يۈەن بولغان[1]. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ پەرقى بارغانسىرى زورىيىپ كەتتى. 1943 - ژىلى «دېكابىردا لىيۇجۇ، شاۋگۇەن ۋە گۇيلىڭ ئەتراپلىرىدا ھەربىر كىپ 20 نچى ژىپنىڭ باھاسى 180 - 190 مىڭ يۈەندە ئايلىنىپ كەلگەن ئىدى، چۇڭچىن ھوكۇمىتىنىڭ باھاسى بولسا ئاران 19مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەركىن بازار باھاسىنىڭ $\frac{1}{10}$ ىگە توغرى كەلدى»[2]. ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ھەربىي تەمىنات مەھكىمىسىنىڭ فابرىكا ژىپنى سېتىۋېلىش باھاسى ماددىي ۋاستىلار ئىدارىسىنىڭ تەستىقلانغان باھاسىدىنمۇ تۆۋەن بولۇدۇ، مەسىلەن: 1942 - ژىلى

① «جۇڭيا گىشە» ئاگېنتلىقىنىڭ 1942 ژىلى 16-سېنتەبىردىكى خەۋىرى.

② جاڭشىچاڭ: «سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى قانداق قۇتۇلدۇرۇش كېرەك» - «جۇڭگو گۇڭيې» ژۇرنىلىنىڭ 23 - سانىدىن.

سىنتەبردە ماددىي ۋاستىلارئىدارىسىنىڭ ھەر بىركىپ پاختا
ژىپىنى سېتىۋېلىش باھاسى 8،580 يۈەن ئىدى، ھەربىيلەرنىڭ
سېتىۋېلىش باھاسى بولسا ئاران 5،300 يۈەن بولۇپ، تەستىقلان-
غان باھادىنمۇ 3،280 يۈەن تۆۋەن بولدى.

پاختا گەزلىمىلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىمىقىدىكى فابرى-
كىلار «پاختىنى ژىپقا، ژىپنى رەختكە ئالماشتۇرۇش» نى ژۈر-
گۈزگەندىن كېيىن، 1944 - ژىلى يانۋار، فېۋرال ئايلىرىدا، ھەر
بىر توپ گەزلىمىنىڭ تەستىقلانغان سىمكىرى (مەسىلەن، ئىشچى
خىزمەتچىلەرنىڭ تامغى ۋە ئىش ھەققى، ماشىنىنىڭ ئامور-
تىزاتسىيىسى، تۈرلۈك خىراجەت) 420 يۈەن بولدى، ئەمىلىيەتتە
720 يۈەنگە توختاپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا 300 يۈەن
پەرق قىلدى، 1 - ئاپرىلدا 540 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. لېكىن ئە-
مىلىي چىقىممۇ كۆپەيدى. ھەربىي تەمىنات مەھكىمىسىنىڭ قول
ئاستىدىكى فابرىكىلارنىڭ بەلگىلىگەن سىمكىرى بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن،
مەسىلەن: 64 فابرىكىنىڭ ئېلانلىرىدا: 1944 - ژىلى «يانۋاردىن
مارتقىچە ھەربىر توپ گەزلىمىنىڭ سىمكىرى 220 يۈەن، ئاپرىل-
دىن مايغىچە 320 يۈەن، ئىيۇندا 400 يۈەن بولدى، 16 - ئاۋ-
غۇستتىن باشلاپ 480 يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى»، «يالغۇزچۇڭچىن-
نى ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرئايدا ھەربىيلەر ئۆچۈن توقۇپ بېرد-
لىدىغان گەزلىمىنى 25 مىڭ توپ ھېساپلىغاندا، ھەرتوپتا بولۇ-
دىغان ئەمىلىي زىيان 470 يۈەن 70 فۇڭ، ھەرئايدا جەمئى، 11

مىللىون 761 مىڭ 500 يۈەندىن كوپرەك زىيان بولۇدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئۆزگەرتىلمىسە، بىر ژىلدىلا فابرىكىلار 141 مىللىون 138 مىڭ يۈەن زىيان تارتىدۇ» دېيىلگەن.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ مەخسۇس سېتىش تۇزۇمى ئاستىدا، تۇزنى ئالساق، 1944- ژىلى مارتتا، سىچۇەن ئولكىسىنىڭ زىلىۇجىڭ دېگەن يېرىدىكى تۇزنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى (ھەرجىڭنىڭ ئاران 8 يۈەن بولغان، ئەگەر شۇژىلى 11 - مارتتىكى مال باھاسى كورسەتكۇچىنى ئولچەم قىلغاندا ھەربىر جىڭ تۇزنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئەڭ تووەن بولغاندا 20 يۈەن بولۇشقا توغرى كېلەتتى، دېمەك سېتىۋېلىش باھاسى ئەمىلىي تەننەرقىنىڭ 40% ياكى 45% گە تەڭ كەلدى، فىڭشىدا تۇز سودىگەرلىرى 1944 - ژىلى ئىيۇندا چۇنچىڭدىكى ھوكۇمەت دائىرىلىرىگە تۆپلۇشۇپ تەلەپ قويغاندا: سېتىۋېلىش باھاسى تەننەرقىنىڭ ئاران 30% گە تەڭ كېلىدۇ، دېگەن.

قەن - شىكەرنى ئالساق، 1943- ژىلى ئىيۇندا سىچۇەن - شىكاڭ رايونىدىكى مەخسۇس سېتىش ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىگەن سېتىۋېلىش باھاسى ئاق قەننىڭ (ھەر ئونمىڭ جىڭنىڭ) 144 مىڭ يۈەن بولۇپ، 186 مىڭ 43 يۈەن تەننەرقىنىڭ 77% گە تەڭ كېلىدۇ، ماندارىن قېنى 60 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 86 مىڭ 80 يۈەن تەننەرقىنىڭ 70% گە تەڭ كېلىدۇ، ھەسەل 34 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، 50 مىڭ 832 يۈەن تەننەرقىنىڭ

66% ىگە تەڭ كېلىدۇ①.

ئېكسپورت قىلىنىدىغان كان مەھسۇلاتلىرىدىن قەلەينى ئالساق، 1944 ـ يىلى مارتتىكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا: ھەربىر توننا قەلەيىنىڭ تەننەرقى ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەن كېتىدىغان بولسىمۇ، بەلگىلەنگەن سېتىۋېلىش باھاسى 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەننەرقىنىڭ، ئاران 20% ىگە توغرى كەلگەن.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسى ئەنە شۇنداق ئەرزان ئالىدۇ، لېكىن سېتىشچۇ؟ ئۇ تامامەن باشقىچە بىرگەپ. بەك پارچە-يۈرات بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ يەردە كۆپ مىسال كەلتۈرمەيمەن. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندە 1945 ـ يىلىدىكى پاختا گەزلىمىلەرنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى خەۋەرنىلا كۆرسىتىمەن: «پاختىنى ژىپ قىلىپ، ھەربىر كىپ ژىپتا 40 توپ گەزلىمە توقۇپ چىقىقىچە سىمكار، تەننەرقى ۋە پايدىسى ئۈچۈن 300 نەچچە مىڭ يۈەن كېتىدۇ، ۋاھالەنكى پاختا گەزلىمىلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 100 نەچچە مىڭ يۈەنگىلا $40\frac{1}{2}$ توپ گەزلىمە ئالالايدۇ، ئۇنى 300 نەچچە مىڭ يۈەنگە ساتىدۇ، يېقىندا 800 نەچچە مىڭ يۈەنگە ساتتى. ھەر بىر كىپ ژىپتا پاختىدىن رەخت بولۇشقىچە قەدەر، ئىشلەپچىقارغۇچىدىن ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىنغىنى 200 مىڭ

①ژۇڭقۇرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپچىلىكى دىڭلىيۇنىڭ «پاختا گەزلىمىلەرنىڭ ئىدارە قىلىنىشى»، ـ «گومىنداڭنىڭ مەخسۇس سېتىش سىياسىتى» دېگەن ماقالىلىرىدىن ئېلىندى.

يۈەندىن 600 مىڭ يۈەنگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئىدارە قىلىنغاندىن بۇيانقى 2 ژىل ئىچىدە كىرا ھەققىگە كەتكەن 2 مىڭ مىللىارد يۈەننى ھېساپقا ئالمىغاندا 15 مىللىارد يۈەندىن كۆپرەك پايدا ئالدى.»①

ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق مال 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «ھۆكۈمەت» ياكى «سودىگەرلەر» نامىدىكى دۇكانلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن ھامان ئۆرلەپ كېتىدۇ. مەخسۇس سېتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەخسۇس سېتىلىدىغان نەرسىلەر مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە باش بولۇپ بەردى. بىر تەرەپتىن، مەخسۇس سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى مەخسۇس سېتىلمايدىغان باشقا نەرسىلەرنىڭكىدىن تېز بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەخسۇس سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ھامان باشقا نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆتۈپ تۇردى. 1943- ژىلىنىڭ ئايىغىدا گۈيلىڭدىكى «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ «مەخسۇس سېتىش توغرىسىدا» دېگەن باش ماقالىسىدا بۇنداق يېزىلدى: «كۆز ئالدىمىزدىكى مىسالنى ئالغاندا، گۈيلىڭ شەھىرىدە ماي ۋە ئىيۇن ئايلىرىدا بىر جىڭ تۇزنىڭ باھاسى 7.70 يۈەن ئىدى، ئاۋغۇستتا 12 يۈەنگە چىقتى، ئۆكتەبىردە يەنە 15 يۈەنگە چىقتى، نويابىردا تېخىمۇ ئۆرلەپ 26 يۈەنگە چىقتى، دېمەك يېرىم ژىل ئىچىدە

---

① يەرلىك ماللار بويىچە كەسىپداشلار جەمئىيىتى: «پاختا گەزلىمىنىڭ مەھسۇلاتىنى قانداق ئاشۇرۇش كېرەك»- «شاڭۋۇزباۋ» گېزىتىنىڭ 1945- ژىل 29- مارت سانىدىن.

3 ھەسسە ئاشتى ......بۇنىڭدىن كېيىنكى مەخسۇس سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئادەتتىكى نەرسىلەر باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە باش بولغاندەك تۇيۇلىدۇ». باھانىڭ ئۆسۈشىدىن كەلگەن بۇنداق پايدىغا مەخسۇس سېتىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەيدىغان زاۋۇت ئىگىلىرى يا پەقەت ئىگە بولالمايدۇ ياكى ئازىراق (مەسىلەن $\frac{1}{5}$ ىگە ياكى $\frac{1}{4}$ ىگە) ئىگە بولىدى، مۇتلەق كوپ قىسمى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. «ئەمەلدارلار ئوت قويالايدۇ، پۇخرالار چىراق ياقالمايدۇ» دېگەن گەپ بار، 4چوڭ ئائىلە سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا بۇ پەلسەپىنى قالدۇرماي جارىي قىلدۇردى ھەم ئۇنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى چىقاردى. مەسىلەن: 1943 ـ يىلى «ۋېيۇەنجاڭ» مەملىكەت بويىچە 15 ـ يانۋاردىن باشلاپ ئۇمۇمىي يۈزلۈك باھا چەكلەش ئىشى ژۈرگۈزۈلسۇن، دەپ قول يازما بۇيرۇغى چىقارغان ئىدى، لېكىن ئىلگىرىمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس دەل 14 ـ يانۋاردىكى شاڭشىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكى قەن ـ شېكەرنىڭ باھاسىنى 60% ئۆستۈرۈشىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر 10مىڭ جىڭ قەن ـ شېكەرنىڭ باھاسى ئاۋالقى 176مىڭ يۈەندىن بىراقلا 222مىڭ يۈەنگە چىقتى (قەن سودىگەرلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: بۇ باھا شۇ ۋاقىتتىكى قارا گۇرۇھ بازارنىڭ 220 مىڭ يۈەن باھاسىدىن ئېشىپ كەتكەن). شۇ ۋاقىتتا، مەلۇم مەخسۇس سېتىش ئورنى مەخپىي يوسۇندا بىر قانچە مىللىون يۈەنلىك قەن ئېلىپ بېسىپ قويۇپ، قولدىن-

قولغا ئۆتكۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا 60% پايدا ئالىدى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسى مەركەزلەشكەن تۇۋارلارغا ئىگە، مال باھاسىنى پەقەت شۇلارلا ئىگىلەپ تۇرۇدۇ. شۇڭا، ئۇلار قاراڭغۇ بازارنىڭ ھەقىقىي مونوپولىستلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى ماللار «بازارغا كىرىش بىلەن تەڭ كۆز يۇموپ ئاچقىچە قاراڭغۇ بازارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بولدى»①. «ئاشكارا سېتىش دۇ-كانلىرى قاراڭغۇ بازارنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسىي ئورۇنغا ئايلىنىپ قالىدى». ئۇلار ئاشكارا بازارنىمۇ مونوپولىيە قىلىۋالىدى، قاراڭغۇ بازارنىمۇ مونوپولىيە قىلىۋالدى ھەم قاراڭغۇ بازار باھاسىنى ئاشكارا بازار باھاسىغا ئايلاندۇرالايدۇ. مۇشۇنداق تۇختىماي ئايلىنىپ ژۇرگەنلىكتىن، مال باھاسى تۇختىماي ئۆسۈپ تۇرۇدۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىستلىق سودىسىنىڭ پايدىسىمۇ تۇختىماي كۆپىيۈپ تۇرۇدۇ.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسىدە ئىگە بولغان مونوپولىست-لىق سودا پايدىسى ناھايىتى كۆپ، ئۇنى مۆلچەرلەش تەس. «ھوكۇمەت» نامىدىكى سودا مونوپولىيىسى توغرىسىدا مىسال كەلتۈرۈپ كۆرەيلى: جياڭ كەيشى ھوكۇمىتى مەمۇرىي پالاتىسى-نىڭ 1942- ژىلى سېنتەبىردە سىياسىي كېڭەشمىگە بەرگەن دوك-

---

① يەرلىك ماللار بويىچە كەسىپداشلار جەمئىيىتى: «پاختا گەز-لىمە مەھسۇلاتىنى قانداق ئاشۇرۇش كېرەك» - «شاڭخۇ ژىباۋ» گېزى-تىنىڭ 1945-ژىلى 29-مارت سانىدىن.

لادىغا قارىغاندا: ئاش تۈزى 1942-ژىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ مەخسۇس سېتىلىغاندىن تارتىپ ئاۋغۇستىنىڭ ئايىغىغىچە جەمئى 711 مىللىون 650 مىڭ يۈەندىن كوپرەك كىرىم قىلىنغان بولۇپ، ئوتكەنكى ژىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى كىرىمگە قارىغاندا 9 ھەسسى-گە يېقىن ئاشقان. قەن - شىكەر 1942-ژىلى 15- فېۋرالدىن باشلاپ مەخسۇس سېتىلغاندىن تارتىپ 31- ئىيۇلغىچە سىچۇەن - شىكاڭ رايونىدىن قىلىنغان كىرىم 53 مىللىون 920مىڭ يۈەندىن كوپرەك بولغان. سەرەنگە 1942-ژىلى 1-مايدىن باشلاپ مەخسۇس سېتىل-غاندىن تارتىپ، ئىيۇننىڭ ئايىغىغىچە 1 مىللىون 90 مىڭ يۈەندىن كوپرەك كىرىم قىلىنغان. تاماكىنى مەخسۇس سېتىشتىن كېلىدىغان پايدىدىن1942-ژىلى 120مىللىون يۈەن كىرىم قىلىشمولچەرلەنگەن. لېكىن، بۇ جياڭ كەيشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شاڭشى ۋە چېڭ لىفۇدىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «دولەت غەزىنىسى» ھېساۋ-دىكى كىرىمنىلا، يەنى بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ چوڭ ئائىلە غەزىنىسى ھېساۋىدىكى كىرىمنىلا كورسۇتۇدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ يەنە ئوز ئالدىغا كىچىك ئائىلە غەزىنىسى بار. گۇيلىڭدا چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1944- ژىلى 19- مايدىكى باش ماقال-سىدا بۇنداق يېزىلغان: «بۇگۇنكى كۇندە مەخسۇس سېتىش ئىدارىلىرى ۋە باج ئىدارىلىرىنىڭ كىرىملىرىدىن دولەت غەزى-نىسىگە ئېلىنىدىغىنى ئاران $\frac{1}{10}$ ياكى $\frac{2}{10}$، خۇسۇسلارنىڭ يان-چۇغىغا چۇشۇدىغىنى $\frac{8}{10}$ ياكى $\frac{9}{10}$». 4 چوڭ ئائىلىنىڭ چوڭ

ئائىلە غەزىنىسىگە كىرگىچە ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قانچىسى ئۇلارنىڭ كىچىك ئائىلە غەزىنىسىگە كىرىپ بولۇدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ ئائىلە غەزىنىسىگە كىرگەندىن كېيىن، يەنە تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۇلارنىڭ كىچىك ئائىلە غەزىنىسىگە كى-رىدۇ. بۇيەردە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «هوكۇمەت» نامىدىكى سودا مونوپولىيىسىنىڭ پايدىسىنى ئېيتىۋاتىمىز، ئۇلارنىڭ «سودىگەر-لەر» نامىدىكى سودا مونوپولىيىسىنىڭ پايدىسىنى بىلىپ چىقىش تېخىمۇ قىيىن.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسى ئەينى زاماندا تاشقىرى بىلەن بولۇدىغان، پۇل پىربىۋود قىلىش ئىشلىرىنىڭ مونوپولىستلىق پايدىسىنىمۇ ئاشۇردى، بۇ شۇندىقلا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ كومپرادور-لۇق مونوپولىستلىق پايدىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئېكسپورت سودىسىنى 3 چوڭ شىركەت مونوپولىيە قىلغانلىقتىن، بارلىق تاشقىرى بىلەن بولۇدىغان پۇل پىربىۋود قىلىش ئىشلىرىنىڭ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ قولىغا چۈشۈشى تۇرغان گەپ. بۇندىن تاشقىرى سو-دىگەرلەر ئىگە بولغان چەت ئەل پۇللىرىنى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بانكىسىغا سېتىپ بېرىدۇ، ئۇلار ساتقان باھا بىلەن ئەمەلىي باھا ئوتتۇرىسىدا جىق پەرق بولۇپ كەلدى، يەنى ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئۇنىڭ ئىككىنچىسىگە قارىغاندا تۆۋەن بولۇشقا مەجبۇر قىلىندى، بۇنداق پەرقتىن بولۇدىغان تاپاۋەتكە ئەمەلىيەتتە يەنە 4 چوڭ ئائىلە ئىگە بولدى.

4چوك ئائىله بۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل سودا مونوپولىيىلىرىدە
بىر قولىنى «ئىلىش» تەرىپىگە قويۇپ، دىخانلار، قول سانا-
ئەتچىلەر ۋە مىللىي سانائەتچىلەرنىڭ ئىگە بولۇشىغا تېگىشلىك
پايدىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەتتە بىۋاستە
ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىگە بولۇشىغا تېگىشلىك تۇرمۇش
خىراجىتى ياكى ئىش ھەققىنىمۇ كوپلەپ بۇلىدى؛ يەنە بىرقولىنى
«سېتىش» تەرەپكە قويۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئىستىمالچىلارنى
تالىدى. بۇندىن تاشقىرى، يەنە نۇرغۇن بىۋاستە ھەربىي بۇلاڭ-
چىلىقلىرى بار. بۇ ھال يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى
ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق ھالدا بوغدى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ تەسىرد-
گە ئۇچرىغانلا كەسىپلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىستىسناسىز رەۋىشتە
دەرھال يوقۇلۇشقا يۈز تۇتتى. مەسىلەن، سىياسىي كېڭەشمە ئەزالىرى-
نىڭ تەكلىپلىرىدە ژىپەك توغرىسىدا بۇنداق يېزىلغان: «بۇ ھەيئەت
چەتكە سېتىش ئىشلىرىنى ئوز ئىدارىسىگە ئېلىشقا باشلاش بىلەن
تەڭ مەھسۇلات جىق كېمىيىپ كەتتى، ھازىرقى ۋاختتا سىچۇەن
ژىپىگىنىڭ مەھسۇلاتى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى مەھسۇلاتىنىڭ يېرى-
مىگە يەتمەيدۇ». تۇڭ يېغى توغرىسىدا بۇنداق يېزىلغان: «يېزى-
لاردا تۇڭ دەرىخىنى كېسىۋەتكەنلەر ۋە تۇڭ دەرىخىنىڭ ئۇرۇ-
غىنى قىخ ئورنىغا توكۇپ ئېچىتىپ ئوغۇت قىلغانلار بار».
ئىدارە قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ رايونىنىڭ پاختا
مەھسۇلاتىنىڭ كېمىيىشى توۋەندىكىچە بولدى:

ئۇلكىلەر	1936 – ژىل	1943 – ژىل	1944 – ژىل
شەنشى	1,100,000 دەن	900,000 دەن	500,000 دەن
خېنەن	2,400,000 دەن	500,000 دەن	200,000 دەن
خۇنەن	400,000 دەن	450,000 دەن	200,000 دەن
خۇبېي	2,800,000 دەن	500,000 دەن	250,000 دەن
سىچۇەن	800,000 دەن	400,000 دەن	300,000 دەن
باشقا يەرلەر	———	200,000 دەن	100,000 دەن
جەمئى	7,500,000 دەن	2,950,000 دەن	1,550,000 دەن.

سىچۇەن ئولكىسىنىڭ توجاڭ دەرياسى ۋادىلىرىدا شىكەر قومۇشىنىڭ مەھسۇلاتى 1943 – ژىلى 1941 – ژىلغا قارىغاندا 30% چامىسىدا كېمىيىپ كەتتى. 1944 – ژىلى جياڭ كەيشى ئائىلىسىنىڭ سىچۇەن ئولكىسىگە قويغان رەئىسى جاڭچۇن چىڭدۇدىن ئاۋتوموبىل بىلەن چۇنچىنغا ماڭغاندا، شىكەر قومۇشى تېرىيدىغان دىخانلار جياڭ كەيشى ھوكۇمىتى شىكەر قومۇشىنىڭ باھاسىنى بەك تۆۋەن بەلگىلىگەنلىكتىن ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلمىگەنلىگىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، شىكەر قومۇشىنى ئورۇپ يولغا تاشلاپ، جاڭچۇننىڭ يولىنى توسقان.

زاۋود – فابرىكا ۋە كانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

مىسال ئۈچۈن ئىگىرىش فابرىكىسىنى ئالايلى: 1942 – ژىلى ئىشقا چۈشكەن ژىپ بارلىق ژىپنىڭ 74٫4%نى تەشكىل قىلدى، 1943 – ژىلىنىڭ ئايىغىدا: «فابرىكىلارنىڭ ژىپلىرى جىق كېمىيىپ

كەتتى.» ئىگىرىش فابرىكىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتى بويىچە ئېيتقاندا: «ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 4 مىڭ كىپتىن ئوشۇق ژىپ ئىشلەپچىقىرالايدۇ، لېكىن ھازىر ئاران 3 مىڭ كىپتىن كوپرەك ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ». 1944 - ژىلى تەكشۇرۇشكە قارىغاندا، ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە ئەمىلىي مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مۇمكىن بولغان مەھسۇلاتتا تەشكىل قىلغان پروتسېنتى «يۇيخۇا» ئىگىرىش فابرىكىسىدا 66%، «شىنگشىن» 4 - توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ «يۇنچاڭ» فابرىكىسىدا 33% بولدى. پۇتۇن چۇنچىن شەھرىدە ئىشقا چۇشكەن ژىپ 1943 - ژىلغا قارىغاندا 23% كېمىيىپ كەتتى ①.

توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى مىسالغا ئالساق: چۇنچىندە چىقىدىغان «شىنخۇا ژىباۋ» گېزىتى 1944 - ژىلى 13 - ئىيۇندا بۇنداق يازدى: «چۇنچىندە ھەربىي كىيىمگە كېتىدىغان رەخلەرنى توقۇپ بېرىدىغان فابرىكىلار 100 دىن ئاشاتتى، ھازىر كەسپىنى توختاتقانلار 80% گە يەتكەنلىكى مەلۇم. بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئىشسىز قالغان ئىشچىلار 20 مىڭدىن ئاشىدۇ». باشقا ئىختىسادىي مەتبۇئاتلاردىمۇ بۇنداق دەپ يازدى: «بىسەندىكى 22 - توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ھەربىيلەرگە كېرەكلىك رەختلەرنى توقۇپ بېرىشتە، ھەربىي ھەيئەت سىياسىي بولۇمى ھەربىي تەمىنات

① دىڭ لىچۇن: «ياختا گەزلىمىلىرىنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى توغرىسىدا ئوبزور»دا ژىغىلغان ماتېرىياللاردىن.

مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىگەن ئىش ھەققى مال باھاسىدىن جىق پەرق ئەتكەنلىكتىن ھەم بەرگەن ژىپىنىڭ سۈپىتى بەك ناچار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى تېز كېمىيىپ كەتتى». «كوڭگ-مىندا ئىلگىرى 30 دىن ئارتۇق توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بار ئىدى، 1943 - ژىلى بىر ژىلدىلا 20 نەچچىسى تاقالدى».

سەرەنگە زاۋۇدىنى ئالساق، 4 چوڭ ئائىلە تەرىپىدىن «ئىدارە» قىلىنغاندىن كېيىن، كىچىك زاۋۇدلاردا ئىش توختىدى، چوڭ زاۋۇدلاردا مەھسۇلات كېمىيىپ كەتتى. گويىياڭ شەھرىدە مەخسۇس سېتىش يولغا قويۇلۇش بىلەن 10 سەرەنگە زاۋۇدىدىن دەرھال ئۈچى تاقالدى. گۇاڭشى سەرەنگە زاۋۇدى ئوتتۇرىچە ھەر كۈنى 80 ساندۇق سەرەنگە ئىشلەپچىقىرالايتتى، 1943 - ژىلى ئاۋغۇستتا يەككەندە 20 ساندۇقتا، سېنتەبىردە 17 ساندۇقتا چۈشۈپ قالدى......

تاماكا زاۋۇدى توغرىسىدا فۇجەن ئولكىسىنىڭ لۇڭيە ناھىيىسىنى مىسالغا ئالساقلا كىپايە قىلىدۇ: 4 چوڭ ئائىلە مەخسۇس سېتىشنى ژۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە 40 ئوپچۇرىسىدە تاماكا زاۋۇدى بار ئىدى، 1944 - ژىلى ئەرتىيازدا ئاران توققۇز قالغان.

كانچىلىق توغرىسىدا يۈننەن ئولكىسىدىكى گېجۇ قەلەيىنى ئالساق، 1944 - ژىلى يانۋاردىكى خەۋەرگە قارىغاندا، ئۇ زەئىپلىشىپ ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالغان: «ئوتتۇرىچە

شەھەرنىڭ شەرقىدىكى قەلەي ئېرىتىش مەشلىرى 40 چە ئىدى،
بۇگۈنكى كۈندە مەشنى قىزىتىپ ئاۋالقىدەك قەلەي ئېرىتىۋاتقانـ
لىرى 10غا يەتمەيدۇ؛ ئوتمۇشتە كان ئىشچىـلىرى 100 مىڭدىن
ئاشقان ئىدى، بۇگۈنكى كۈندە ئاران 50 نەچچە مىڭى قالدى؛
مىنگونىڭ 27 ـ ژىلى ژىلىغا 10 مىڭ 730 تونـنا قەلەي ئىشلەپـ
چىقىرالايتتى، بۇ ژىلىنىڭ 1 ـ يېرىمىدا ئاران 800 تونىنا ئىشلەپـ
چىقاردى...... گېجۇدىكى كەڭ كولەملىك قەلەي ئىشلەپچىقىرىش
ئۇمۇمي ۋەيرانچىلىق ئەرىپـىسىدە تۇرماقتا، خۇسۇسىي زاۋود
ئىگىلىرىدىن 95% ى سىندى ياكى كەسىپنى توختاتتى....» ①

كومۇر كانـنى مىسالغا ئالايلى: سىـچۇەن ئولـكىسىدىكى
مىنجاڭ كومۇرچىلىگى 1939 ـ ژىلى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىدارىسىـ
نى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، پۈتۈن رايون بويىچە شۇ كەسىپـ
تىكى چوڭ ـ كىچىك كان 200 دىن ئاشاتـتى، ئېيىغا 70 مىڭ
تونىنا كومۇر ئىشـلەپچىقىرالايتتى. ئىدارە قىلىنـغاندىن كېيىن،
«كومۇر سودىگەرلىرىنىڭ قىيىنچىلىغى كوپىيۇپ، ئۇنىڭغا چىداپ
تۇرالماي كەسىپنى توختاتقانلىرى ناھايىتى كوپ، بولۇپمۇ 32ـ
ژىلدىن 33 ـ ژىلغىچە بولغان ئارـلىقتا كەسىپنى توختاتقانلىرى
50 نەچچە بولۇپ، ئۇمۇمي سانـنىڭ $\frac{1}{4}$ ـىنى تەشكىل قىلدۇ،
34 ـ ژىلى ئەرتىيازدا چوڭ كاندىن ئاران 70 نەچچىسى قېـلىپ

---

① فەنشىجۇ: «گېجۇدىن ئوتمۇشتە ئالغان تەسىراتىم» ـ «شاگۇۋرىباۋ» گېزىتىنىڭ 1944 ـ ژىل 4 ـ يانۋاردىن 6 ـ يانۋارغىچە سانلىرىدىن.

ئېيىغا 35 مىڭ توننا كومۇر ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولۇپ قالدى.»[1]

4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق سودا مونوپولىيىسى ئادەتتىكى نورمال ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودا ئىشلىرىنىمۇ ۋەيران قىلدى. پاختا گەزلىمىلەرنى ئىدارە قىلىش ئىشى ژۇرگوزۇلگەن دەسلەپكى ۋاقىتتا ۋە مەخسۇس سېتىش تۈزۈمى باشلىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىگەن مەزگىللەردە ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودا ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولدى:

«بېسىمدار سودىگەرلەر، پارتىزانچى سودىگەرلەر ۋە بىر قىسىم ئىمتىيازلىق سودىگەرلەر نەپسى ناھايىتى زورايغان تىل تەككۈزگىلى بولمايدىغان ئۇلۇغزادىلار بولۇپ، سودا، سانائەتنىڭ ھەممە پايدىسى ۋە ئىستىمالچىلارنىڭ پۇللىرى بىكاردىن ـ بىكارغا ئۇلارنىڭ يانچۇغىغا كىرىپ كېتىۋەدى. يېقىنقى 2 ژىلدىن بۇيان، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى توختىدى، نۇرغۇن سانائەت كاپىتالى سودا كاپىتالىغا ئايلىنىپ كەتتى، سودا كاپىتالى يەنە بېسىمدارلىق كاپىتالىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سودا پايدىسى سانائەت پايدىسىدىن بەك ژۇقۇرى، بېسىمدارلىقنىڭ پايدىسى بولسا سودا كارخانىلىرىنىڭ پايدىسىدىن بەك ژۇقۇرى بولدى. توغرى سانائەتچىلەرۋە تېخنىك، مۇتەخەسسىسلەر بارا ـ بارا تۈگەپ كەتتى، بيۇروكرات ـ مەككار سودىگەرلەر بولسا تېز ـ دىنلا سەمرىپ كەتتى، بىراق توغرى، ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودىگەرلەر تالەيلىكلەر قاتارىدا بولمىدى. ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودىگەرلەرنىڭ كاپىتالى چەكلىك بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چىقىمى ۋە تۇرمۇشىنى تېز

---

[1] «شاگۇورىباۋ» گېزىتىنىڭ 1945 ـ ژىل 18 ـ مارت سانىدىن.

ئوبوروت قىلىشقا يولۇنۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ تۇرالمايدۇ ياكى پۇرسەت يارىتالمايدۇ، بازاردا ئادەتتىكىدەك پايدا ئېلىشقىلا مەجبۇر، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ترانسپورت ئىشلىرى قىيىن، باج ئېغىر، ئادەتتىكى پايدا 30% — 20 بولۇۋاتىدۇ، پۇلنىڭ قىممىتى ئۈزلۈكسىز چۈشۈۋاتىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا كوپلەپ ھەقىقىي پايدا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، جۈملىدىن بۈگۈنكى كۈندە ئارقا سەپتىكى مۇھىم شەھەرلەردە، بايلىق ئۈزلۈكسىز مەركەزلىشىۋاتىدۇ، چوڭ بېسىمدارلار كىچىك بېسىمدارلارنى ژۈتۈپ كېتىۋاتىدۇ، پارتىزانچى سودىگەرلەر توغرى سودىگەرلەرنى ژۈتۈپ كېتىۋاتىدۇ، تۇۋار بېسىمدارلارنىڭ قولىغا چۈشكەنسىرى قىممەتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بازارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى بولسا بارغانسىرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىچىك بېسىمدارلار ۋە ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ساتماقچى بولسا، چوڭ بېسىمدار ۋە چوڭ سودىگەرلەرگە ئاستا - ئاستا باش ئېگىپ، باھانى بولۇشىچە كېمەيتىشتەك ئېچىنىشلىق ھالغا ئۇچرىماقتا.»①

ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىدارىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودىگەرلەر تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى ۋە ۋەيران بولۇش يولىغا تېخىمۇ كوپلەپ ماڭدى.

① چېن جاجۇي باشلىق كىشىلەرنىڭ: «ھازىرقى مال باھاسى مەسىلىسى توغرىسىدا» — «ۋېنخۇا» ژۇرنىلىنىڭ 1942 - ژىلى 25 - ئىيۇندىكى 2 - توم، 4 - سانىدىن.

4) دۇشمەن مەنپىتى بىلەن باغلانغان قۇراللىق ئەتكەسچىلىك

4 چوڭ فېودال، كومپرادور ئائىلىنىڭ نەپسىنى ھەرقانداق يول بىلەنمۇ قاندۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسى بولسا ھايۋانغا تۇتقان پوزىتسىيىدىنمۇ بەتتەر. شۇڭا ئۇلاردا مىللەت دۇشمىنى دېگەن نەرسە يوق، ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى ئەتكەسچىلىك 4چوڭ فېودال، كومپرادور ئائىلىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ بىرخىل ئاساسىي سودىگەرچىلىكى بولۇپ قالدى، يەنى بىر تەرەپتىن، دۇشمەننىڭ تاۋارلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ سېتىپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقتىن توپلىغان نەرسىلەرنى دۇشمەن تەرەپكە توشۇپ، ئارىدىن پايدا ئالدى. ئىختىسادىي پەن ئۆگەنگۈچىلەردىن بىرى ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئۇرۇش (ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش) باشلانغاندىن كېيىن، دېڭىز ياقىلىرىدىكى سودا پورتلىرى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئىچكى، تاشقى بازارلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى، بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ بىر قىسمى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەن رايونلاردا قالدۇرۇلۇپ، دۈشمەن ۋە قورچاقلار بىلەن ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ ھەمكارلىشىش ئىشلىرى بولماقتا

......

ئۆرۈش ۋاختىدىكى ئەتكەسچىلىكتە 2 شەرت بولۇشى كېرەك: بىرىنچىسى، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا ئىختىسادىي بازىسى بولۇش، ئىككىنچىسى، «ئەركىن رايونىدا» (گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايوننى دېمەكچى - ئاۋتوردىن) ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ھىمايىسى ۋە ئوكايىلىق توغدۇرۇپ بېرىشكە ئىگە بولۇش. بيۇروكرات كاپىتالىدىن باشقا، ئادەتتىكى خەلىق ئىچىدىكى كاپىتالىنىڭ بۇ 2 شەرتنىڭ بىرىگىمۇ ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇرۇش سەپلىرىدىن ئوتۇپ قىلىنغان ئەتكەسچىلىك سودىسى بارا - بارا بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ مونوپولىيىسىگە ئوتتى. ئۇلارنىڭ تېلېگراف ستانسىيىلىرى بار، شاڭگاڭ ۋە شاڭخەيگە بىۋاستە مال زاكاز قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ ھېساۋىغا پۇل بېرىپ قويۇدىغان بانكا ۋە دۇكانلىرى بار؛ ئۇلارغا مال توشۇپ بېرىدىغان مونوپولىيە ئاساسىدىكى قاتناش قوراللىرى بار؛ ھىمايە قىلىدىغان تېخىمۇ ئالاھىدە قوراللىق كۈچلىرى بار. شۇ ۋاختىتا ھۆكۈمەت كورۇنۇشتە ماددىي ئەشيالارنى قولغا كەلتۈرۈشنى بازا قىلدى، بارلىق مۇھىم دېخانچىلىق ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى چەكلىدى، بىراق بۇنداق چەكلەش بيۇروكرات كاپىتالغا دەخلى قىلمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا زور ياردەم قىلدى. چۈنكى چەكلەش دېگەن سوز «ئەمەلدارلار ئوت قويسا بولۇدۇ، خەلقلەر چىراق يېقىشقا بولمايدۇ» دېگەن سوزدىن ئىبارەت ئىدى. دەسلەپتە بيۇروكرات كاپىتال بۇ قانۇنسىز سودىگەرچىلىكنى ئوغۇرلۇقچە قىلغان ئىدى، كېيىنچە توغرىدىن-توغرى ئاشكارىلا ھىمايە قىلىپ، دۈشمەنگە لازىم بولغان بارلىق نەرسىلەرنى، مەسىلەن، ئاشلىق، پاختا، ياغاچ، رودىغا ئوخشاش ھەربىي

ئېھتىياج ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنىمۇ پاراخود ۋە ئاۋتوموبىللارغا بېسىپ، يوغان بايراقلارنى قاداپ، نامەلۇم يەرلەرگە توشۇدى.

ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەتكەسچىلىك ھەددىدىن زىيادە چوڭ سودا پايدىسىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بيۇروكرات كاپىتال قاتناش ۋە پۇل مۇئامىلە مۇئەسسەسىلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالغانلىقتىن مونوپولىيە پايدىسىغىمۇ ئىگە بولدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە، يىللىرىدا تاشقى پروۋوت فوندىنىڭ بىر قىسمىنى دۈشمەن- قورچاق ھوكۇمەت ھىلە بىلەن سېتىۋالغاندىن باشقا، كوپ قىسمىنى بيۇروكرات كاپىتال تارتىۋالدى. بيۇروكرات كاپىتال تاشقى پرووۋوتلارنى تارتىۋېلىش بىلەن زور پايدىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۈشمەن ماللىرىنىمۇ ئۆز ماللىرىنىمۇ تەگىشىدى، ئۆز- ئارا بارنى يوقىقا ئالماشتۇردى. بۇ تىجارەتنىڭ پايدىسى تېخىمۇ كوپ بولدى.»①

بۇنداق «ھوقۇقلۇق مۇھىم كىشىلەرنى ئارقا يولەنچەك قىلغان»② قۇراللىق ئەتكەسچىلىكنى ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا بىلمەيدىغان كىشى قالمىدى. بۇ كومپرادور قۇراللىق كۇچىنىڭ قۇراللىق كومپرادورلۇق قىلغانلىقى ئىدى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا 4 چوڭ ئائىلە

---

①دې جاۋبېي: «جۇڭگونىڭ بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ رىۋاجلىنىش يولى» (بىرىنچى قىسمى) - «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - يىل 4- ئىيۇل سانىدىن.

②«دۈگۈنەن ژىباۋ» گېزىتىنىڭ 1939-يىل 18-دېكابىر سانىدىكى ئوبزورىغا قاراڭ.

بىردىن-بىر «ھوقۇقلۇق كىشىلەر» ۋە مەركەزلەشكەن بيۇروكرات كاپىتال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئاساسىي قۇراللىق كۈچ ۋە قاتناش ئىشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدا، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىلا بۇنداق قۇراللىق «ئەتكەسچىلىك»نىڭ ئاساسىي يولەنچىلىرى بولالايدۇ، شۇنداقلا بۇنداق قۇراللىق «ئەتكەسچىلىك»نىڭ پايدىسىنى ئاساسىي مونوپولىيە قىلغۇچى بولالايدۇ (4 چوڭ ئائىلە ئىچىدە كىمنىڭ كوپ ئىگە بولغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر)، بۇنداق «ئەتكەسچىلىك» يەنە ئۇلارنىڭ مەنپەتىنى دۇشمەن مەنپەتى بىلەن چەمبەرچەس باغلىدى ۋە شۇ يول بىلەن خەلق ئىگىلىكىگە سىلىۋاتقان ۋەيرانچىلىقنى كۈچەيتتى.

5) بۇلاڭچىلىق بىلەن تاپشۇرۇۋالغانلىقىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نىيىتى تېخىمۇ يامانلاشتى

ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم بولغانلىقىدىن كېيىن، 4چوڭ ئائىلە خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشنى ۋاستە قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرى بۇلاپ كەتكەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەممە سودا مىراسلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى: ياپون باسقۇنچىلىرى بۇلاپ كەتكەن نۇرغۇن ماددىي ئەشيالار ۋە ئۇلارنىڭ سودا شىركەتلىرى ھەم دۇكانلىرى ئۇلارنىڭ بىر تەرىپى بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى تالان - تاراج قىلىش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئىدى. 4 چوڭ ئائىلە بۇ ئىشتا ياپون باسقۇنچىلىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

«ياپون باسقۇنچىلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشقا تەييار-
لىق قىلىش ئۈچۈن، ماددىي ئەشيالارنى ئارقىمۇ - ئارقا ئىچكى
ئۆلكىلەردىن شىلىپ، بىر قانچە چوڭ شەھەرلەرگە توپلىدى.
بىرلا شاڭخەي شەھىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، چوڭ - كىچىك
بولۇپ بىر نەچچە مىڭ ئامبارنىڭ ھەربىرىدە تۈرلۈك نەرسىلەر
تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە بار.
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرى ئەڭ تۆۋەن
باھادا مەجبۇرىي يول بىلەن خەلق قولىدىن تارتىۋالغان»[1]
جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ ئاشكارە قىلغان سانىغا قارىغاندا،
جياڭسۇ، جېجياڭ، ئەنخۇي رايونىدا تاپشۇرۇپ ئېلىنغان دۈش-
مەن مال - مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى «1 تىرىللىون يۈەندىن
ئاشىدۇ»، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھېسابلىغاندا «4 تىرىللىون
يۈەندىن تۆۋەن ئەمەس».[2] ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى «ماد-
دىي ئەشيا» دېگەن نەمىدىن ئىبارەت بولۇپ، جياڭكەيشى سۇ-
لالىسى ئاشكارە قىلغان بۇ سان ئەلۋەتتە راس ئەمەس؛ ئەمە-
لىيەتتە «ھۆكۈمەت» ۋە «خۇسۇسىي» نام بىلەن شىلىپ ئېلىنغان

① جاڭجۇنبو: «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بايلىغى ئاز سانلىق كىشىلەر-
نىڭ قولىغا مەركەزلەشمەكتە» - «ۋېنخۇي باۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل
9 - ئىيۇل سانىدىن.

②شاڭخەيدە چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 31 -
ئىيۇل سانىدىكى باش ماقالىسىدىن.

تۇرلۇك نەرسىلەرنىڭ سانىنى مولـچەرلەش ناھايىـتى تەس. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ قان - تېرى بەدىلىگە كەلگەن، لېكىن ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ 4 چوڭ ئائىلـىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سىستېمىسىدىكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلـكىگە ئايلىنىپ قالدى ھەم ئۇنى 4 چوڭ ئائىلە «قايتۇرۇۋېلىنغان رايونـلار»دا زور سودا مونوپولىيىسى قۇرۇشتا ماددىي ئاساس قىلدى.

4 چوڭ ئائىلە ۋە ئۇنىڭ سىستېمىسىدىكى كىشىلەر ياپون باسـقۇنچىلىرى بۇلاپ توپلىغان نەرسىلەرگە ئاشكارىدىن - ئاشكـارە زورلۇق بىلەن ئىگە بولۇۋېـلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ سودا ئىشـلىرىدىكى «غەنىمىتى» قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قولدىن كەتكەن رايونلاردا ياپون باسقۇنچىلىرى تېخى بۇلاپ ئالالمىـغان خەلق ئامبىرىدا ساقلىـنىپ تۇرغان ماددىي ئەشيالارنىمۇ داۋاملىق يوسۇندا بىۋاسىتە تالاپ، ئۆزلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىـدىكى «غـەنىمىتى» قىلـدى. مەسىلەن، بىر يازغۇچى بۇنـداق يازىدۇ:

«ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆڭـلى چەكسىز خۇرسەن بولدى، مال باھاسى دەرھال تۆۋەنلىدى. بيۇروكرات كاـپىتالىستلارنى بولسا غەم باستى. ئۇلار، بېسىۋالغان ماددىي ئەشيالىرى، توپلىۋالغان ئالتۇن ۋە ئامېرىكا دوللارلىرىنىڭ باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا تاقەت قىلىپ تۇرالامدۇ؟... ئۇلار مال باھاسىنى چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن خىلمۇ - خىل چارىلارنى ئىزدىدى، ئۇلار مال باھاسىنى ئۆستۈرـمەكچى بولدى، ئۆستۈرمەكچى، يەنە ئۆستۈرمەكچى

بولدى! شۇنىڭ بىلەن ھەممە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بارلىق تارقاق
پۇللاردىن پايدىلىنىپ، بىرىنچى تۈركۈم ئايروپلاندا ئولتۇرۇپ شاڭ-
خەيگە كېلىپ خىلمۇ-خىل نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا كۈچىنىڭ بېي-
رىچە كىرىشتى، ئۇقۇشمىزچە، يالغۇز گەزلىمىنى ئېلىپ ئېيتقاندا،
ئۇلار باھاسىغا قارىماستىن ماللىكى بولسا، ئاز-كوپلىگىدىن قەت-
ئىي نەزەر پۈتۈنلەي سېتىۋالغان. ئۇلار شاڭخەينىڭ گەزلىمە باھا-
سىنى ئۇستۇرۇش خىزمىتىنى بىرمىللارد يۈەندىن ئوشۇق «فابى»
پۇلى بىلەن ئورۇندىدى. شاڭخەيدە گەزلىمە باھاسى ئۇسۇپ، مالنىڭ
كامچىل بولۇشى نەتىجىسىدە، جۇڭچىڭنىڭ گەزلىمە باھاسىمۇ ئۇسۇپ
كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېسىۋالغان گەزلىمىنىڭ باھاسى چۈشۈپ
كەتمىدى»①

4 چوڭ ئائىلىنىڭ 1 يۈەن «فابى» پۇلىنى 200 يۈەن قور-
چاق پۇلغا تېگىشكەنلىگى خەلقنىڭ نەرسىلىرىنى تېخىمۇ دەھ-
شەتلىك يول بىلەن بۇلاش بولدى- بۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا
ئىشلىرىدىكى بۇلاڭچىلىغى ۋە مونوپولىيىسى ئۈچۈن چەكسىز پايدا
كەلتۈردى. دۈشمەن-قورچاق ھوكۈمەت تەرىپىدىن تارقىتىلغان
قورچاق پۇل 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە سودا ئىشلىرىدا
بېيىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوڭاي، يېڭى يول ھازىرلىغان دېيىشكە
بولىدۇ. بىر دۇكاننىڭ خوجايىنى ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ تو-
رۇپ: «خەلق راسا قىيىنچىلىقتا قالدى، 200 يۈەننىڭ 1 يۈەنگە

① جىڭ جىڭدو: «بيۇروكرات كاپىتال توغرىسىدا»- «جىنا» ژۇرنى-
لىنىڭ 5- سانىدىن.

سۇنـدۇرۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىـڭ جاپا ـ مۇشەققەتـلەر ئىچىدە تاپقان نەرسىلىرى يوق بولۇپ كەتتى»[1] دېگەن. ئادەتتە جياڭ كەيشى ھوكۇمىتىنى ئاخلاپ كېلىشۋاتقان بىر گېزىتمۇ مۇشۇ سەۋەپ بىلەن «جېجاڭ، جياڭسۇ خەلقى ئۇچۇن تەلەپ» قويۇشقا مەجـ بۇر بولدى: «...... سانسىز خەلق غەلىبە ئۇچۇن تەنتەنە قىلغان ئىدى، ئەمەلىيـكتە ئۇلۇق سۇ ۋە يانغىن ئوت ئىچىدە قېلىپ، تۇرمۇش كوچۇرۇشكە ئىلاجىسىز قالدى. ئۇلارنىڭ دەردى چېـ كىـگە يەتـتى، ئۇلار غەلىبە قازانىغان چاغدىكىدىنمۇ كوپرەك دەرت ـ ئەلەمدە قالدى... ئۇلار غەلىبە كۇنلىرىنى ئوتكۇزۇۋاتىدۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئوزلىرىنىڭ ۋەيران بولـغانلىقىنى سەزـ مەكتە... بۇ ئوز گـۇرۇش ناھايـتى زور بولۇپ كەتـتى، ھەممە كىشى كۇندۇلۇك تۇرمۇشىدا بۇ ئوزگورۇشنى بىۋاستە ھېس قىلـ ماقتا. بۇ ئوزگـۇرۇش نىمە؟ ئۇ، ئۇرۇش غەلىبىسىگە ئەگىشىپ بايلىقنىڭ كەڭ تۇردە يوتكەلگەنلىگىدىن ئىبارەت. پىچەتنى بەلـ گە قىلىپ تۇرۇپ مال ـ مۇلۇك يوتكەش ئۇ، شەكىللىك ھەم چەكـ لىك بولۇدۇ؛ شەكىلسىز ھەم چەكسىز بولـغىنى شۇكى، قورـ چاق پۇل ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنىڭ بايلىقى « گوەنـجىنك» ۋە «فابى» پۇللىرى ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا ئوتۇپ كەتـ تى، سېتىۋېلىش كۇچى ۋە راھەت كورۇش ئارزۇسىمۇ گوەنجىنك

[1] جياڭ خۇگزنىڭ «چۇنچىندىن كەلدىم دېمە» ـ «داگوڭباۋ» گېزىتىـ نىڭ 1945 ـ ژىل 24 ـ ئوكتەبر سانىدىن.

ۋە «فابى» پۇلـى تەرپىگە ئۆتۈپ كەتـتى...... بۇ كىشلەر گۇەنجىك ۋە «فابى» پۇلدىن ئىبارەت ئۆتكۇر قۇرالنى قولتۇق-لاپ ژۇرۇپ، نەنجىن ۋە شاڭخەي ئەتراپىدىكى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا راستىنلا ئۇمۇمىي يۇزلۇك بەلكى قاتتىق زىيان يەتكۇزدى. ھەتتا چاڭ سالدى...... بۇنىڭغا زامىن بولغان زور سەۋەپنىڭ بىرى— 1 يۇەننى 200 يۇەنگە تېگىشىشتەك پۇل باھاسىنىڭ سېلىشتۇر-مىسىدۇر ...... ئەمىلىيەتتە جياڭسۇ- جېجياڭ خەلقىنىڭ مال-مۇلـكى قەدىرسىزلەندۇرۇلدى، كوپلەپ قەدىرسىزلەندۇرۇلگەن-لىكتىن، مۇسادىرە قىلىنغانغا ئوخشاپ كېتىپ قالدى»[1]. ئەمىلى-يەتتە، ئاۋالقى قولدىن كەتكەن رايونلاردىكى خەلق ئاردىسىدىكى ماددىي بايلىق ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، مۇسادىرىگە يېقىنراق شەكىل بىلەن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە ئۇلار-نىڭ سىستېمىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا تېخىمۇ كوپلەپ مەركەز-لەشتۇرۇلدى. شۇ سەۋەپلىك ئۇلار يېسىۋالغان نەرسە تېخىمۇ كوپەيدى، ئۇلارنىـڭ سودا مونوپولىيىسىدىكى ئورنى تېخىمۇ كوچەيدى.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ چوڭچىندە ژۇرگۇزگەن سودا مونوپولىيىسىدىكى تۇرلۇك ئۇسۇللىرى «قايتۇ-رۇۋېلىنغان رايونلار» دىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ژۇگۇزۇلدى،

[1] «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1945 - ژىل 24 - ئوكتەبىر سانىدىكى باش ماقالىسىدىن.

مەسلەن: 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مەخسۇس سېتىش تۈزۈمىنىڭ تەيـ
ۋەندە داڭقى چىقتى: «جاڭگۇەن مەھكىمىسى قەن ـ شـكەر،
تۇز ۋە تاماكـىنى مەخسۇس سېتىش ئىدارىسىنى ناھايىتى زور
تىرىشچانلىق بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئەسلىگە كەلتۈردى.
بۇ تەيۋەن خەلقىنىڭ پۇت ـ قولىنى خـۇددى مەككەم كىشەنـ
لەك چىڭ بوغۇپ، ئۇلارنى پەقەت مىدىرلىيالماس قىلىپ قويـ
دى. «مەخسۇس سېتىش» دېگەن نىمىسى خەلـق ئارىسىدىكى
قەن ـ شكەر، تۇز ۋە تاماكىنى ئەرزان باھا بىلەن سېتىۋېلىپ،
ئاندىن سىرتقا توشۇپ، ژۇقۇرى باھـادا سېتىش بىلەن پايـدا
ئېلىشتىن ئىبارەت. بۇ پۈتۈنلەي سىياسىي جەھەتتىن بېسىش
يولى بىلەن بيۇروكرات كاپىتال ۋە كومپىرادور كاپىتالنى رېـ
ۋاجلاندۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس... بۇ خۇددى ياپون فاشىستـ
لىرى ھوكۇمرانلىغىنىـڭ داۋامـى بولماقـتا»[1]. ئەمىلىيەتتە،
ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىغىدىكى
بارلىق رايونلاردا، خەلقلەر 4 چوڭ ئائىلىنىڭ فېودال، ھەرـ
بىي، سودا مونوپولىيىسىگە ئاساسلانغان زورلىغى ئاستىدا بۇلاڭـ
تالاڭغا ئۇچراش بىلەن، ئۇلارنىڭ قانلىق ياشلىرى تېخىمۇ چەكـ
سىز كۆپەيدى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا سىستېمىسىنىڭ سېتىۋېـ
لىش باھاسىدا ژېپەك بىلەن چاينى مىسال قىلىش مۇمكىن: بۇ

① ياڭفىڭ: «تاپشۇرۇپ ئېلىنغىنىغا يىرىم ژىل بولغان تەيۋەن» ـ «ۋىنـ
خۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل ـ 4 ـ ئېيۇل ساندىن.

ژىل جوڭگو ژىپەك شىركىتى (بۇ ئاساسەن سوۋېت زىۋىن ئائىلىسى-
نىڭ ئىلكىدە) ھەر بىر دەن پىلە غوزىسىنىڭ باھاسىنى 100 مىڭ
يۈەن بەلگىلىگەن، بۇ 150 مىڭ يۈەن تەننەرقىدىن 50 مىڭ
يۈەن كام، بەلكى ئەمەلىي سېتىۋېلىش باھاسى 70 مىڭ يۈەندىن
تۆۋەن، دېمەك تەننەرقىنىڭ يېرىمىغا يەتمەيدۇ.① يەنە بىرمىسال:
ئىلگىرى بىر دەن چاينىڭ باھاسى 3 دەن گۈرۈچنىڭ باھا-
سىغا تەڭ كېلەتتى، 1946 - ژىلى سېتىۋېلىش ۋاختىدا بولسا،
ئاران بىرىيېرىم دەن گۈرۈچنىڭ باھاسىغا توغرى كېلىدىغان بولۇپ
قالدى ......② ئۇنىڭ سېتىلىش باھاسىدا تەيۋەننىڭ قەنچى-
لىكىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ: تەيۋەن قەنچىلىك شىركىتى (بۇمۇ
ئاساسەن سوۋېت زىۋىن ئائىلىسىنىڭ ئىلكىدە) بۇ ژىل (1946 - ژىل)
مايدا قۇرۇلغان ئىدى، بۇ شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەيۋەن
قېنىنى ناھايىتى تۆۋەن باھا بىلەن كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، شاڭخەيگە
ئېلىپ بېرىپ ساتتى، شاڭخەيدە بىر دەن قەننىڭ باھاسى
ئاپرېلنىڭ ئاياقلىرىدا 50 نەچچە مىڭ يۈەن ئىدى، بۇ شىركەت
ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرى 73 مىڭ يۈەن باھا قويدى، ئىيۇننىڭ
ئاياقلىرى 123 مىڭ يۈەنگە چىقاردى. ۋاھالەنكى، بۇ شىركەت-
نىڭ «تەننەرقى» كىرا ھەققى بىلەن قوشۇلۇپ 50 مىڭ يۈەن-

① «شىڭخۇنباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 26 - ئىيۇن سانىدىكى باش
ماقالىسىدىن.

② «گۇڭشاڭ باۋداۋ» نىڭ 1946 - ژىل 28 - ئىيۇل سانىدىن.

دىن ئاشمايتتى. ئېلىش ۋە سېتىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر-
نىڭ ھەممىسىنى ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇ-
رۇش جەريانىدىكى مەسىلىلەرغا سېلىشتۇرۇپ كورسەك، ئۇ بىزگە
شۇنى كورسىتىدۇكى، 4 چوڭ ئائىلە ياپون تەسلىم
بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ بېيىغان بولسىمۇ، لېكىن ئازغىنا بول-
سىمۇ، ئىنساپ قىلمىدى، ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ
كەتتى، ئۇلارنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى بۇلاڭچىلىقى ياپون ئىم-
پېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكىگە قارىغاندا
تېخىمۇ كوپەيدى، بۇلاڭچىلىق نىيىتى تېخىمۇ يامانلاشتى.

شاڭخەيدىكى ئاشلىققا پۇل قەرز بېرىش ۋەقەسى ئاتاق-
لىق («داگۇڭباۋ» گېزىتى «كىشىنى چوچۇتەرلىك» دەپ ئاتىدى)
يامان نىيەتلىك ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولدى. ئەسلىدە جياڭ كەيشى
ھوكۇمىتى بۇ يىلى (1946 - يىلى) 12 - ئاپرېلدا «ئاشلىققا
قەرز» دەپ 1 مىللىارد يۈەن تارقاتقان ئىدى، ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ
4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمەت غەزىنىسىنىڭ كوڭ شاڭشى، سوڭ
زىۋېن ئائىلىسىنىڭ سودا غەزىنىسىگە قەرز بەرگەنلىگى بولدى.
كوڭ شاڭشى ئائىلىسىنىڭ «چاڭجياڭ» شىركىتى قەرز ئالغان
ئاساسىي شىركەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «ئاشلىققا
بېرىلگەن قەرز پۇل تارقىتىلغاندىن كېيىن، گۇرۇچنىڭ باھاسى
30 مىڭ يۈەندىن 63 مىڭ يۈەنگە چىقتى. «سەنتەي» گۇرۇچ
دۇكىنى بىلەن «چاڭجياڭ» شىركىتى بۇنىڭغا تېخى قانائەت قىل-

ماي، گۈرۈچ باھاسىنى ھەدەپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆپەي-
تىپ، گۈرۈچ بازىرىدا ئالىمغان گۈرۈچنى ساتقۇچىلار بىر دەن
گۈرۈچنى 51 مىڭ يۈەن دېسىمۇ، ئۇلار 55 مىڭ يۈەندىن ئې-
لىپ، گۈرۈچنى 63 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى»①
4 چوڭ ئائىلىنىڭ بىرى بولغان چېڭ لىفۇ ئائىلىسى پايدىغا ئىگە
بولالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بىر ئاز ئېيىپىنى ئېچىپ قويدى.
بىراق، بۇ سودا ئىشلىرىدىكى تۈمەن - مىڭ ھىلە - مىكىرنىڭ
بىرى ئىدى، بەلكى 4 چوڭ ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئۇششاق ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ!

6) ئامېرىكا مېلى بويىچە ئومۇمىي كومپرادورلۇق

سودا ئىشلىرىدا خەلق ئىگىلىكىگە تېخىمۇ قاتتىق ۋەيران-
چىلىق سېلىشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئامېرىكا
مېلى بويىچە ئومۇمىي كومپرادور بولغانلىقىدۇر.

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى سودا ئىشلىرىدىكى قەستى ۋە ھەر-
كىتى توغرىسىدا، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «يېڭى خەلق» ژۇرنى-
لىنىڭ 1945 - ژىل دېكابىر سانىدىن مۇنۇ سۆزلەرنى سىتاتا كەل-
تۈرۈش مۇمكىن:

«بىزنىڭ (ئامېرىكىنى دېمەكچى) ھۆكۈمىتىمىز نەپسى يامان ئىم-
پېرىيالىستلار ئۈچۈن ئىپلاس ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلماقتا، ئۇلار جۇڭ-

①ۋاڭ شىگېن: «ھالاكەت ئىچىدىكى شاڭخەي» - «جۇڭگىياڭ جۇكەن» ژۇرنىلىنىڭ 8 - توم 22 - سانىدىن.

گونى پارچىلانغان، ئاجىزلاشقان، يىرىم مۇستەملىكە مەملىكەتكە ئايـ
لاندۇرماقچى، شۇنداق قىلغاندا ستاندارد ۋاكۇم ئويىل كومپانىيىسىگە
ئوخشاش ئامېرىكا تىرەستلىرىنىڭ بۇيرۇغىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ. شۇنى
بىلىش لازىمكى، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سابىق ئەلچى ھېرلىنىڭ ئۆزى
چوڭ نېفت سودىگىرى! بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز ئورۇشتا بېيىغان بانكىر-
لار ۋە سانائەتچىلەر ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇلارنى دەپ دۇنيانىڭ
ھەممە قىسمىنى ئىدارە قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ.
ئۇلار جۇڭگونى ئىدارە قىلىشقا مۇھتاج، مۇشۇ مەخسەت ئۈچۈن، ئا-
مېرىكا ئالدى بىلەن جۇڭگوغا قىلىدىغان ئېكسپورتىنى كېڭەيتىتى
(ئورۇشتىن ئىلگىرى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ئېكسپورتى
ئۇمۇمىي ئېكسپورت سوممىسىنىڭ ئاران 2,5% چىسىنى تەشكىل قىلاتـ
تى، ئەمدىلىكتە 20% قا يەتكۈزمەكچى). ھازىر (1945 - ژىل دېكابر).
ئورۇش ئەمدىلا ئاياغلىشىپ، دېڭىز ترانسپورتى ئەمدىلا باشلانغاندا،
ئامېرىكا مىلى خۇددى دېڭىز سۇيىدەك جۇڭگوغا ئېقىپ كىردى،
ھەتتا ئاشكارە ئەتكەسچىلىك قىلىشتەك يولسىز ئۇسۇللارمۇ قوللۇ-
نۇلدى...» ①.

ئورۇشتىن ئىلگىرى، ئامېرىكا ئەڭ كوپ مال ئېكسپورت
قىلىدىغان مەملىكەت ئەنگلىيە بىلەن كانادا ئىدى. مەسىلەن:
1936 - ژىلى ئەنگلىيىگە قىلغان ئېكسپورتى ئۇمۇمىي ئېكسپورت-
نىڭ 17.9% نى، كاناداغا قىلغان ئېكسپورتى ئۇمۇمىي ئېكسـ
پورتىنىڭ 15.7% نى تەشكىل قىلغان ئىدى، ھەرئىككى مەملە-

① بۇ سوز «شىياسىبو» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 19 - ئىيۇل سانىدىن
ئېلىندى.

گەتكە قىلغان ئېكسپورتى 20% گە يەتمەيتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئامېرىكا جۇڭگوغا قىلىدىغان ئېكسپورتىنى ئۇمۇمىي ئېكسپورتىنىڭ 20% ىگە يەتكۈزمەكچى بولدى (4 چوڭ ئائىلىنىڭ فېودال، كومپرادورلۇق تۈزۈمىنىڭ تۈرلۈك زۇلمى ئاستىدا، جۇڭگونىڭ زادى قانچىلىك سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ بارلىقىنى سۈرۈشتۈرمىدى)، بۇنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ بۇنىڭ ئەھمىيىتى 450 مىللىون ئاھالىگە ئىگە بولغان جۇڭگونى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ ئاساسىي تاشقى بازىرىغا، يەنى ئاساسىي مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. يېقىنقى زاماندىن بېرى جۇڭگو ئىمپېرىيالىستلارنىڭ ئورتاق يېرىم مۇستەملىكىسى بولۇپ كەلدى، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپون ئىمپېرىيالىستلىرى جۇڭگونى ياپونىيىنىڭ خاس مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى؛ جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن بولسا، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى ئۆزىنىڭ «ئىتتىپاقچى دولەت» دېگەن ئورنىدىن ۋە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ چەتئەلنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش زورگۈزۈش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ خاس مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ 2 - جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ ئاساسىي سىياسەتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا 2 - جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيا ۋەزىيىتى ياكى ژىراق شەرق ۋەزىيىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى-

نىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمران-لىغى ئامېرىكىنىڭ بۇنداق ئىمپېرىيالىستلىق سىياسىتىنىڭ تۈۋرىگى بولدى ھەم سىياسىي ۋە ئىختىسادىي كومپىرادورلۇق بىلەن بىۋا-ستە بىرلىشىپ كەتتى. ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى 4 چوڭ ئائىلە-نىڭ قولى بىلەن جۇڭگودا مونوپولىيە ئاساسىدىكى مەخسۇس سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى. «ھازىر كېلىۋاتقان چەتئەل مېلىنىڭ $\frac{9}{10}$ ى ئامېرىكىدىن كېلىۋاتىدۇ». ①

ئامېرىكا مېلىنى جۇڭگودا مونوپولىيە يولى بىلەن مەخسۇس سېتىشتا تۆۋەندىكى 3 تۈرلۈك ئاساسىي شەكىل قوللىنىلدى:

بىرىنچى شەكىل، ئامېرىكا سودىگەرلىرى جياڭ كەيشى سو-لالىسى — 4 چوڭ ئائىلە جاكالىغان «يېڭى شىركەت قانۇنى» ئاساسىدا بىۋاستە سودا شىركەتلىرىنى ئېچىش. بۇ ژىل ئىيۇلدا گېزىتلەردە بۇنداق يازدى: «ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ شىر-كەت ۋە دۇكانلىرى يېقىندىن بېرى كوپىنچە شاڭخەيدە شوبى-لىرىنى قۇردى. تەكشۈرۈشتە ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، قۇرۇل-غانلىرى 115 گە يەتكەن، ئۇنىڭدىن ئامېرىكىدىكى باش شىركەت تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىرى 40، ۋاستە ئارقىلىق ۋاكالەتخانە بولۇپ قۇرۇلغانلىرى 75 بولۇپ، بۇنىڭ كوپ قىسمى ئىمپورت ۋە ئېكىس-پورت ئىشلىرىنى قىلىدۇ». «ئۇنىڭ بىر قانچىلىرى جۇڭگو ھوكۇمىتى ۋە سودىگەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى».

① «شىڭخۇئىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 18 - ئىيۇن سانىدىن.

ئىككىنچى شەكلى ـ ئامېرىكىلىقلار 4 چوڭ ئائىلە ۋە باشقا كومپرادورلار بىلەن بىرلىشىپ سودا شىركىتى ئېچىش، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىلىقلارنى ئاساس قىلىش. مەسىلەن: ھازىر تەشكىل قىلىنىۋاتقان، بەلكى ئامېرىكىلىق لۇكچەڭ، قاراقچى — «ئۇچار يولۋاسلار گېنېرالى» دەپ ئاتالغان چېننولت مەشھۇر تەشەببۇسچى بولغان «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىگىلىك شىركىتى» ئەنە شۇنداق بولىدى. ھەممىگە مەلۇم، جياڭكەيشىنىڭ خوتۇنى سۇڭمىلىڭ ـ جياڭكەيشى سۇلالىسى ئاۋىئاتسىيە ھەيئىتىنىڭ مەسئۇل كىشىسى. ئىلگىرى چېننولتنىڭ ئۇچار يولۋاسلار ئەترىدى سۇڭمىلىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن، بۇ «جۇڭگولۇق بىلەن ئامېرىكىلىقلار بىرلىشىپ قۇرغان شىركەت»، ئەمەلىيەتتە چېننولت بىلەن سۇڭ مىلىڭ بىرلىشىپ قۇرغان شىركەت بولدى. «تىجارەت پىروگراممىسىدا كورسۇتۇلگىنىگە قارىغاندا، بۇ شىركەت ئۆز ئىشىدا تامامەن چېننولتنىڭ ھاۋا ترانسپورت ئەترىدى ۋە گېنېرال چېننولت شىركىتىنى تايانچى كۈچ قىلغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. بۇ شىركەتنىڭ باش شىركىتى شاڭخەيدە قۇرۇلدى ھەم نەنجىڭ، خەنكۇ، چاڭشا، ئۇخۇ، جۇجياڭ، خىڭياڭغا ئوخشاش جايلاردا شۆبىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ژۇقۇردا ئېيتىلغان رايونلارغا قاتناپ تۇرۇدىغان پاراخود ۋە ئاۋتوموبىللىرى بارھەم گېنېرال چېننولتنىڭ ھاۋا ترانسپورت ئەترىدى بىلەن ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرۇدۇ. ئامېرىكا مەملىكىتىمىزدىن ئېكسپورت قىلىشقا ئېھ‑

تىياجلىق بولغان نەرسىلەر ـ ژىپەك، چاي، چوشقا قىلى، ژۇڭ، تۇڭ يېغى ۋە خۇەن كەشتىلىرى ـ چىننولت شىركىتى تەرىپىدىن بۇ شىركەتنىڭ ۋاكالىتەن ئىشلىشىگە تاپشۇرۇلۇدۇ. مەملىكىتىمىزگە ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنا، دورا، خىمىيىۋى ماتېرىياللار ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھەممە نەرسىلەرنى چىننولت شىركىتى باشقۇرۇدۇ، بۇ شىركەتنىڭ ھەقلىق يوسۇندا ۋاكالىتەن سېتىشىغا تاپشۇرۇدۇ ھەم چىننولت شىركىتى ئۆزى مەملىكىتىمىزدىكى فابرىكانتلارغا پۇل قەرز بېرىدۇ»[1]. بۇ گويا ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەلكى ئامېرىكا مىلىتارىستلىرى جۇڭگو ئىختىسادىغا بىۋاستە ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان زور سودا ترىستى بولۇپ قالدى. ئۇبىر تەرەپتىن ئامېرىكا مىللىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى مونوپولىيە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگو مىللىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى مونوپولىيە قىلدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئاۋالقى سودا ھەيئىتى ۋە 3 چوڭ شىركەتنىڭ مونوپولىيە ئىشلىرى مەركىزىي ۋاستىچىلىق ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، مەركىزىي ۋاستىچىلىق ئىدارىسى بولسا ئەمىلىيەتتە جياڭ كەيشىنىڭ خوتۇنى سۇڭ مىلىڭنىڭ مونوپولىيىسىدە ئىدى. ژۇقۇرىدىكىلەردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، مەركىزىي ۋاستىچىلىق ئىدارىسىنىڭ بۇ مونوپولىيە ئىشلىرىمۇ «جۇڭگولۇق بىلەن ئامېرىكىلىقلاردىن ئارىلاش تەركىپ تاپقان» ـ «جۇڭگو-

[1] «لەنخې ۋەنباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 20 ـ ئىيۇن ساندىن.

ئامېرىكائىگىلىك شىركىتى»گە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئۈچىنچى شەكلى ـ 4 چوڭ ئائىـلە ئۆزلـىرى سودا شىركىتى ئېچىش. مايىگچۇ ئەپەنـدى ئىيۇنـدا شاڭخەيـدىكى «داتوڭ» ئۇنىۋېرستېتىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا بۇنـداق دەيدۇ: «هازىرقى خەلقارا سودىنى 3 چوڭ بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ سودا شىركەتـلىرى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالدى، ئۇنىڭ بىرى «ياگزى» شىركىتى بولۇپ كۇڭ شاڭشى ئائىلىسىنىڭ ئىلكىدە، بىرى «جىڭشەن» شىرـكـتى بولۇپ، سۇڭ زىۋېننىڭ ئىلكىدە، يەنە بـىرى «لىدا» شىركىتى بولۇپ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىلكىدە»① «ياگزى قۇرۇلۇش شىركـتى» نىڭ دوگسى جىگى كوڭ شاڭشىنىڭ ئوغلى كۇڭ لىگكەن بولۇپ، ئۇنىڭ 500 مىللون دوللار كاپىتالى بار (بىر كىشى ئۇنى چەتئەل تىرەستلىرى بىلەن بەسلىشەلەيدۇ دېگەن)، بۇ شىرـكەت ئامېرىكىنىڭ 16 ئاتاغلىق زاۋۇدى بىلەن ئۇمۇمىي سېتىپ بېرىش توختىمىنى تۈزدى②، مايىگـچـۇ ئەپەنـدى ژۇقۇرىدا كۆرسەتكەن شىركەتلەردىن باشقا، يەنە ئاتاغلىق شىركەتلەردىن، كۇڭ شاڭشى ئائىلىسىنىڭ «چاڭجىاڭ» شىركىتى، سۇڭزىۋېن ئائىـلىسىنىڭ (سۇڭ زىلياڭ ئاچقان) جۇڭگو ئىمپورت ۋە ئېكسپورت سودىسى شىركىتى، كۇڭ شاڭشى ۋە سۇڭ زىۋېنلار بىلەن يېقىن

① «جىگيەنباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 4 ـ ئىيۇن سانىدىن.

② كۇگمىندا چىقىدىغان «شىگباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 1 ـ ماي سانىغا، «شاگۇۋرباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 12 ـ ماي سانىغا قارالسۇن.

مۇناسىۋەتتە بولغان (يۇيچاچىڭىنىڭ ئوغلى ئاچقان) «فۇجۇڭ» سودا شىركىتى بار، چىڭ لىفۇ ئائىلىسىدىن بولسا چىڭ چىسەي باشلىق كىشلەرنىڭ «تەيپىڭ شىڭيە» شىركىتى بار، 4چوڭ ئائىلىنىڭ بۇ كومپىرادارلۇق شىركەتلىرى ئىختىسادىي جەھەتتە، تۆۋەندىكىچە مونوپولىيە ئۇستۇنلىكىگە ئىگە: بىرىنچى، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدا قويۇپ قويغان نۇرغۇن چەتئەل پۇلى بار، ئامېرىكىغا تىلىگراممىا بەرگەن ھامان ئىش پۇتىدۇ؛ ئىككىنچى، مەركىزىي بانكىنىڭ چەتئەل پۇللىرى بىلەن كوپلەپ تەمىنلىشىگە ھەر قاچان ئىگە بولالايدۇ؛ ئۇچىنچى، ترانسپورت قۇراللىرىدىن پايدىلىنالايدۇ، مەسىلەن: سۇڭ زىۋېن ئائىلىسى سودا ئىدارىسىنىڭ كېمە ترانسپورتىدىن پايدىلىنىدۇ، يەنە يېقىندا جياڭ كەيشى ھۆكۇمىتىنىڭ مەمۇرىي پالاتىسى قۇتقۇزۇش باش مەھكىمىسى قارمىقىدا سۇ ترانسپورتى ئەترىتىنى قۇردى، بۇ ئەترەت ئىككى - ئۇچ يۈز مىڭ توننىلىق كېمىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ، ئامېرىكا مېلىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ سېتىش قۇرالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ؛ تۆرتىنچى، ئۇلارنىڭ سېتىۋالىدىغان مېلى ناھايىتى كوپ، ئامېرىكا سودىگەرلىرىنىڭ كوپچىلىگى ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالايدۇ.

بۇ 3 تۇرلۇك تىجارەت شەكلىنىڭ توپ ماھىيىتى بىر، ئۇ، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ 4 چوڭ ئائىلە ئارقىلىق جۇڭگونى ئۆزىگە خاس بازارغا ئايلاندۇرۇدۇ.

4 چوڭ ئائىلە ئامېرىكا مېلىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىغا نۇرغۇن تەرەپتىن يول ئېچىپ بەردى: بىرىنچى تەرەپتىن، قۇراللىق ئەتكەسچىلىك قىلدى، ئىككىنچى تەرەپتىن، تاموژنا بېجىنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن ۋاز كەچتى؛ ئۈچىنچى تەرەپتىن، پىرىۋود ھەققىنى تۆۋەنلەتتى، تۆرتىنچى تەرەپتىن، ئىچكى دەريالاردا سودا كېمىلىرىنىڭ قاتنىشىغا رۇخسەت قىلىپ، دەريادا قاتناش ھوقۇقىنى ساتتى، ئامېرىكا مېلى مۇشۇ تەرەپلەردىن جۇڭگوغا خۇددى دېڭىزسۇيىدەك ئېقىپ كىردى، بەلكى ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە ئىچكىرلەپ كىردى.

گېزىتكە بېسىلغان تاموژنا مەلۇماتىغا قارىغاندا: ياپون ئىمپېرىيالىزمى تەسلىم بولغاندىن تارتىپ بۇ ژىل (1946 - ژىل) مايغىچە شاڭخەي تاموژنىسىغا توشۇپ كېلىنگەن ئامېرىكا مېلىنىڭ قىممىتى 700 مىللىون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ، يولدىكى ۋە ھەر قايسى دۇكانلار ئامېرىكىغا زاكاز قىلغان ماللار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ، يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالغاندىن بۇيان، ئىمپورتنىڭ ئېكسپورتتىن بۇنداق ئادەمنى چوچۇتەرلىك دەرىجىدە تېزۋەھەممىنى بېسىپ چۈشكەن ھالدا ئېشىپ كېتىشى بولۇپ باقمىغان. مانا بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ كومپرادورلۇق قابىلىيىتىنىڭ بولۇپ ئۆتكەن بارلىق كومپرادورلاردىن ناھايىتى جىق ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسۈتۇدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى كومپرادورلۇق قابىلىيىتى بىلەن ھازىرقى «ئىلگىرىلىشى»گە قارىغاندا، بۇمۇ خۇددى

تاغ ئالدىدا گۇمبەز تۇرغاندەك كۆرسۇتۇدۇ. لېكىن بۇ ئۇنىڭ بىرلا تەرىپى خالاس. خۇددى بىر گېزىتنىڭ يازغىنىدەك: «يېقىندىن بېرى ماللار جۇڭگوغا خۇددى دېڭىز تاشقىنىدەك كىرىدىغان بولدى، ئۇنى تاموژنىنىڭ ستاتىستىكىسى بويىچىلا ھېساپلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بىزگە مەلۇمكى، مەيلى كېمە، ھەربىي پاراخوددا بولسۇن ياكى ئايروپىلاندا بولسۇن تۇرغۇن ماللار بىلەن ئەتكەسچىلىك قىلىش مۇمكىن. ھەربىي پاراخود بىلەن ئايروپىلاننى تاموژنا تەكشۈرەلمەيدۇ، بۇ ھەربىي پاراخود ۋە ئايروپىلانلار ئەمەلىيەتتە چەتئەل مېلى بىلەن ئەتكەسچىلىك قىلىدىغان ئەترەدگە ئايلىنىپ قالدى». شۇ گېزىت يەنە بۇنداق كۆرسۇتۇدۇ: بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى 5 ئېيىدا تاموژنا ئارقىلىق ئىمپورت قىلىنغان مالنىڭ ئۇمۇمىي قىممىتى «ئەمەلىي ساندىن ئاز دېگەندە 2 ـ 3 ھەسسە كەم»[1]. بىر گېزىت گۇاڭجۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بۇنداق يازىدۇ: «بازارغا توشۇپ كەتكەن ئامېرىكا مېلىنىڭ 90 % ىدىن كۆپرەكى ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن كىرگەن»[2]. يەنە بىر گېزىتنىڭ شاڭخەيدىن ئالغان خەۋىرىدە بۇنداق دېيىلىدۇ: «ھازىر شاڭخەي ئەتكەسچىلەرنىڭ دۇنياسى بولۇپ قالدى......ئاساسىي مەسىلە يەنە كېمە ۋە

---

[1] بېقىن «يىشىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ يىل 1 ـ ئاۋغۇست سانىدىكى باش ماقالىسىدىن.

[2] «شاڭۋۇرباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ يىل 25 ـ ئىيۇل سانىدىن.

ھەربىي پاراخودلارنىڭ ئەركىن توختىتىشى ۋە قاتنىشىدىن ئىبارەت... ھەربىي پاراخود بىلەن سودا كېمىلىرىدىكى «خۇسۇسىي مال»نى تەكشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەتكەسچىلىككە ئوخشاش نەپسانىيەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كوپلىكى ۋە تاموژنىنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇدىغان خادىملىرىنىڭ خىيانەت قىلىشى ئەتكەسچىلىكنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك غەلىبە قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى... ياڭشۇپۇنىڭ ئەتكەسچىلىكى ھەممىدىن ئېشىپ كەتتى، ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ياپونلارنىڭ ئەتكەسچىلىكىدىن ئوتۇپ كەتسە كەتتى، لېكىن كېيىن قالمىدى» ①. مانا بۇلارنى ئادەتتە ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ جۇڭگوغا تەجاۋۇز قىلىش سىياسىتىنى ۋە 4چوڭ كومپېرادور ئائىلىنىڭ ۋەتەننى سېتىش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتقان گېزىتلەرمۇ ياپالمىدى. قۇراللىق ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن كىرگەن ئامېرىكا مېلىنىڭ تاموژنا ئارقىلىق كىرگەن ئامېرىكا مېلىدىن ئازدېگەندە 2 ـ 3 ھەسسە كوپ ئىكەنلىكىدىن ياكى 90%دىن ئارتۇق مال ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن كىرگەنلىكىدىن قارىغاندا، فاكتلار تېخىمۇ ئېنىق بولۇدىكى: ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى قۇراللىق كۈچلىرى ئامېرىكا مېلىنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان بىۋاسىتە كۈچ بولۇپ قالدى، ئامېرىكا سودىسى غايەت دەرىجىدە مىللىتارىزاتـ

① بېيپىن«شىجەدىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 17 ـ ئاۋغۇست سانىدىن.

سىيىلەشكەن خاراكتېرگە ئىگە بولدى. لېكىن ئامېرىكا مېلىدىكى بۇنداق قۇراللىق ئەتكەسچىلىك ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭكىلا پەۋقۇلئاددە مەنپەئەتى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا 4چوڭ كومپرادور ئائىلىنىڭ بىۋاستە مەنپەئەتى بولۇپ قالدى، چۈنكى بۇنداق ئەتكەسچىلىك قىلىنغان ماللارنىڭ كۆپچىلىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىستلىق خاراكتېردىكى كومپرادور شىركەتلىرىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. خۇددى بەزى گېزىتلەرنىڭ يازغىنىدەك: «ياگزى» سودا شىركىتى ۋە «جىڭشەن» سودا شىركىتى... چەتئەل ماللىرىنى بىزنىڭ ئەقلىمىزگە كەلمەيدىغان يوللار بىلەن، جىن- ئالۋاستىلارمۇ بىلمەيدىغان ئۇسۇللار بىلەن توشۇپ كەلدى. ئۇلارغا بېقىنغان پۇرسەتچى سودىگەرلەرمۇ قۇرۇق قالمىدى. بۇ ھەممىگە ئايان فاكت»①. «ئۇلار ئىھتىياجلىق ئەمەس نەرسىلەر ۋە زىبۇ- زىنەت بۇيۇملىرى ئۈزلۈكسىز كىرگۈزمەكتە، ئۇلارنىڭ قولى ھەممىگە يېتىدۇ، بازار ئۈستىدىن كۈچلۈك نازارەت ئېلىپ بارالايدۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدە بولسا، كۈچلۈك چوڭ بيۇروكرات كاپىتال ۋە چوڭ كومپرادور كاپىتال ئىگىدارلىق قىلماقتا. ئىمپورت ۋە ئېكسپورت سودىسى قىلىدىغانلار مەلۇم باشلىق ياكى سودا شىركىتى بىلەن ئالاقە باغلىسىلا ھەر قانداق مالنى ئىمپورت قىلالايدۇ. بۇ ئىشنى ھەممە بىلىسىمۇ بىراق ھېچ ئامال

① «شاگۇۇرىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946- يىل 24- ئىيۇل سانىدىكى باش ماقالىسىدىن.

قىلالمايدۇ»①.

شۇنداق قىلىپ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكمۇمرانلىغىدىكى كونا جۇڭگو بازارلىرىدا «مالىكى بولسا ئامېرىكىنىڭ»، «ھەممە نەرسە ئامېرىكىدا» دەيدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. جۇڭگودا يوق نەرسىلەرغۇ كىرسۇن، جۇڭگودا بار نەرسىلەرمۇ كۆلدۈرلەپ كىرىۋەدى. جۇڭگو پاختا چىقىدىغان يېزا ئىگىلىك ئاساسىدىكى مەملىكەت، لېكىن 4 چوڭ كومپىرادور ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا، ئامېرىكا پاختىسى ئىمپورت قىلىنىدىغان مۇھىم ماللار-دىن بولۇپ قالدى، ئامېرىكا جۇيزىلىرى شاگخەينى قاپلاپ كەتتى، سىچۇەننىڭ گۇاڭگەنلىرىمۇ بازارغا مۇھتاج بولۇپ قالدى. «ھوكۇمەتنىڭ زىياپەتلىرىدىمۇ ئامېرىكا خاسگى كورۇنۇپ قالىدى-غان بولدى». سانائەت ماللىرىدىچۇ؟ ئۇنىڭدا تېخىمۇ شۇنداق بولدى: «مەملىكەت ئىچىدىن چىقىسىمۇ ھەم زاپاس مال تۇر-سىمۇ، ئۇلار يەنە ئامېرىكىدىن سېتىۋېلىندى»② نىمە ئۇچۇن بۇن-داق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، 4 چوڭ ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ «بىرگە بىر قانچە باراۋەر پايدا ئالىدىغان سودا. مەسىلەن، ئامېرىكىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر تونا گېزىت قەغىزى 120 نەچچە ئامېرىكا دوللىرىغا توختىغان بولسىمۇ، لېكىن 700

①«سودا ـ سانائەت خەۋىرى»نىڭ 1946 ـ ژىل ـ 12 ـ ئىيۇل سانىدىن.

② ئۇيۇنچۇ سوزى، «ھەپتىلىك ئىختىسادىي ئەخبارات»نىڭ 2 ـ توم 18 ـ سانىدىن.

ئامېرىكادۇللىرىغا سېتىلىدۇ. مانا بۇ بىرگە بىر قانچە باراۋەر پايدا ئېلىشنىڭ ئوچۇق مىسالى»[1].

ئامېرىكا مېلى جۇڭگو مېلىغا قارىغاندا «نەرقى ئەرزان، سۈپىتى ياخشى» دەپ ئاتالدى. «سىچۇەن گۇاڭگەنلىرىنىڭ دانىسى ئوز يېرىدە 800 ـ 900 يۈەن بولۇۋاتسا، ئامېرىكا جۇيزىلىرى نەنجىن كوچىلىرىدا 300 ـ 400 يۈەندىن ئاشمىدى»[2]. «ئامېرىكا بېنزىنىنىڭ بىر گالۇنى شاڭخەيدە 700 يۈەندىن ئاشمىدى، ۋاھالەنكى نەنجىندە بىر گالۇن قايناق سۇ ئۇچۇنمۇ شۇنچىلىك پۇل كېتىدىغان بولدى. ئامېرىكا كومۇرىنىڭ بىر توننىسى70مىڭ يۈەن، ئوزىمىزدە چىقىدىغان كومۇرنىڭ بولسا 130مىڭ يۈەن»[3] ۋەھاكازا. بىر سانائەتچىنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا: «چەتئەل ماللىرى 80% ماشىنا بىلەن، 20% ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلەنگەن نەرسىلەر بولۇپ، جۇڭگو سانائىتىنىڭ 20% ماشىنا بىلەن 80% ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىگەن نەرسىلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىلىدۇ»[4]. ئۇنىڭ ئۈستىگە ژۇۋورىدا ئېيتىلغاندەك 4 چوڭ ئائىلىنىڭ تورلۇك ئاسان يوللارنى ئېچىپ بېرىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ئامېرىكا

---

① ۋاڭ شىگمىن «ھالاك بولۇۋاتقان شاڭخەي» ـ «مەركىزىي ھەپتىلىك ژۇرنال»نىڭ 8 ـ توم 22 ـ سانىدىن.

② «ۋاخىت» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 19 ـ ئىيۇل سانىدىن.

③ «سودا ـ سانائەت خەۋىرى»نىڭ 1946 ـ ژىل 10 ـ ئىيۇل سانىدىن،

④ «سودا ـ سانائەت خەۋىرى»نىڭ 1946 ـ ژىل 24 ـ ئىيۇل سانىدىن.

مىلى كوپلەپ توكۇلۇدىغان بازارغا ئايلىنىپ قېلىشقا مەجبۇر بول-
دى. بۇنداق ئەھۋالدا، بىر تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ چوڭكاپىتا-
لىستلىرى ماللىرىنى ژۇقۇرى باھا بىلەن جۇڭگوغا سېتىپ بېرىپ،
ھەددىدىن ئارتۇق پايدا ئالدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە
جۇڭگو مىلىغا قارىغاندا ناھايىتى ئەرزان؛ يەنە بىر تەرەپتىن
كومپىرادور ئائىلىلەر ئۇ ماللارنى ساتقاندا، باھاسىنى يەنە ئوس-
تۇرۇپ، «بىرگەبىرقانچەباراۋەر پايدا ئېلىش» مەخسىدىگە يېتىدۇ،
شۇنداق بولغاندىمۇ ئۇ، جۇڭگو مىلىدىن يەنە جىق ئەرزان.
شۇڭا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت
دولەت مىلىنىڭ ھەر قاندىغى ئامېرىكا مىلى بىلەن رىقابەتلىشەل-
مەيدۇ.

«بىر ئاتاغلىق ئىختىسادىي پەن مۇتەخەسسىسىنىڭ ئاغزىدىن
بۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم: جۇڭگو مىللىي سانائىتىنىڭ كېكىردىكى
تامامەن ئىمپورت مىلىنىڭ قولى بىلەن بوغۇلماقتا. ئەگەر پۇر-
سەت تاپسىڭىز تاموژنىغا بېرىپ تەكشۇرۇپ بېقىڭ، قايسى مال-
نىڭ كوپلەپ ئىمپورت قىلىنغانلىغىنى بىلۋالسىڭىز شۇنداق
مالنى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋودنىڭ ئولۇمگە ھو-
كۇم قىلىنغانلىغىغا ژۇرەكلىك باھا بېرەلەيسىز. مەسىلەن: بۇ ژىل
مارتتا خىمىيۋىي دورىلار ھەققىدە كوپىيىپ كەتتى، شۇڭا
مارتتا مەملىكىتىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى قاتتىق زەربىگە ئۇچرى-
دى، ھەتتا بىر قانچە زاۋودلار بەرداشلىق بېرەلمەي، تارقىلىپ

كەتتى !»[1]. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا مىللى ئالدىدا مىللىي سانائەت-
نىڭ تاقالغانلىرى تاقالدى، تاقالمىغانلىرىنىڭ جېنى تومشۇقىغا كېپ-
قالدى. بەزى يېزا ئىگىلىك تووارلىرىمۇ ئوخشاش-لا كوڭۇلسىز
ئەھۋالغا چۈشمەكتە. ئامېرىكىلىقلاردىن بىرى (ئىسمى بېسق):
«ئامېرىكا مىللىنىڭ بۇنداق توكۇلۇشى بىلەن جۇڭگو سانا-
ئىتى قەددىنى ئەبەدىي كوتورەلمەيدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلغان
ئىدى. 4چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدىكى جۇڭگو ئەسلىدە
خەلقى نامرات، بايلىغى توگوگەن مەملىكەت بولۇپ قالغان ئىدى،
ھازىر خەلقىنىڭ قان - تەرلىرى كوپلەپ چەتكە ئاقماقتا، سانا-
ئەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاجىزلاشماقتا، شۇڭا
خەلق تېخىمۇ نامراتلاشماقتا، بايلىق تېخىمۇ توگوگەمەكتە، «نىمە
تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەندەك، ئامېرىكا مىللىنىڭ بازىرى
جۇڭگو خەلقى نامراتلاشقانلىقتىن، بايلىغى توگوگەنلىكتىن پەيدا
بولۇدىغان بايكوتقا ئۇچرىشى چوقۇم. بۇ يەردە گەپ ئىختىسات
مەسىلىسىدە كېتىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئىختىسادىي تەجاۋۇزچىلىق
سىياسىي تەجاۋۇزچىلىق بىلەن بىللە بولۇدۇ ھەم سىياسىي تەجا-
ۋۇزچىلىق ئوتمۇشداش سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. سىياسىي
تەجاۋۇز ئىختىسادىي تەجاۋۇزنى كوزدە تۇتۇدۇ، ئۇنىڭ ئوزى
سىياسىي قارشىلىقنى قوزغايدۇ، ئىختىسادىي تەجاۋۇز بولسا يەنە

---

① يۇرىن: «قانداق نەرسە ئەڭ كوپ ئىمپورت قىلىندى؟» - «لەن-
خې ۋەنباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 20 - ئىيۇن سانىدىن.

مۇقەررەر ھالدا سىياسىي بايكوتنى كۈچەيتىدۇ، بۇنى تارىخ ئىسپاتلىغان.

بىر يازغۇچى «ئىختىساتنىڭ ئۇمۇمىي ھالاكىتى» دېگەن چوڭ تېمىنىڭ 2 تەرىپىگە تاڭ سولالىسىدا ئۆتكەن بىر شائىر-نىڭ: «تۈنۈگۈن قىلغۇدىم كېيىنكى ئىشتىن چاقچاق، بۈگۈن كەلدى ئالدىمغا ھەممىسى تاراقلاپ»① دېگەن 2 مىسراشېئىرىنى يېزىپ قويغان. بىر سانائەتچى: «جۇڭگو ياپونلارنىڭ قولىدا مۇنقەرىز بولمىغان ئىدى، ئەمدىلىكتە ئىختىساتنىڭ ئۇمۇمىي ھالاكىتىدە مۇنقەرىز بولۇدىغان بولدى!»② دەپ زارلانغان. لېكىن بۇلارنىڭ 4 چوڭ ئائىلىگە قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئۇلار-نىڭ مەخسىدى باي بولۇش، باي بولۇش، يەنە باي بولۇش. بەلكى ھازىر قولغا كەلتۈرۈپ ئالالمىسىلا ئىختىساتنىڭ ئۇمۇمىي ھالاكىتى ھەم ۋەتەنىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ نىمە چاتىغى؟

7) «قولغا چىقمىدىغان پايدىلا بولسا ئاۋال ئېلىش كېرەك، كېيىن بىرگەپ بولار»

ژۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، 4 چوڭ سودىگەر ئائىلىنىڭ مىكسىدە

①چۇجى: «ئىختىساتنىڭ ئۇمۇمىي ھالاكىتى!» «شاۋسباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 19 - ئىيۇل سانىدىن.

②خۇشىيۇەن سوزى «شاگۇۋژىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 8 - ئىيۇل سانىدىن.

ۋەكىتتاۋىدا «ۋەتەن سۆيۈش» دېگەن نەرسىدىن قىلچە ئەسەر يوق، «ۋىجدان» دېگەن نىمە تېخىمۇ يوق. ئۇلار باي بولۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى تاپسىلا، جۇڭگونىڭ مۇنقەرىز بولۇپ كېتىشى بىلەن، خەلقنىڭ ئۆلۈپ تۈگۈشى بىلەن پەقەت كارى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ باي بولۇش يوللىرى شۇنچىلىك دەھشەتلىك بولدىكى، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق نورمال تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ تامامەن سىرتىغا چىقىپ كەتتى. بۇ ژىل (1946 - ژىل) 19 - ئاۋغۇستتا جياڭ كەيشى سۇلالىسى «تاشقى پرېۋود نورمىسىنى تەڭشەش» دېگەن نىمىنى ئېلان قىلىپ، بىر مۇنچە ياخشى سۆزلەرنى قىلغان ئىدى، لېكىن ئەمەلىيەتتە، پرووۋود «نورمىسىنى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تەڭشەشتىكى سەۋەپ شۇكى، مەلۇم مۇھىم كىشىلەر باشقۇرغان 3 چوڭ سودا شىركىتى (كۇڭشاڭشى ۋە سۇڭزىۋىنلارنىڭ 3 چوڭ سودا شىركىتى — ئاۋتوردىن) يېقىندا ئامېرىكىدىن 2 مىڭ 20 يۈەنلىك چەت پۇل ھېساۋىدا 10 نەچچە مىڭ تونىنا كېلىدىغان كۆندۈلۈك تۇرمۇشقا كېرەكلىك ماللارنى ئالغان، بۇ ماللار ئىمپورت قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋۇدۇ. شۇڭا، چوڭ پايدىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى»[1]. ئامېرىكا مۇخبىرلىرىدىن بىرى بۇنداق يازىدۇ: «جۇڭگو ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھالاك بولماقتا! ئۇ ھازىر

① تيەنجىندە چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ تيەنجىندىن ئېلىپ بەرگەن خەۋىرى، 1946 - ژىل 21 - ئاۋغۇست سانىدىن.

ئۆزىنى بىرخىل يولدىن چىققان ئىختىسات بىلەن قامدىماقتا..
ھازىرقى ئىختىسات بىر خىل باسما قەغىزىنىڭ پاخاللىشىشى ۋە
ھوكۇمەت قوللاۋاتقان قاراڭغۇ بازار مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت
...بىر كۈنى كەچتە، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا چىن دىلى
بىلەن بېرىلگەن شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئادۋوكاتلىرىدىن
بىرى ماڭا: «ھوكۇمەت، ھوكۇمەت بولماي قالدى. بۇ بىر
توپ ئۇياتسىز ۋە پايدا خۇمارى بيۇروكراتلاردىن ئىبارەت
بولۇپ، ئۇلار قولىغا چىقىدىغان پايدىلا بولسا ئاۋال ئېلىش
كېرەك، كېيىن بىرگەپ بولار دېيىشىدۇ. ئۇلار ۋىجدانىنى
يوقاتقان» دېدى»[1]. بۇ مۇخبىر يەنە بىر مىسال كۆرسەتكەن:
«چەتئەللىك ترانسپورت خادىملىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ ئامېرى-
كىلىق دوستلىرىغا بۇنداق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگەن:
مەن ھوكۇمەتكە ئامېرىكىنىڭ ئېشىپ قالغان قۇتقۇزۇش دورىلىرى-
نى رىسۇكىيو ئارىلىدىن توشۇشقا ياللانغان. بۇ نەرسىلەر ھوكۇ-
مەتكە ئۆتكۈزۈلۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، شاڭخەيدىكى مەلۇم
سارايدا دۆۋىلىنىپ ياتقان خۇسۇسىي مالغا ئايلىنىپ كەتتى، ھا-
زىر قاراڭغۇ بازار پايدىسىنى كۈتۈپ تۇرۇدۇ». بۇ مۇخبىرنىڭ
ئېيتقانلىرى ۋە كۆرسەتكەن مىسالى ناھايىتى سىلىق ئېيتىلغان،
ئەلۋەتتە. «بىرلەشمە قۇتقۇزۇش باش مەھكىمىسى» دېگەن نەرسە

---

[1] گىرېي: «يامان ھوكۇمەت»، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «سىدەي»ژۇر-
نىلىنىڭ 1946 - ژىل 1 - ئىيۇن سانىدىن.

ئامېرىكىدا ئىمپېرىيالىستلىرى بىلەن 4چوڭ ئائىلىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى بۇلايدىغان ساختىا ئورگىنىدىن ئىبارەت. «بىرلەشمە قۇتقۇزۇش باش مەھكىمىسى»نىڭ ھەممە نەرسىلىرى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ قاراڭغۇ بازار مېلىغا ئايلىنىپ كەتتى. «قۇتقۇزۇش» قەيەرگە بارغان بولسا، يېڭى بالايى ـ ئاپەتمۇ شۇيەرگە باردى. 4چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى خەلق «قۇتقۇزۇش»نى قارشى ئالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، بۇ ئەھۋاللار كىشىلەرگە ئاللىقاچان مەلۇم بولۇپ بولغان. ئامېرىكىلىق يەنە بىر مۇخبىر بۇنداق يازىدۇ: «شاڭخەيدە قاراڭغۇ بازار، قاراڭغۇ بازارنىڭ قاراڭغۇ بازىرى، قاراڭغۇ بازارنىڭ قاراڭغۇ بازىرىنىڭ قاراڭغۇ بازىرى» دېگەن پەرقلەر بارئىكەن. چەتئەللىك قىممەتلىك قەغەزلەر، دوللارلاردىن بىرىنىڭ ئېيتىشىچە، زىخچە ئالتۇن، ئامېرىكا دوللىرى ۋە دولەت پۇلى سودىسى قانۇنسىز ئىدى، لېكىن شاڭخەينىڭ ئاۋات بازارلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە ئاشكارە سودا بولۇۋاتىدۇ. بۇ، ئادەتتىكى قاراڭغۇ بازار خالاس. «قاراڭغۇ بازارنىڭ قاراڭغۇ بازىرى» ئانچە ئاشكارە ئەمەس جايلاردا بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئادەتتە خېلى يېقىن مۇناسىۋەت بولۇشى شەرت. «قاراڭغۇ بازارنىڭ قاراڭغۇ بازىرىنىڭ قاراڭغۇ بازىرى»غا كەلسەك، كوپچىلىك ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلسىمۇ، ئېيتىشنى خالىمايدىغان بىر خىل ئەھۋالدىن ئىبارەت. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق: «بىرلەشمە قۇتقۇزۇش باش مەھكىمىسى»ئۇننى «مەمۇ-

رىي پالاتا باش مەھكىمىسى» (جياڭكەيشى ھوكۇمىتى مەمۇرىي پالاتىسىنىڭ «ئۇرۇشتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش باش مەھكىمىسى»گە سېتىپ بەرسە، «مەمۇرىي پالاتا باش مەھكىمىسى» بىر دەن ئۇنى «خەلق»قە (خەلقنى تىرناق ئىچىدە چۇشۇنۇش كېرەك) ياكى «خەلق» دەپ ھېساپلانغان بەزى كىشىلەرگە فابى پۇلىغا 9 مىڭ يۇەندىن ساتتى. قانداق بولغانلىقىنى بىلمەي قالدۇق، ئۇن تىيەنجىنگە توشۇپ كېلىنىپ، باھاسى «فابى» پۇلى ھېسا- ۋىدا 20 مىڭ يۇەنگە كوتۇرۇلدى. ھوكۇمەتنىڭ بۇ ئىش بىلەن پەقەت كارى بولمىدى. ئۇلار: بۇنداق قىلمىغاندا، ھوكۇمەت- نىڭ كېمىسى ۋە پويىزدى بولمىسا، ئامېرىكا ئايروپلانلىرىنىڭ بېنزىنى ۋە ئۇچقۇچىلىرى بولمىسا، تىيەنجىنلىكلەر بۇ ئۇنىغا پەقەت ئىگە بولالمايتتى، دەپ قاردى»①. ھەممەيلەن ئويلاپ باقايلى: بۇنداق «قاراگۇ بازارنىڭ قاراگۇ بازىرى»غا 4 چوڭ ئائىلىدىن باشقا كىم خوجا بولالايدۇ؟ قاراگۇ، قاراگۇ، ... قاراگ- ۇنىڭ ئۇستىگە قاراگۇلا ئەمەس، بەلكى توگۇمەس، پۇتمەس قاراگۇ، مانا بۇ، 4چوڭ ئائىلىنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرى بويىچە فېودال، كومپىرادور ۋە ھەربىي مونوپولىيىنىڭ جۇڭگودا ئالاھىدە ئىجات قىلغان ھەقىقىي بازىرىدۇر. بۇنداق بازار ھەر كۈنى سانسىز جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا چىقماقتا.

---

① لوت باھ: «شاڭخەيلىكلەر مىجەزى»- «سىگخۇ» ژۇرنىلىنىڭ 1946-ژىل 21-ئاپرېل سانىدىن.

«قۇتقۇزۇش» ئۈچۈن بېرىلگەن دېگەن نىمىلەرنى قاراڭغۇ بازار مېلى قىلىشنى، بەلكى ئۇنى ئاچارچىلىقتىن ئولۇۋاتقان مىلليونلىغان كىشىلەرنىڭ قان بەدىلىگە ئېلىشنى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى تەسدىقلىغان. بەلكى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى ئۇلۇق ئوكيانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ: جوڭگودىكى كومپىرادورلار! سىلەر جۇڭگولۇقلارنى ئوبدان پەۋاتىسىلەر، تېخىمۇ تىرىشىپ يەگلەر، بىخىرامان يەگلەر، بۇ بىز ئۈچۈنمۇ مەدەت، بىزنىڭ «دىنى» ۋەزىپىمىز - سىلەرگە «ياردەم» قىلىشتىن ئىبارەت. ئىدارىلاردىكى گودەك خىزمەتچىلەر بىز ئېبۋەتكەن «قۇتقۇزۇش نەرسىلىرى» بىلەن «ساۋاپلىق» ئىشلارنى قىلىپ ژۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ پىكرىمىز - ئەمەلىيەتتىمۇ سىلەرنى «قۇتۇلدۇرۇش»، سىلەرنىڭ جۇڭگودىكى ئادەمخورلۇق تۈزۈمىگلەرنى ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ «قۇتقۇزۇش نەرسىلىرى» سىلەرگە تېخىمۇ كوپ ئادەملەرنى يېگۈزۈش بىلەن نىتىجىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ئەجەپلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى بار، دەپ ۋاقىرىماقتا.

5. سانائەت بويىچە فېوداللىق، كومپرا-دورلۇق ۋە ھەربىي مونوپولىيە

1) فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئاساس قىلغان مونوپولىيىچىلىك

1935 - ۋە 1936 - يىللىرى 4 چوڭ ئائىلە پۇل مۇئامىلە ئىش-لىرىغا بولغان ھوكۇمرانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن مىللىي سانائەت يېڭى كرىزىسقا ئۇچرىغان چاغدا، ئۇلار سىياسىي بېسىم ئىشلىتىپ، چاڭگىللىنى يوغان ئېچىپ سانائەت تەرەپكە ئۇزاتتى. ئۇلارنىڭ قولىنى بۇ تەرەپكە ئۇزۇتۇشى ھەرگىز مىللىي سانائەت-نىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ئەمەس، ئەكسىنچە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇش ئىدى. 1936 - يىلىنىڭ باشلىرى، جياڭ كەيشى سۇلالىسى سانائەتكە ھوكۇمرانلىق قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سانائەتكە ھوكۇمرانلىق قىلىش نىزامىنى تۈزۈپ چىقتى. جياڭ كەيشى سۇلالىسى يەنە شۇ چاغدا «خەلق ئىگىلى-كى قۇرۇلۇشىنىڭ پروگراممىسى ۋە ئىش پىلانى» دېگەن نەرسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇ، ماھىيەت جەھەتتىن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۈ-تۈن مەملىكەت سانائىتىنى مونوپولىيە قىلىش پىلانى» بولدى، چىڭ لىفۇنىڭ CC جاسۇسلۇق سىستېمىسىنىڭ مۇھىم باشلىقلىرىدىن

بىرى بولغان شۇي ئېنزىنىڭ - ئۇنى تۇزۇپ چىققانلارنىڭ بىرى.

4 چوڭ ئائىلە ھوكۇمەت نامىدا باشقۇرۇش شەكلى جەھەتتە، ئىلگىرى باربولغان «جاۋشاگۇجۇي» (كېيىن - پاراخود شىركىتى) گە، ئوخشاش بيۇروكراتلار سانائىتىنى يەپ كەتكەندىن تاشقىرى، تەبىي بايلىقلار ھەيئىتىنى سانائەت مونوپولىيىسىنى پىلانلىق ئېلىپ باردىغان ئاساسىي ئورگان قىلدى. ئۇ ئەسلىدە جياڭ كەيشى ھوكۇمىتىنىڭ ھەربىي ھەيئىتىگە بىۋاسىتە قارايتتى، دېمەك، دەسلەپتىلا ھەربىي خاراكتېرگە ئىگە ئىدى، بەلكى ئۇنى جياڭ كەيشى بىۋاسىتە ئىدارە قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىشى باشتىلا ۋولفرام بىلەن سۇرمىدىن ئىبارەت 2 خىل كان مەھسۇلاتىنى ئېكسپورت قىلىش سودىسىغا «ھوكۇمرانلىق» قىلغان. ئۇنىڭ «يونۇلۇشى» بولسا «چەتئەل كاپىتالىدىن پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىش» دىن ئىبارەت ئىدى (يەنە: «ھوكۇمەت بەلگىلىگەن چەتئەل كاپىتالىدىن پايدىلىنىش شەرتلىرىنى بىرئاز بوشاشتۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ» دەيمۇ ئاتىدى). مانا بۇ سانائەت بويىچە فېوداللىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي مونوپولىيىچىلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«تەبىي بايلىقلار ھەيئىتى تېخنىكا جەھەتتىن ۋولفرام تومۇر زاۋودىدا گېرمانىيە بىلەن، پولات تاۋلاش زاۋودىدا گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە بىلەن، كومۇردىن نېفت ئېلىش زاۋودى ۋە ئازوت زاۋودىدا گېرمانىيە بىلەن، ماشىنا زاۋودىدا ئامېرىكا ۋە شىۋىتسارىيە بىلەن، ئېلېكتىر سايمانلىرى زاۋودىدا گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە

ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلاشتى». «ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ئىشلار،
مەسىلەن: پولات تاۋلاش، كومۇردىن نېفت ئېلىش زاۋودلىرىدا
پۇل قەرز ئېلىش توغرۇلۇق ئالدىن چەتئەللەر بىلەن پۇتۇشمىسە،
ئۇنى قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى» ① بۇنىڭدىن كورۇش
مۇمكىنكى، 4 چوڭ ئائىلە نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولسىمۇ،
لېكىن ئوز يانچۇغىدىن پۇل چىقىرىپ سانائەت قۇرۇشنى ھەر-
گىز خالىمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ سانائەتتىكى مونوپولىيىچىلىكى چەت-
ئەل ئىمپېرىيالىستلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا مۇھتاج ۋە ئۇلاردىن
پۇل قەرز ئېلىشقا يولۇنۇدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا سانائەتنى ئىم-
پېرىيالىستلارغا بېقىندىغان مۇستەملىكە كارخانىسىغا ئايلاندۇرۇپ
قويدى. 4چوڭ ئائىلە ئوزىنىڭ بۇ ھەركىتىدە، ئەڭ ئاۋال يا-
پونىيىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن
ھەمكارلىشىشنى ئاساس قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ مىجەزىنىڭ بىر-
بىرى بىلەن كېلىشكەنلىگى ئىدى. «شىشى لۇي بيەن» ژۇرنىلىنىڭ
5 - توم 2 - سانىغا بېسىلغان ماقالىلارغا قارىغاندا: گېرمانىيىنىڭ
جۇڭگوغا كاپىتال كىرگۇزۇشى توغرىسىدا تووەندىكىچە خىلمۇ-
خىل راۋايەتلەر بار: 1933 - ژىلى ئاۋغۇستتا مېتاللۇرگىيە زا-
ۋودى قۇرۇش ئۇچۇن، جۇڭگو بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا

① ستاتىلار چەن جاگجاۋنىڭ «شىن جىڭجى» ژۇرنىلىنىڭ 1-سانىغا
بېسىلغان «2يېرىم ژىل ئىچىدە ئېغىر سانائەت قۇرۇشنىڭ ئوتمىشى ۋە ئو-
نىڭدىن ئالغان تەسىراتىم» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

50 مىللىون يۇەن قەرز بېرىش كېلىشىمى ۋۇجۇتقا كەلدى؛ يەنە جۇڭگو، گېرمانىيە بىرلىشىپ جياڭشى مەدەن قېزىش شىركىتىنى قۇرۇپ، 6 مىللىون يۇەن كاپىتال قوشتى. بۇندىن باشقا، سىچۇەن مەدەن قېزىش شىركىتىگە 20 مىللىون يۇەن كاپىتال قوشتى، ھەربىي قۇرال زاۋودى ۋە خەيجۇ پورتى قۇرۇلۇشى پىلانلاندى، يۇپېڭ تومۇر يولىغا كېتىدىغان ماتېرىيال ئۈچۈن پۇل قەرز ئالدى». بۇندىن تاشقىرى، مەسىلەن: ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىياتسىيە شىركىتىنى بىرلىشىپ قۇردى، خۇنەن - گۇيجۇ تومۇر يولىغا كېتىدىغان ماتېرىيال ئۈچۈن پۇل قەرز ئالدى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى سانائىتى ۋە خىمىيە سانائىتىدە گېرمانىيە، كاپىتال قوشتى، لېكىن بۇنىڭ پىلانلىرى قانائەتلىنىپ قالمىدى.[1] تەبىئىي بايلىقلار ھەيئىتى باشقۇرغان ۋولفرام - تومۇر زاۋودى تامامەن فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈسكۈنە، ماشىنا ۋە تېخنىكىسىنى تامامەن فاشىستلار گېرمانىيىسى ھوددىگە ئالدى. شۇ ۋاقىتتا داۋرىگى ئالەمنى ئېلىپ ۋۇجۇتقا چىقماي قالغان «مەركىزىي مېتاللورگىيە زاۋودى» نىمۇ تامامەن فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرماقچى بولغان: «ۋېيوۋەنجاڭنىڭ (يەنى جياڭكەيشىنىڭ) تەستىقى» بويىچە «لايىھىلەشكە نازارەت قىلىشنى «كروپ» زاۋودى ئۇمۇمىي يۈزلۈك كوتۇرە قىلىشۋالدىغان،

[1] جاڭجۇنچىڭ: «گېرمانىيىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان يېقىنقى ئىختىسادىي پائالىيەتلىرى» - «شىجەجىشى» ژۇرنىلىنىڭ 6-توم، 3-سانىدىن.

بناكارلىقـقا «سـمېنس» نىـڭ قۇرۇلۇش بولۇمى مەسئـۇل بولۇدىغان بولدى.»[1] مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ فـاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ جۇڭگودىـكى زور كومپرادورلىرى ئىكەنلىكىنى كورسۇتۇپ بېرىدۇ.

سودىگەرلەر نامىدا قۇرۇش شەكلى ئاستىدا، 4چوڭ ئائىـلە بىر تەرەپتىن ھېمىشە بانكىنىڭ كاپىتال قوشۇشىدىن پايدىلىنىپ ياكى تەشكىلىنى ئۆزگەرتىش يولى بىلەن ئاۋۋالـدىن بار بولغان ۋە خەلق باشقۇرۇپ كەلگەن سانائەتكە ھوكۇمرانلىـق قىلىش ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلار بىلەن شېرىكلىـشىش ياكى مۇستـەقىل كاپىـتال قوشۇش يولى بىلەن مونوپولىيە خاراكتېرىدىكى يېڭى كارخانىلارنى قۇردى. بىرىنچى خىل ئۇسۇلغا سۇڭ زىۋېن ئائىلىسىنىڭ «نەنياڭ» تاماكا شىركىتى ۋە نۇرغۇن ئىگىلىش فابرىكىلىرىغا قوللانغان ئۇسۇلى مىسال بولالايدۇ. بۇ ھەركەتلەر يا باشقىـلارنىڭ كرىزىسكە ئۇچرىغانـلىقىدىن، يا قەرز مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئېلىنىپ بېرىلغان، ئۇنىڭ ھەممىسى ئۇستۇلۇق بىلەن بۇلاڭچىـلىق قىلىشـتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

1934 ـ يىلىدىكى گېزىت خەۋىرىـگە قارىغانـدا، شۇچاغـدا

---

[1] چىڭ يىڭ: «جۇڭگو مېتاللورگىيە زاۋۇدىغا قىلىنىۋاتقان تەييارلىقـنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» ـ «تەبىي بايلىقلار ھەيئىتىنىڭ ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1 ـ توم، 3 ـ سانىدىن.

مەملـكەت بويىچە ژىپ فابرىكـلىرىنى ۋە ئۇن زاۋودلـىرىنى بانكا تەشكىلاتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئوتكۇزۇش دېگەن گەپ بار ئىدى، 1936 ـ ژىلى ئەرتىيازدا گېزىتكە: «خېبىي، خېنەن ۋە سەندۇڭ ئولكىلىرىدىكى «داشىڭ»، «يۇفىـڭ» ۋە «جىڭخۇا» قاتارلىق ئىگىرىش فابرىكىلىرىدىن 7 سى جۇڭگو بانكىسىنىڭ رەھبەرلـىگىدە، توقۇمىچىلىق بىرلەشمىسىنى قۇردى، دېگەن خەۋەر چىقـتى»①. بۇ خەۋەرلەر سۇڭزىۋېن ئائىلىسىنىڭ جۇڭگونىڭ توقۇمـچىلىقىنى مونوپولىيە قىلىش قارانىيىتى ۋە ھەركىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ياپون ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىـرى، قەرز مۇناسىۋىتى بىلەن سۇڭزىۋېن ئائىلىسـىنىڭ قولىغا ئوتۇپ قالغان ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى ياكى پايدىسىنى تەخسىم قىلىش ھوقۇـقىغا جۇڭگو بانكىسى ئىگە بولۇۋالغان ئىگىرىش فابرىكىلىرىدىن ئۇخۇدىكى مەركىزىي بىرىنچى توقۇمىچىلىق شىركىتى، شاڭخەيـدىكى «شېنشىن» 2 ـ ۋە5 ـ فابرىكا، شاڭخەيدىكى «دىڭشىڭ» ئىگىرىش فابرىكىسى، تيەنجىندىكى «خېڭيۈەن» ئىگىرىش فابرىـكىسى، تيەنجىندىكى «بېياڭ» ئىگىرىش فابرىكىسى بار. سۇڭزىۋېن ئائىلىسىنىڭ جۇڭگو پاختىچىلىق شىركىتى ئىجارىگە ئالغانلىرىدىن شاڭخەيدىكى «خېڭفىڭ جۇڭجى» يىپكى توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى بار. جۇڭگو بانكىسى بىۋاستە كاپىتال سېلىپ باشقۇرغان فابرىكـ

① سۇكخۇيرىن: «جۇڭگو توقۇمىچىلىقىنىڭ ئىستىقبالى» ـ «شىڭباۋ» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ توم 19 ـ سانىدىن.

لاردىن بولسا، جۇڭجۇدىكى «يۇفېڭ» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، جىنەندىكى «رېنفېڭ» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، كۇڭمىندىكى «يۇننەن» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «خىڭجۇڭ» توقۇمىچىلىق شىركىتى ۋە «چىڭئەن» توقۇمىچىلىق شىركىتى بار.① شۇ چاغدا «جۇڭگو بانكىسى ۋە جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكا شىركىتىنىڭ توقۇمىچىلىقتا كاپىتال سېلىش پلانى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ زور، ئۇلار سىچۇەن، شەنشى، خېبېي، گەنسۇ ۋە سەنشى ئۆلكىلىرىدە 5 چوڭ ئىگىرىش فابرىكىسى قۇرماقچى»②.

ئۇندىن باشقا، «ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكلىشىش» ياكى «سودىگەرلەر نامىدا قۇرۇش» دېگەن شەكىللەر بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارمۇ بار، مەسىلەن: سۇڭ زىۋېن ئائىلىسىنى ئاساس قىلغان «ياڭزى» ئېلېكتر شىركىتى، «خۇەيىنەن» كان – يول شىركىتى، خەنكۇ «جىجى» سۇ ئېلېكتر شىركىتى ۋە باشقىلار؛ چېن لىفۇنىڭ CC سىستېمىسىنى ئاساس قىلغانلىرى «داگۇڭ» تۆمۈر زاۋۇدى، يەنە ئەمىلىيەتتە ئىمپورت ماتېرىياللىرىنى قۇراشتۇرىدىغان جۇڭگو ئاۋتوموبىل شىركىتى، «جۇڭيى» ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇدى ۋە باشقىلار. شۇ ۋاقىتتا داڭقى چىققان

---

① يەن جۇڭپىڭنىڭ: «جۇڭگو پاختىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.

② لو گىڭمو: «جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا»، «رېنشى» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىدىن.

«ۋىنشى قەغەز ئىشلەش شىركىتىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ كۆڭ شاگىشى، سۇڭزىۋىن ۋە چىڭلىفۇلاردىن ئىبارەت چوڭ ئائىلە قاتناشتى. بۇنداق كارخانىلاردىن، مەسىلەن: خەنكو «جىجى» سۇ ئېلىكتىر شىركىتى فاشىستلار گېرمانىيىسى «سودىگەرلىرى»نىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. CC سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ جۇڭگو ئاۋتوموبىل شىركىتىمۇ ئىلگىرى فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن شىرىكلىشىپ قۇرۇلغان. 4چوڭ ئائىلە ھەممە ئىمپىرىيالىستلار بىلەن ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، لېكىن فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭگو سانائىتىنى مونوپولىيە قىلىش — جۇڭگو خەلقى ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە 4 چوڭ ئائىلە قوللانغان ئاۋالقى ئاساسىي يول بولۇپ كەلدى، بۇ يول ھەممە ساھەگە سىڭدۈرۈلدى.

2) مىللىي سانائەتنى ژۇتۇش ۋە دىخانلارنى بۇلاش ئاساسىدا، زورلۇق مونوپولىيىسىنى تېز سۈرئەت بىلەن تىكلىدى

ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، 4چوڭ ئائىلە مىللىي سانائەتنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، سانائەت بويىچە مونوپولىيىچىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ۋە جياڭ كەيشى ئائىلىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىدىن تېخىمۇ بىۋاسىتە پاي-

دىلاندى. 1937 ـ ژىلى سېنتەبىردە، جياڭكەيشى سۇلالىسى
بسودا ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ھەيئىرۇتىنى قۇش بىلەن بىر
ۋاختىدا، ھەربىي ھەيئەتنىڭ قارمىغىدا كان ـ سانائەت ئىشلىرىنى
تەرتىپكە سېلىش ھەيئىتىنى قۇردى. بۇ ھەيئەتنىڭ بەلگىلىمىسى
بويىچە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: بىرىنچى، بيۇروكراتلار سانائىتىگە
ياردەملىشىش، ئىككىنچى، مىللىي سانائەتنى ژۇتۇۋشتىن ئىبا-
رەت بولدى. خۇسۇسەن ئىككىنچى ۋەزىپىنىڭ بەلگىلىنىشى 4
چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ يولسىزلىق
ۋە زورلۇق بىلەن قىلىۋاتقان بۇلاڭچىلىغىنى قىلچە ياپماستىن
ئوچۇق كورسۇتۇپ بېرىدۇ[1]. خۇددى بىر ئاۋتورنىڭ ئېيتقىنى-
دەك: «ھوكۇمەت نامىدا قۇرۇش ئۇسۇلى مۇھىم ئىشلارنى بىر
باشلىق ئاشكارە باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئەمەس. لېكىن ئەمەلىيەتتە بىر
ياكى بىر قانچە چوڭ ئەمەلدارلار ھەممە ھوقۇققا ئىگە بولۇۋالىدۇ،
تۇرلۇك مۇھىم شىركەتلەرگە ئۇلار پاي قوشۇدۇ. باشقارما ۋە
تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بولۇۋالىدۇ. خۇسۇسىي ئادەم-
لىرىنى ئىشقا قويۇدۇ، ئىش شۇ چاغدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇلار
قولغا چۈشۈرەلمىگەن شىركەتلەرنى بولسا يە تىجارىتىنى ئاشكارە
مەنئى قىلىدۇ، يەبولمىسا يوشۇرۇن ھالدا ئېغىرچىلىق سېلىپ
مەغلۇپ بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ... بەلكى كىشىلەرنىڭ شىر-

① «4 ژىلىدىن بۇيان ماددىي ئەشيالارغا بولغان ھوكۇمرانلىق»
—«سەي جىڭ پىڭلۇن»نىڭ 7 ـ توم 1 ـ سانىدىن پايدىلاندى.

كەتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇشقا مەجـ
بۇر قىلدى، تىجارەت قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن تۇرلۇك بوغۇش
ۋە چەكلەش چارىلىرىنى ئەيمەنمەي بەلگىلەيدۇ، ھەتتا يە ھوكۇـ
مەت، يەدولەت بانكىسىنىڭ كوپلىگەن كاپىتالىدىن پايدىلىنىپ
شىركەتكە پاي قوشۇدۇ، ئازساندىكى پەۋقۇلئاددە ئەمەلدارلار
ئوزلىرىنى ئەڭ زور پايچەك ھېساپلاپ، ھەممە ھوقۇقـقا چاڭ
سالىدۇ»①. بىر مۇپەتتىشمۇ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا
قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە توۋەندىكىچە ئوچۇق
خەت يازغان ئىدى:

«ھوكۇمەت ئىچىدىكى ئادەملەر كاپىتال قوشۇشنى بىرخىل
ئىئانە، بىرخىل ھەدىيە خاراكتېرىدىكى ئىش، ياكى ئۇنى بىرخىل
ئىمتىياز، باشقۇرۇشقا ئىشەنچ بولمىغاندا ئالدى بىلەن ھوكۇمەتكە
پايدا بېرىش دەپ قارايدۇ. شۇڭا، خەلقلەر سانائەتتە ئىلگىرـ
لىمەي، قاراپ تۇرماقتا.. خەلق باشقۇرغان ئىشلاردىن بىرپايدـ
لىق بولۇپ چىققانلىرى ھەقسىز مۇسادىرە قىلىندى، ئۇنىڭ نامى
ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىش دەپ ئاتالدى. ھازىر بىر قانچە مەدەنلەر
ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىش نامى بىلەن ئەرزان باھادا سېتىۋېلىنىپ،
ژۇقۇرى باھادا سېتىلدى، مەسىلەن: بىر توننا ۋولفرامنى سېتىـ

---

①بى مىڭ: «دولەت ئىگىلىگىدىكى ئىشلار بىلەن خەلق ئىگىلىگىدىـ
كى ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتى»، «شىن جېڭجى» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ توم
2 ـ ساندىن.

ۋېلىش باھاسى 30 يۈەن بولسا، سېتىش باھاسى 200 يۈەنگە يەتتى. ھوكۇمەت ھوقۇق بىلەن ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىدۇ، پايدا بولسا ھوكۇمەت ئىچىدىكى كىشىلەر تەشكىل قىلغان شىركەتنىڭ بولىدۇ...»①.

بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مىللىي سانائەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى خۇددى فېئوداللارنىڭ، كىرېپوستنويلارنىڭ مۈلكىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە ئوخشاش خالىغان چاغدا ئۇنى ئېلىۋالالايدىغانلىقى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىش نامى بىلەن» ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىش توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ژۇقۇرىدا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسىگە توختالغاندا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق، بۇمۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مىللىي سانائەتنى ژۇتۇشتىكى مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن بىرى، ئەلۋەتتە. لېكىن مىللىي سانائەتنى مەجبۇرىي ژۇتۇش — 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىستلىق كاپىتالىنىڭ «دەسلەپكى جۇغلۇنىشى»نىڭ بىرلا تەرىپى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىستلىق كاپىتالىنىڭ «دەسلەپكى جۇغلۇنىشى»نىڭ يەنە بىر تەرىپى، بەلكى ئاساسىي تەرىپى - ئىجارە، باج ۋە «فابىي» پۇلى تارقىتىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دېخانلار كۆپچىلىگىنى بۇلاش يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلدى:

① «زۇگو» ژۇرنىلىنىڭ 22-سانىغا بېسىلغان جاڭ ئەنشىنىڭ «ئىختىساتنى ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىش دېگەن ئىختىساتنى يوقۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

شۇنىڭدەك خەلققە (ئاساسەن دېخانلارغا) پاي پۇلىنى مەجبۇرىي يۇسۇندا ئاشكارە چاچتى ياكى ئالۋاڭ قىلىپ تاڭدى (مەسىلەن سىچۇەن ـ شىكاڭ شىڭىيە شىركىتى، خۇنەن ئىگىلىك شىركىتى شۇنداق قىلدى). دېمەك 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سانائەت مونوپولىيەسى ئەنە شۇنداق ئىختىساتتىن ھالقىغان سىياسىي زورلۇقتىن پايدىلىنىش، مىللىي سانائەتنى ۋۇتۇش، دېخانلارنى ۋە باشقا ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى بۇلاش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلدى. زاۋود، فابرىكىلاردا بولسا، 4 چوڭ ئائىلە ئىشچىلارنى يېرىم فېئوداللىق ۋە قېدىمقى ئۇسۇللار بىلەن ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىپ، نۇرغۇن پايدا قازاندى.

تەبىي بايلىقلار ھەيئىتى ۋە ھەربىي سانائەت مەھكىمىسى جياڭ كەيشى، كۇڭشاڭشى، سۇڭ زىۋېندىن ئىبارەت 3 چوڭ ئائىلىنىڭ «ھوكۇمەت» نامى بىلەن سانائەت باشقۇرۇدىغان 2 چوڭ بىۋاستە تەشكىلاتىدۇر. (جياڭ كەيشى ئۆزىنىڭ «ئالىي رەھبەر» ۋە «دولەت سەركەردىسى» دېگەن ئابرويىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەممە ئىختىسادىي مونوپولىيەچىلىكتە بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ھېمىشە باش تارتىدۇ، سانائەت مونوپولىيەچىلىكىدىمۇ شۇنداق. لېكىن ئۇ ئەمىلىيەتتە، مۇشۇنداق «ھوكۇمەت» نامى بىلەن باشقۇرۇلغان مونوپولىستلىق سانائەتنىڭ ئاساسىي باشلىغى. بۇنداق «ھوكۇمەت» نامىدىكى مونوپولىستلىق سانائەت، بولۇپمۇ بۇ 2 چوڭ تەشكىلاتىنىڭ ئىلكىدىكى بيوروكراتلار سانائىتى

جياڭ كەيشى ئاساسىي باشچىلىق رول ئوينايدىغان خۇسۇسىي مۇ-
لۇك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ — ئاۋتوردىن) . 1944 - ژىلى ئەرتىيازدا
گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئاشكارە بولـغان سانغا قارىغاندا، تەبىي
بايلىقلار ھەيئىتى سىستېمىسىدىكى سانائەت ئورۇنـلىرى مەيلى
ھوكۇمەت نامىدا باشقۇرۇلۇدىغانـلىرى بولسۇن، مەيلـى يەرلىك
ئورۇنلار بىلەن شېرىكلىشىپ باشقارۇلۇدىغانلىرى بولسۇن، ياكى
«ھوكۇمەت بىلەن سودىگەر شېرىكلىشىپ باشقۇرۇدىغانلىرى» بول-
سۇن جەمئى 105 كە يەتتى، يەنى زاۋود 40، كان 42، ئېلېك-
تر ئىشلىرى ئورۇنلىرى 22، بۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى 12 مىڭغا،
ئىشچىلىرى 170 مىڭغا يەتـتى. ① «مەسىلەن: ھەربىي - مەمۇرىي
مىنىستىرلىكىنىڭ ھەربىي سانائەت مەھكىمىسى باش بولۇپ باشقۇر-
غان ھەربىي قۇرال سانائىتىمۇ بىر قانچە ئوندىن توۋەن ئەمەس،
ئۇلار مەخسۇس ھەربىي ئىشـلارغا كېرەكـلىك ماتېرىيالـلارنى
ئىشلەيدۇ». كاپىتال جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقانـدا، جياڭ كەيشى
سۇلالىسىنىڭ سابىق ئىگىلىـك مىنىستىرلىگىنىڭ تەكشۇرۇشىگە
قارىغاندا، «مىنگونىڭ 24 - ژىلىنىڭ ئايىغىدا مەملىـكەت بويىچە
ھوكۇمەت ۋە خەلق ئىگىلىگىدىكى زاۋودلارنىڭ كاپىتالى 250
مىلـلىون 844 مىڭ 98 يۈەن ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھوكۇمەت
ئىگىلىگىدىكى زاۋودلارنىڭ كاپىتالى 30 مىللىون 197 مىڭ 729

① يۈيشىۋاگرىن: «تەبىي بايلىقلار ھەيئىتى كان - سانائەت كورگەز-
مىسىنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى» - «جۇڭگو گوڭشىي» ژۇرنىلىنىڭ 26- سانىدىن.

يۇەن بولۇپ، ئۇمۇمىي كاپىتالىنىڭ ئاران 11% ىدىن ئازراغىنى تەشكىل قىلاتتى». لېكىن، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1941 ـ ژىلىنىڭ ئايىغىغىچە، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىغىدىكى رايونلاردا «سانائەت كاپىتالىنىڭ ئۇمۇمىي سوممىسى 1 ميلليارد 600 ميلليون يۇەنگە يەتتى، ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى ئىشلارنىڭ كاپىتالى تەخمىنەن 800 ميلليون يۇەن بولۇپ، ئۇمۇمىي كاپىتالىنىڭ 50% ىنى تەشكىل قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە تەبىئي بايلىقلار ھەيئىتىگە قاراشلىق ئىش-لارنىڭ 600 ميلليون يۇەن، ئولكىلەردىكى ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى ئىشلارنىڭ 200 ميلليون يۇەن». ئەمەلىيەتتە بولسا، ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى ئىشلارنىڭ كاپىتالى «ژۇقۇردا ئېيتىلغان 800ميلليون يۇەندىن ناھايىتى ژۇقۇرى، چۇنكى ھەربىي سانائەتكە ئوخشاش ئورۇنلارنىڭ كاپىتالى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. ھالبۇكى، تەبىئي بايلىقلار ھەيئىتىگە قاراشلىق ئىشلار ۋە ئولكىلەرنىڭ ئىگىلىگىدىكى ئىشلار-نىڭ كاپىتالىمۇ يالغۇز ژۇقۇردىكىلەرلا ئەمەس»①. «داگوڭباۋ» گېزىتىنىڭ يېزىشىچە: تەخمىنى مولچەرگە قارىغاندا، ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى ئىشلارنىڭ كاپىتالى ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجا-ۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بارلىق سانائەت كاپىتالىنىڭ تەخمىنەن 70% ىدىن كوپرەكىنى تەشكىل قىلدى②. گومىنداڭ

---

① چېڭ مىنيۇەن: «ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى ئىشلارنى مۇكەممەللەش-تۇرۇش توغرىسىدا» ـ «مالىيە ئوبزورى» نىڭ 11 ـ توم 4 ـ سانىدىن.

② چۇڭچىڭدە چىقىدىغان «داگوڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 1 ـ ئىيۇندىكى باش ماقالىسىغا قارالسۇن.

هوكۇمرانلىغىدىكى رايونلاردا بيۇروكراتلار سانائىتى كاپىتالىنىڭ مەركەزلىشىش سۈرئىتى مىللىي سانائەتنى تامامەن بېسىپ كەتتى. بۇنداق بيۇروكراتلار سانائىتى تەبىئىي بايلىقلار ھەيئىتى ۋە ھەربىي سانائەت مەھكىمىسىنىڭ مونوپولىيە سىستېمىسىدىكى ئىشلاردا 41 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۆلكىلەردىكى «هوكۇمەت ئىگىلىگى» دەپ ئاتالغان چوڭ مونوپولىستلىق سانائەت شىركەتلىرىمۇ (بۇنداق شىركەتلەرنىڭ كۆپچىلىگى «هوكۇمەت بىلەن سودىگەرلەر شىرىكلەشكەن» دەپ ئاتالدى) ئەمىلىيەتتە 4 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلماقتا. بۇنىڭ ئىككىنچى تۈرلىگى، مەسىلەن: «اڭقى چىققان گۇيجۇ كارخانە شىركىتىدە جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى ۋە دېخانلار بانكىسىنىڭ كاپىتالى ئۇمۇمىي كاپىتالىنىڭ 68% نى تەشكىل قىلدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى «سودىگەرلەر پېيى» دەپ ئاتاشماقتا. يەنە بىر مىسال، سىچۇەندىكى سىچۇەن - شىكاڭ شىكىيە شىركىتىنىڭ ھەممە پېيى 700 مىڭ پاي بولۇپ، جياڭ كەيشى سۇلالىسى «300 مىڭ پاي سېتىۋالغان»، سىچۇەن، شىكاڭ ئۆلكىلىك هوكۇمەتلىرى 100 مىڭ پاي سېتىۋالغان، قالغان 300 مىڭ پاي «سودىگەرلەر پېيى» بولغان. «4 بانكا، 2 ئىدارە ۋە سىچۇەن ئۆلكىلىك بانكىنىڭ سېتىۋالغان پېيى ئەڭ كۆپ بولۇپ، سودىگەرلەر پېيىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتكەن»①. بۇنىڭدىن «هوكۇمەت پېيى» 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل

① «سىچۇەن جىڭجى» پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ 1-توم 4- سانىنىڭ 317-بېتىگە قاراڭ.

مۇئامىلە سىستېمىسىنى ئاساس قىلغانلىقىنى، «سودىگەرلەر پېيى»مۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خۇنەن ئىگىلىك شىركىتىنىڭ كاپىتالىدا ھۆكۈمەت پېيىدىن باشقا، قالغانلىرىنى «خەلق قوشقان»، «خەلق» دىن ئەڭ كۆپ سىتىۋالغان كىشى يەنە كۇڭ شاگىشى بولغان. 4 چوڭ ئائىلە ھەم ھۆكۈمەت، ھەم سودىگەر. ئۇلار ئەنە شۇنداق ھىلىگەر.

4 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلغان بيۇروكراتلار سانائىتى كاپىتال جەھەتتىن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۈستۈنلىككە ئىگە، بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئېنېرگىيە جەھەتتىكى ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى. ئالدى بىلەن ئاساسىي سانائەتلەرنى ئالساق، مەسىلەن: 1942 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتىدىن 114 زاۋۇت بولۇپ، ئۇنىڭ 16 سى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدە، 98ى خەلق ئىگىلىكىدە ئىدى، ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى جەمئىي 5مىڭ 69 ئات كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلار 4 مىڭ 89 ئات كۈچىگە، خەلق ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلار بولسا 980 ئات كۈچىگە ئىگە بولغان. دېمەك، زاۋۇت سانىنىڭ 86% نى تەشكىل قىلغان خەلق ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلار ئېنېرگىيىنىڭ ئاران 19% ىگە ئىگە بولغان؛ زاۋۇت سانىنىڭ 14% ىنى تەشكىل قىلغان ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلار بولسا ئېنېرگىيىنىڭ 81% ىگە ئىگە

بولغان. يەنە بىر مىسال، شۇ ژىلدا ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، پولات زاۋودىدىن جەمئىي 10 زاۋود بولۇپ، ئۇنىڭ 6 سى هوكۇمەت ئىگىلىگىدە، 4 ى خەلق ئىگىلىگىدە بولغان، زاۋود سانى بويىچە هوكۇمەت تەرەپنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان. ئىنېرگىيە ئۇسكۇنىلىرىگە كەلسەك، ئۇجەمئىي 2 مىڭ 628 ئات كۇچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن هوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى زاۋودلار 2 مىڭ 307 ئات كۇچىگە، خەلق ئىگىلىگىدىكى زاۋودلار بولسا 321 ئات كۇچىگە ئىگە بولغان. دېمەك، هوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى زاۋودلار ئىنېرگىيىسىنىڭ 88% ىگە، خەلق ئىگىلىگىدىكى سانائەت بولسا ئىنېرگىيىسىنىڭ 12% ىگە ئىگە بولغان[1]. لېكىن شۇنى بىلىش لازىمكى، بۇ خەلق ئىگىلىگىدە دەپ ئاتالغان تومۇر تاۋلاش ۋە پولات زاۋودلىرى ئىچىدە كاپىتالى ئەڭ كۆپ بولغىنى، «كولىمى كەڭرەكى ئالدى بىلەن جۇڭگو «شىنگيە» شىركىتىنىڭ مېتاللۇرگىيە زاۋودى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ»[2]. ۋاھالانكى، بۇ«خەلق ئىگىلىگىدىكى»شىركەتلەر (ياكى «هوكۇمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكچىلىگىدىكى» دەپ ئاتالغان شىركەتلەر) نىڭ ھەقىقىي ئىگىسى باشقا كىشى ئەمەس، كۇڭ شاڭشى ئۆزى.

---

① بەي نياۋ: «پولات» — «شاڭشىئۇرباۋ» گېزىتىنىڭ 1942 — ژىل 22 — دېكا بىر سانىدىن.

② پىي رەن: سىچۇەنگە كوچۇرۇلگەن زاۋودلاردىن چىققان ماللار كورگەزمىسى 4 — «جۇڭگو گوڭيې» ژۇرنىلىنىڭ 2 — سانىدىن.

بۇ شىركەتنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مېتاللۇرگىيە سانائىتىدە ھەقىقىي خەلق ئىگىلىگىدىكى سانائەتنىڭ ئېنىرگىيىسى ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى سانائەتكە قارىغاندا ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئاز بولۇدو.

ژۇقۇرىدا مېتاللۇرگىيە سانائىتىدە توختالدۇق. ئادەتتىكى ئەھۋاللارغا كەلسەك ئۇ مۇنداق: «ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلار بىلەن خەلق ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنى سېلىشتۇرغاندا شۇنى بىلىپ ئېلىش مۇمكىنكى، ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ كاپىتالى ھەر بىر ئورۇنغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 2 مىلليون يۈەندىن توغرى كېلىدۇ؛ خەلق ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ كاپىتالى بولسا، ھەر بىر ئورۇنغا 200 مىڭ يۈەندىن توغرى كەلمەيدۇ. ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلاردىن ھەر بىرى 100 ئات كۈچىگە توغرى كېلىدىغان ئېنىرگىيىگە ئىگە، خەلق ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەر بىرى بولسا 30 ئات كۈچىگە توغرى كېلىدىغان ئېنىرگىيىگە ئىگە؛ ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەر بىرىگە 200 دىن ئوشۇغراق ئادەم توغرى كېلىدۇ، خەلق ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەر بىرىگە بولسا، 50 دىن ئوشۇغراق ئادەم توغرى كېلىدۇ»①. دېمەك، كارخانىلار ئىچىدە، كاپىتال جەھەتتىن خەلق ئىگىلىكلىرى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى-

① شۈي دىچىڭ: «جۇڭگونى سانائەتلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى» — «سىچۈەن جىڭجى» پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ 1-توم 2-سانىدىن.

لىرىنىڭ $\frac{1}{10}$ ىگە يېتىشەلمەيدۇ. ئېنېرگىيە جەھەتتىن خەلق ئىگىلىگىدىكىلەرى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكىلىرىنىڭ $\frac{1}{3}$ ىگە يېتىشەلمەيدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر جەھەتتە بولسا، خەلق ئىگىلىگىدىكىلەرى ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكىلىرىنىڭ $\frac{1}{4}$ ىگە توغرى كېلىدۇ. يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق تۇزۇم ئاستىدىكى جۇڭگو سانائىتىنىڭ كولۇمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرى ناھايىتى قالاق. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق مونوپولىيىلىك ئورنى جۇڭگونى سانائەتلەشتۇرۇش ئىشىنىڭ رىۋاجلىنىشىنى دەھشەتلىك ھالدا توسۇپ، جۇڭگو سانائىتىنىڭ قالاق ھالىتىنى ساقلىماقتا.

4 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلغان بيۇروكراتلار سانائىتى ئۇمۇمىي مەھسۇلات جەھەتتە قەدەممۇ - قەدەم ئۇستۇنلىككە ئىگە بولماقتا. مەسىلەن، ئاساسىي سانائەتلەر بويىچە ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى سانائەت بىلەن خەلق ئىگىلىگىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ پروتسېنتى تۆۋەندىكىچە: [1].

---

[1] «سىچۇەن جىڭجى» پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ 1 - توم 3 - سانىنىڭ 11 - 13 - بەتلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى	1940 – ژىلى		1941 – ژىلى		1942 – ژىلى		1943 – ژىلى	
	هوكۇمەت ئىگىلىگى	خەلق ئىگىلىگى	هوكۇمەت ئىگىلىگى	خەلق ئىگىلىگى	هوكۇمەت ئىگىلىگى	خەلق ئىگىلىگى	هوكۇمەت ئىگىلىگى	خەلق ئىگىلىگى
تومۇر	5.76	94.24	15.09	84.91	25.64	74.36	50.96	49.04
پولات	41.06	58.94	54.17	45.83	80.86	19.31	91.65	8.35
كومۇر	9.64	90.36	15.62	84.38	18.86	81.14	23.74	76.26
نيفت	100.00	—	100.00	—	100.00	—	100.00	—
ماشىنسازلىق	22.95	77.05	13.20	86.80	36.45	63.46	34.45	65.46
فابرىكا ژىپى	44.24	55.76	55.62	44.38	64.96	35.04	64.37	35.63
فابرىكا گەزلىمىسى	14.32	85.68	24.93	75.07	30.41	69.58	34.73	65.27
ئۇن	0.38	99.62	3.32	96.67	8.87	91.13	24.06	75.94
فابرىكا قەغىزى	33.79	66.21	35.34	64.66	33.50	66.50	31.11	68.89

4 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلغان بيۇروكراتلار سانائىتىنىڭ كاپىتالى، ئېنېرگىيىسى ۋە مەھسۇلاتىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى مەركەزلىشىش دەرىجىسى ۋە سۇرئىتى توغرىسىدىكى بۇ مەلۇماتلار، ئۇلارنىڭ مونوپو-لىيىسىنىڭ كۆلىمىنى ۋە مونوپولىيە قىلىش جەريانىنىڭ تېزلى-گىنى، ئۇلارنىڭ مونوپولىيە دائىرىسىگە كىرمىگەن نەرسە قالمى-غانلىغىنى، يەنى ئۇ ئېغىر سانائەتتىن تارتىپ يېنىك سانائەتكە قەدەر ھەممە تارماقلارنى ئىچىگە ئالغانلىغىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ژۇقۇرىدىكى سانلار بىزگە يەنە شۇنى كۆر-سۈتۈپ بېرىدىكى، 4چوڭ ئائىلىنىڭ «ھۆكۈمەت» نامىدىكى سانائىتىنىڭ كاپىتالىنىڭ مەركەزلىشىشى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەر-كەزلىشىشىگە قارىغاندا ناھايىتى تېز بولدى. مانا بۇلار 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سانائەت مونوپولىيىسى—زورلۇق ۋە بۇلاڭچىلىققا يولەن-گەنلىگىنىڭ ھەم دولەت غەزىنىسىگە يالغۇز خوجا بولغانلىغىنىڭ نېتىجىسى ئىكەنلىگىنى كۆرسۈتۇدۇ.

ئەمدى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «سودىگەرلەر» نامىدا قۇرغان سانا-ئىتىگە نەزەر سېلىپ باقايلى. مىسال ئۇچۈن ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان كۇڭشاڭشى ئائىلىسىنى ئاساس قىلغان جۇڭگو «شىڭيې» شىركىتىنى ئالساق، ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋ-رىدە، سانائەت ئەڭ مەركەزلەشكەن سىچۇەن ئۆلكىسىدە چوڭ-راق زاۋودلار 390 نەچچە ئىدى، ئۇمۇمىي كاپىتالى344 مىللىون

يۇەندىن كوپرەك ئىدى. بۇنىڭدا جۇڭگو «شىڭيې» شىركىتىنىڭ كاپىتالى ھەممىدىن كوپ، يەنى 120 مىللىون يۇەن بولۇپ[1]، ئۇمۇمىي كاپىتالنىڭ $\frac{1}{3}$ ىدىن كوپرەكىنى تەشكىل قىلدى. يەنە بىر مىسال، ئىلگىرى سوڭ زىۋىن ئائىلىسىنىڭ ئىلكىدە بولغان «يۇنىشىڭ ھەسسىدارلىق ئىگىلىك شىركىتى»1940 - ژىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كاپىتالىنى تامامەن جۇڭگو بانكىسى سالغان ئىدى. 1943 - ژىلى مايدىكى گېزىت خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، قۇرۇلۇش ئىشلىرى پۇتكەن ۋە پۇتمىگەن 18 ئورۇن «غەربىي - شىمال سانائىتىنىڭ باش بارمىغى» دەپ ئاتالدى، يەنى غەربىي - شىمال سانائىتىنى مونوپولىيە قىلىدىغان تىرىست بولۇپ قالدى. بۇنىدىن تاشقىرى، چىڭلىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىگىلىكىدىكى «داخۇا» كارخانە شىركىتى، «خۇاشى» قۇرۇلۇش شىركىتى، جۇڭگو كان - سانائەت قۇرۇلۇش شىركىتىمۇ مونوپولىيە خاراكتېرىدە بولدى. شۇڭا، 4چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمەت نامىدا قۇرغان سانائىتى خەلق ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە نىسبەتەن مونوپولىيىلىك ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار «خەلق ئىگىلىكىدىكى سانائەت»تىمۇ «خەلق ئىگىلىگى» ياكى «سودىگەر ئىگىلىگى» دېگەن نام بىلەن مونوپولىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولىۋالدى.

مانا بۇ مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ناھايىتى يولسىز-

---

① جاڭ شىچاڭ «جۇڭگونى سانائەتلەشتۈرۈشتىكى ھازىرقى مەسىلە»- «جۇڭگو گۇڭيې» ژۇرنىلىنىڭ 13 - سانىدىن.

لىق بىلەن بوغۇدىغان سانائەت مونوپولىيىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، 4چوك ئائىلىنىڭ سانائەت جەھەتتىكى بۇنداق مونوپولىيىسىنىڭ فېئوداللىق، كومپىرادورلۇق ۋە ھەربىي خاراكتېرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، ژۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، بۇنداق مونوپولىيىگە زورلۇق، بۇلاڭچىلىق ۋە چەتئەل كاپىتالىغا يولۇقۇش بىلەن ئېرىشىلگەن؛ ئىككىنچى، بۇنداق مونوپولىيە ھەربىي سانائەت ياكى ھەربىي ئەشيالار سانائىتى جەھەتتە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ ھەربىي سانائەت ۋە ھەربىي ئەشيالار سانائىتى خەلققە قارشى قوشۇنلارنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خەلققە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى ئىشلەشنى مەخسەت قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، بۇنداق مونوپولىيە ئاساسىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز ئىگىلىگى غايەت دەرىجىدە چىرىكلەشكەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش تارىخىنى ئارقىغا بۇرايدۇ. كېيىنكى بىر مەسىلىدە بۇ يەردە كوپ توختالماي، مۇشۇ باپنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىپ ئوتىمىز.

3) مونوپولىيە تورلىرى «ئېچمىنىشلىق غەلىبە» سەۋىيى بىلەن كېڭەيدى

ياپون باسمىچىلىرى جوڭگودا ئۇزۇن مۇددەتكىچە ۋەھشىلىك بىلەن مەجبۇرىي ئىشقا سېلىش ۋە زورلۇق بىلەن ژۇتۇش يولى بىلەن قۇرغان، بەلكى سانسىز جوڭگو خەلقىنىڭ قان ۋە

كوز ياشلىرى بىلەن ژۇغۇرۇلغان ژىۋىنك سانائەتلەر «ئىچىنىشلىق غەلىبە»دىن بۇيان يېڭى ھوكۇمران—4چوك ئائىلىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 4چوك ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى بۇ نۇرغۇن سانائەتنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن بىر-بىرىدىن تالاشتى، لېكىن 4چوك ئائىلىنىڭ قايسىسىنىڭ قولىغا چۈشمىسۇن، ئۇلار مۇھىم كان-سانائەتلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. نامىدا «دولەت ئىگىلىگى» دەپمۇ ئاتىدى (بىز ھېمىشە: ئۇلارنىڭ «دولىتى» خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتا دەپ كەلگەن ئىدۇق)، «خەلقنى ئالداش ئۈچۈن ۋەيران بولۇپ ئىشتىن چىققانلىرىنى سودىگەرلەرگە ئاشكارە ساتتى». 4چوك ئائىلە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سانائەت مونوپولىيىسىنى خۇددى پۇل مۇئامىلە ۋە سودا ئىشلىرىدىكى مونوپولىيىگە ئوخشاشلا زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. بۇ ژىل (1946-ژىل) مايدا بەزىلەرنىڭ تەخمىن مولچىرىگە قارىغاندا، 4 چوك ئائىلە سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان «ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى» كارخانىلارنىڭ كاپىتالى پۈتۈن سانائەت كاپىتالىنىڭ تەخمىنەن 80%ىدىن كوپرەگىنى تەشكىل قىلغان[1].

4چوك ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ سىستېمىسىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرى بۇلاڭچىلىق بىلەن تاپشۇرۇپ ئالغان ياپون باسمىچىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى سانائىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن مەملىكەت خاراكتېرلىك تۈرلۈك سانائەت مونوپولىيىسىنى ئۈيۈشتۇرغان بول-

① «جىڭجى جۇباۋ» ژۇرنىلىنىڭ 2-توم 18-سانىدىن.

سا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا سانائەت مونوپولىيىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. مەملىكەت خاراكتېرلىق سانائەت مونوپولىيىسىنى ئالساق، مەسىلەن: جۇڭگو توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى شىركىتى، جۇڭگو توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى، جۇڭگو ژىپەكچىلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفت شىركىتى، مەركىزىي ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇدى، مەركىزىي كېمە سازلىق شىركىتى، جۇڭخۇا سۇ مەھسۇلاتى شىركىتى، ھەركەتكە كەلتۈرۈلۈۋاتقان پوچتا كېمىلىرى شىركىتى ۋە باشقىلار بار. بۇ شىركەتلەرنىڭ مونوپولىيە دائىرىسى ناھايىتى زور. مەسىلەن، ھازىر مەملىكەت بويىچە تەخمىنەن 4مىللىون ژىك بولۇپ، جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتى ئۇتتۇزۇپ ئالغىنى 2مىللىوندىن ئاشىدۇ، بۇندىن كېيىن يەنە داۋاملىق كېڭەيتىلمەكچى. جۇڭگو نېفت شىركىتىنىڭ كاپىتالى ئەسلىدە 1 مىللىارد يۈەن بەلگىلەنگەن ئىدى، ئەمدىلىكتە 5 مىللىاردقا كۆپەيتىلمەكچى. ئۇقۇشىمىزچە: «بۇ شىركەت يۇمىن، تەيۋەن ۋە شەرقىي شىمالغا ئوخشاش جايلاردىكى نېفت بايلىقىنى داۋاملىق يوسۇندا كوپلەپ قازماقچى ھەم چۇنچىن، لەنجۇ، خەنكو، شاڭخەي، شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىن ئىبارەت 7 رايوننى شوبە شىركەت قىلىپ بەلگىلىمەكچى، شۇنداق قىلىپ تىجارەت تورلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ياياماقچى». ئۇقۇشىمىزچە، مەركىزىي كېمە سازلىق شىركىتىمۇ

«پۈتۈن جۇڭگو بويىچە كېمە سازلىق سانائىتىدە كۆلىمى ئەڭ زور ئورۇنغا ئايلاندۇرۇلماقچى». ھەر قايسى چوڭ رايونلاردىكى سانائەت مونوپولىيىلىرىغا كەلسەك، شاڭخەي تەرەپتە گېزىتتە ئېلان قىلىنغانلىرىدىن، مەسىلەن: شاڭخەيدىكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش بولۇمى، ئېلېكتر ماشىنىلىرى زاۋودى، شاڭخەي ماشىنىسازلىق زاۋودى، شاڭخەي كېمە سازلىق زاۋودى، شاڭخەي نېفت تازىلاش زاۋودى، جياڭنەن ئېلېكتر ئىدارىسى، شاڭخەي خىمىيە سانائىتى زاۋودى، تەيۋەن قەن زاۋودىنىڭ شاڭخەي شۆبىسى، جۇڭگو رادىو ماتېرىياللىرى شىركىتى ۋە باشقىلار بار؛ ئوتتۇرا جۇڭگو تەرەپتە، گېزىتتە ئېلان قىلىنغانلىرىدىن، مەسىلەن: ئوتتۇرا جۇڭگو مېتاللۇرگىيە شىركىتى، ئوتتۇرا جۇڭگو كان ئىشلىرى شىركىتى ۋە باشقىلار بار، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا جۇڭگو مېتاللۇرگىيە شىركىتى، «ئۇقۇشىمىزچە، بۇ شىركەت قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرى ئەتراپلىق كېڭەيتىلسە، 5 مىڭ خىزمەتچى، 20 مىڭدىن ئوشۇق ئىشچى كېتىدۇ، ئامېرىكا مۇتەخەسسىسىدىن 300 كىشى ئىشلەيدۇ». تەيۋەن تەرەپتە، گېزىتتە ئېلان قىلىنغانلىرىدىن، مەسىلەن: تەيۋەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتى، تەيۋەن قەنچىلىك شىركىتى، تەيۋەن ئېلېكترلەشتۈرۈش شىركىتى، تەيۋەن ئوغۇت شىركىتى، تەيۋەن قەغەزچىلىك شىركىتى، تەيۋەن ماشىنىلاشقان كېمە سازلىق شىركىتى ۋە باشقىلار بار. ئۇنىڭ ئىچىدە تەيۋەن قەنچىلىك شىركىتى ھەممە جەھەتتىن شۆھرەت

قازاندى، دۇشمەننىڭ 4 چوڭ ترەستىنى ئوتكۈزۈپ ئالدى، جەمئى 42 زاۋودى، 2 ميللىون مو يەرگە ئىگە دېخانچىلىق ئىگىلىگى بار، ژىلىغا 1 ميللىون 400 مىڭ تونىنا شېكەر ئىشلەپچىقىرىدۇ (هازىر ئىشقا چۈشكەن 3 زاۋودى، 5 مىڭ خىزمەتچىسى، 15 مىڭ ئىشچىسى بار)، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قەنتچىلىگىنى مونوپولىيە قىلماقچى. شىمالىي جۇڭگو تەرەپتە، «شىنخۇا» ئاگېنتلىغى تۇۋەندىكىچە تەپسىلى خەۋەر بېرىدۇ.

«بېيپىن خەۋىرى»: گومىنداڭنىڭ سۇڭ زىۋېن سىستېمىسىدىكى بيۇروكرات كاپىتالى «ئۆتكۈزۈپ ئېلىش» دىن پايدىلىنىپ، بېيپىن، تيەنجىندىكى ئېغىر ۋە يېنىك سانائەتلەرنى مونوپولىيە قىلدى ھەم ئاران ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خەلق ئىگىلىگىدىكى سانائەتنى جىينىمىك بىرىنچە ژۇتمەكتە. ئېغىر سانائەت تەرەپتە، ئىختىسادىي مىنىستىرلىك «ئۆتكۈزۈپ ئالغان» ئېغىر سانائەت ۋە كولىمى چوڭراق زاۋودلاردىن مەمۇرىي پالاتىنىڭ تەبىئىي بايلىقلار ھەيئىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگىنى جەمئى 33 بولۇپ، ئۇنىڭدىن شىمالىي جۇڭگودىكى 8 چوڭ شىركەت تەشكىل قىلدى، بۇلار شىمالىي خىمىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتى، شىمالىي جۇڭگو مېتاللۇرگىيە شىركىتى، شىمالىي جۇڭگو سېمېنت شىركىتى، تيەنجىن ماشىنا زاۋودى، تيەنجىن ۋاگون زاۋودى (دۇشمەننىڭ چاڭخىن ۋاگون زاۋودى)، تيەنجىن خىمىيە شىركىتى، تيەنجىن قەغەزچىلىك شىركىتى ۋە مەركىزىي ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋودىنىڭ تيەنجىن شۆبىسى بۇلار بىۋاستە نەنجىن تەبىئىي بايلىقلار ھەيئىتىگە قارايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، قۇرۇلۇش

ئالدىدا تۇرغان جىڭفىڭ كومۇر شىركىتى تەبىئىي بايلىقلار ھەيئىتى
خىيبىي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن شىركىلىشىپ باشقۇرماقچى. شۇنىڭ
بىلەن دۈشمەننىڭ شىمالىي جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەمئىيىتى
قۇرغان ئېغىر سانائەتنىڭ جەۋھىرىگە سۇڭ زىۋېن سىستېمىسىدىكى
بيۇروكرات كاپىتال ياڭغۇز ئىگە بولۇۋالدى. تيەنجىندىكى يېنىك
سانائەتلەردىن كۆلىمى زورراق ۋە پايدىسى ئەڭ كۆپ بولغان تو-
قۇمىچىلىق ئىشلىرىنىمۇ سۇڭ زىۋېن سىستېمىسىدىكى بيۇروكرات كاپى-
تال مونوپولىيە قىلىۋالدى. ئىقتىسادىي مىنىسترلىك تەرىپىدىن «ئوت-
كۈزۈپ ئېلىنغان» ۋە يۇفىڭ زاۋۇدىنىڭ تيەنجىن شۆبىسى، جۇڭيۈەن
شۆبىسى، تيەنجىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شاڭخەي شىۋاڭشى تو-
قۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ تيەنجىن شۆبىسى، داكاڭ توقۇمىچىلىق
فابرىكىسى، يۇڭدادىكى 7 - زاۋۇد ۋە ياغاچ زاۋۇدى ھەم ماشىنا
رېمونت زاۋۇدىنى ئوز ئىچىگە ئالغان 16 توقۇمىچىلىق فابرىكىسى
تامامەن جۇڭگو توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى شىركىتىنىڭ تيەنجىن شۆبى-
سىگە ئوتكۈزۈپ بېرىلىپ، تيەنجىندە 7 جۇڭگو توقۇمىچىلىق فابرى-
كىسى تەشكىل قىلىندى، بۇ فابرىكىلار 320 مىڭدىن كۆپرەك ژىككە
ئىگە بولۇپ، ئۇ پۈتۈن تيەنجىندىكى ژىكنىڭ 84% نى تەشكىل
قىلدى. جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ تيەنجىن شۆبىسىنىڭ جىڭ-
لىسى يەنە سۇڭ زىۋېن سىستېمىسىدىكىلەردىن بولدى. بۇندىن تاش-
قىرى، ئىقتىسادىي مىنىسترلىك «ئوتكۈزۈپ ئالغان» دىن كېيىن،
ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىرىدىن - ئەنگلىيىلىك سودىگەر-
لەرنىڭ كەيلۇەن كومۇر كېنى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا شىركىچىلىكىدىكى
يەجۇڭ تاماكا شىركىتى، يۇنلى خىمىيە زاۋۇدى، جۇدا توز زاۋۇدى،
چىشىڭ سېمېنت زاۋۇدى ۋە ياۋخۇا ئەينەك زاۋۇدلىرى بار، قايتۇرۇپ

بىرىش ۋاقتىدا، ئىقتىسادىي مىنىسترلىك كەيلۇەن كومۇر كېنى ۋە يىجۇڭ تاماكا شىركىتىدىن باشقىلىرىنى: «ئوتكۇزۇپ ئېلىش» دەپ- تىرىدە كاپىتال قوشۇلغانلىقى ۋە قىسمەن تىوۋار، خام ئەشيالارنىڭ قىپقالغانلىقى يېزىلىغان، دېگەن ئاساس بىلەن بۇلارنى «دولەت» ئىختىيارىغا ئېلىپ، هوكۇمەت پىيى قىلدى هەم ئۇلارنىڭ باشقار- مىسىغا قاتناشتى، شۇنداق قىلىپ، بيۇروكرات كاپىتال زاۋۇدلارنىڭ ئۇمۇمىي هوقۇقىنى پەيدىن- پەي قولىغا كىرگۈزۇپ ئالدى. مەسىلەن، ياۋخۇا ئەينەك زاۋۇددىكى 5 مىللىون يۇەن دۇشمەن كاپىتالىنى 50 مىڭ هوكۇمەت پىيىغا ئايلاندۇردى، بۇ ئۇمۇمىي كاپىتالنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلدى. ۋۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا قالغان «ئوتكۇزۇپ ئېلىنغان» زاۋود- فابرىكىلار دەرهال سېتىلىشى ۋە خەلقنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىجارىگە بېرىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئىقتىسادىي مىنىسترلىك بۇزاۋود- فابرىكىلارنىڭ كولىمى كەڭرەك ياكى پايدا بېرىدىغانلىرىنى، مە- سىلەن: شەرقىي ئاسىيا تاماكا زاۋودى، جۇڭخۇا پوسپورزاۋودى، شىگيۇەن خىمىيە زاۋودى، شەرقىي ئاسىيا سىرزاۋودى ۋە ئاسىيا كون زاۋودىنى ئوزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئوزى باشقۇردى. قالغانلىرىدىن «سې- تىلغان» لىرى ئىچىدە خىمىيە ۋە ماشىنا زاۋودى كوپ سانىنى تەش- كىل قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ زاۋودلار دۇشمەن ئوتكۇزۇپ بەرگەن دەپتەردىكى ئەسلى باهاسىدىن 3 مىڭ هەسسە ئاشۇرۇپ سېتىلدى. سىلغىنا مۇكەممەل بولغان زاۋودلار 200 مىللىون يۇەندىن ۋۇقۇرى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى سانائەتچىلەر سېتىۋېلىشقا قادىر بولالمى- دى. مەسىلەن: سانائەتچىلەردىن سىياسىي كېڭەش ۋەكىلى لى جۇچېڭنىڭ قويغان باهاسى ئېلان قىلىنغان باهادىن توۋەن بولغاشقا، ئۇنىڭغا ئىجارىگە بېرىلمىدى».

شەرقىي ـ شىمال تەرەپكە كەلسەك، 4 چوڭ ئائىلە بولاڭچىلىق بىلەن ئوتكوزوپ ئالغانلا يەرلەردە ئالدى بىلەن «ئوتكوزوپ ئىلىش جىڭى» ھوكوم سوردى: 4 چوڭ ئائىلىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر «ئومو ئوتكوزوپ ئالدى، بومو ئوتكوزوپ ئالدى؛ ئومو بولىدى، بومو تالىدى؛ مەمۇرلار بىلەن ھەربىلەر تالاشتى، ھوكومەت بىلەن خەلقلەر تالاشتى؛ كوچلىكلەر ئوچوقتىن ـ ئوچوق ئىگە بولۇۋالدى، كوچسىزلەر يوشۇرۇن ھالدا ئوغۇرلىدى»①. بۇ ژىل (1946 ـ ژىل) ئىيۇلدىكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا: «بىر قانچە چوڭ ئەمەلدارلار ۋە بايۋەچچىلەر شىركەت قۇرۇشقا باشلىدى، ئۇلار ئۇچرىغانلا نەرسىنى قولتۇغلاپ مېڭىپ، بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ كونا قىلىقلىرىنى قىلماقچى». جياڭكەيشى سولالىسى شەرقىي ـ شىمالنى ئەسكى خەيدەك تاشلىۋەتكەن ئىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە شەرقىي ـ شىمالدىكى ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى بارلىق خەلقلەر 14 ژىل جەريانىدا سانسىز قانلىرىنى بېرىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، ياپون باسمىچىلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، 4 چوڭ ئائىلە ئىپلاس قولىنى ئۇزاتتى. شەرقىي ـ شىمال خەلقى جياڭكەيشىنىڭ ھوكومرانلىقىنى «2 ـ مانجورىيە» دەپ ئاتىدى. شەرقىي ـ شىمالنىڭ ئېغىر سانائىتى ۋە ئاساسىي يېنىك سانائەتلىرىنى 4 چوڭ فېئودال، كومپرادور ئائىلە خۇسۇسىي مۈلكىگە

① «ۋېنخۇي باۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 9-ئىيۇن سانىدىن.

ئايلاندۇرۇۋالدى. ئۇلار يەنە بۇ سانائەتلەردىن جۇڭگو خەلقىنى بويسۇندۇرۇدىغان مۇھىم قورال سۈپىتىدە پايدىلانماقچى.

4 چوڭ ئائىلە بۇ يېڭى مونوپولىيە سانائەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى يەنە «ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكلەشكەن» دەپ ئاتىدى. مەسىلەن: جۇڭگو توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى شېركىتىنىڭ كاپىتالىدىن 60%نى «ھۆكۈمەت پېيى» دەپ، 40%نى بولسا «سودىگەرلەر پېيى» دەپ ئاتىدى. «ھۆكۈمەت پېيى» ئەلۋەتتە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ. «سودىگەرلەر پېيى» چۇ؟ بۇ «جۇڭگو بانكىسى»نىڭ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىپلاس قولى «ھۆكۈمەت»، يەنە بىر ئىپلاس قولى «سودىگەر»؛ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزەلدىن «ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكچىلىكى» دەپ ئاتاپ كەلگەن نەرسىسى ئۇنىڭ 2 ئىپلاس قولىنىڭ ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. مىللىي سانائەتچىلەر جۇڭگو توقۇمىچىلىقىنىڭ بۇنداق ھۆكۈمەت تەرەپتىن باشقۇرۇلۇشىغا قارشى ئاۋاز كۆتەرگەندە، سۇڭزىۋېن ئوتتۇرىغا چىقىپ: 2 ژىلدىن كېيىن ئەلۋەتتە سودىگەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز ـ مەلۇم ۋاقىت تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «ھۆكۈمەت» نامىدا باشقۇرغان ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ «سودىگەرلەر» نامىدا باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

4-جۇڭگونى «ئامېرىكىنىڭ سانائەت چىگىرىسى»غا ئايلاندۇرۇش

4 چوڭ ئائىلە خەلق ئىختىيارىدا بولۇشقا تېگىشلىك ياپون قورچاق ھۆكۈمىتىنىڭ سانائىتىگە ئىگە بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ بارلىق مونوپولىيە قىلىنغان سانائەتنى ئامېرىكىنىڭ چوڭ سودا ئورۇنلىرىنىڭ بېقىندى ۋە كومپرادور بالىچۇق شىركىتىگە ئايلاندۇردى. ھازىر 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىيىسىدىكى ئاساسىي ئېغىر سانائەت ياكى يېنىك سانائەتلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئامېرىكىنىڭ مونوپولىيە كاپىتالى ئارىلاشتى ياكى باش بولدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش باشلانماستىن تارتىپ بۇ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە، 4 چوڭ كومپرادور ئائىلىنىڭ مونوپولىيە سانائىتى ئاساسەن فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن ھەمكارلاشقان ۋە فاشىستلار گېرمانىيىسى «باش نازارەتچى» بولغان. ئەمدىلىكتە فاشىستلار گېرمانىيىسى ۋەيران قىلىنغان ئىدى، 4 چوڭ كومپرادور ئائىلىنىڭ مونوپولىيە سانائىتى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى بىلەن ھەمكارلاشتى ۋە ئۇنىڭغا ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى «باش نازارەتچى» بولدى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ «جۇڭگونىڭ ئەرزان ئىش كۈچى»نى كوپلەپ ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىشىغا يول قويدى.

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا مونوپولىيە

كاپىتالىنىڭ خوجايىنلىرى ئارقا - ئارقىدىن جۇڭگوغا كېلىپ بايلىق ئوۋلاش پلانلىرىنى تۈزۈشتى: بىر خىل پلان 4 چوڭ ئائىلە بىلەن شېرىكلىشىپ زاۋۇد قۇرۇش: يەنە بىر خىلى ئۆز ئالدىغا بىۋاستە كاپىتال سېلىپ زاۋۇد قۇرۇش.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئەخبارات ئاگېنتلىغىنىڭ 1946 - ژىلى 1 - مارتتىكى خەۋىرىدە بۇنداق دېيىلدۇ:

«ئامېرىكىنىڭ «يۈەن خۋا» دېگەن ژۇرنىلىنىڭ يېزىشىچە: (1) 1947 - ژىلىنىڭ ئاييىغىچە ئامېرىكىنىڭ تېخنىك، مۇتەخەسسىسلىرىدىن 5 مىڭ كىشى جۇڭگوغا كېلىدۇ؛ (2) ئامېرىكىنىڭ 2 ئىنژېنېرى كەڭ كولەملىك ئېلېكتر، مېتاللۇرگىيە زاۋۇدى ۋە تۆمۈر يول ترانسپورت ئۈسكىنىلىرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تاماملاپ بولدى ئامېرىكىنىڭ بىر قانچە سېمېنت شىركەتلىرى موشۇ سائەتتە ئۇ زاۋۇدلىرىنى قۇرۇپ بولدى، ئۇ تامامەن ئامېرىكا ماتېرىيالى ۋە تەربىيە كۆرگەن خادىملار بىلەن جابدۇقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ؛ (3) ئامېرىكىنىڭ سودا مۇتەخەسسىسلىرىدىن بولغان جۇڭگو ژىپەكچىلىكىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ژىللىق ژىپەك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قىممىتىنى 500 ميللىون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈش مولچەرلەنمەكتە. ئامېرىكىلىقلار ئېھتىياجلىق بولغان جۇڭگونىڭ چاي، پار - پۇر ۋە باشقا مەھسۇلاتلىرى بويىچىمۇ ۋاپىق دەرىجىدە ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ (4) نېفت بويىچە قىلىنىدىغان تەكشۈرۈشمۇ جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىشقا ئامېرىكا نېفت شىركىتىنىڭ كۈچلۈك گۇرۇپپىلىرى مەدەتكارلىق

قىلىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ گورۇپپىلار جۇڭگودا كارخانە ئارتىلى تەشكىل قىلىپ نېفت ئىشلىرىنى باشقۇرماقچى. 50 خىل ئامېرىكا سانائىتىنى ئىچىگە ئالغان 350 شىركەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا سودا ـ سانائەتچىلىرى جەمئىيىتى ـ ژۇقۇرىدىكى پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچدۇر...»①

يەنە 1946 ـ ژىلى مايدىكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا:

«ئالغان خەۋەرگە قارىغاندا: ئامېرىكىنىڭ بىر قانچە نېفت زاۋۇدى تىجارەت شىركىتى تەشكىل قىلىپ، جۇڭگودا نېفت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇشنى پىلان قىلماقتا. ئۇندىن قالسا ۋېستىن ھاۋۇس ئېلېكتر زاۋودى دولىتىمىز بىلەن توختام تۇزۇپ، جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە ئېلېكتر زاۋودى قۇرۇشنى بەلگىلىدى. ھازىر چەتئەل سودىگەرلىرى مەملىكىتىمىزدە بىر قانچە سېمېنت زاۋودى، بىر كېمىسازلىق زاۋودى، بىر خىمىيە سانائىتى زاۋودى قۇرۇش ئۇچۇن دولىتىمىز بىلەن توختام تۇزدى. قوچقاچ ماركىلىق سۇت فېرمىلىرى شىركىتىمۇ جۇڭگودا زاۋود قۇرۇش ئۇچۇن دولىتىمىز بىلەن توختام تۇزمەكچى»②.

تەبىكى، بۇ «ئارقا ـ ئارقىدىن» بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ بىر قىسمى، بەلكى ئۇنىڭ باشلىنىشى، خالاس.

ژۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتۇلگەندەك، جۇڭگو 4 چوڭ فېودال، كومپرادور ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا، تامامەن ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ھال سانائەت جەھەتتىمۇ روشەن ئىپادىلەنمەكتە. ئامېرىـ

①«جۇڭگيا گشە» نىڭ 1946 ـ ژىل 5 ـ مارت خەۋىرى.

② «شاڭخۇر بىاۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 12 ـ ماي سانىدىن.

كىنىڭ ئۇرۇش ۋاختىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى نېلسون ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى سودىگەر- لەرگە: «ئامېرىكا سودىگەرلىرى جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ سانائەت چېگرىسى دەپ قارىشى كېرەك. ئۇنىڭ مۇھىملىقى شۇكى، ئۇ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چېگرىسىدىن قىلىشمايدۇ، ھېچبولمىغاندا شۇنىڭ بىلەن تەڭ» دېگەن. نېلسون: شۇنداق بولغاندا ئامېرىكىنىڭ ژىراق شەرقتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ، دېمەكچى①. جۇڭگو خەلقى شۇنى بىلىشى لازىمكى، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئارقىلىق جۇڭگونى فىلىپپىن دەپ قاراپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ «غەربىي چېگ- رىسى»گە ئوخشاش چېگرىسى دەپ قارىماقتا.

4 چوڭ ئائىلە ئىشلەپچىققان «يېڭى شىركەت قانۇنى» نىڭ مەخسىدى ئامېرىكىنىڭ مونوپولىست كاپىتالىستلىرىغا جۇڭگودا كاپىتال سېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئىمتىياز بېرىش، جۇڭگونى «ئامېرىكىنىڭ سانائەت چېگرىسى»غا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىختىساتچى مايىڭچۇ ئەپەندى قاتتىق خىتاپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ بۇنداق دېدى: «يېقىندا ھۆكۈمەت نەرەپتىن ئېلان قىلىنغان «يېڭى شىركەت قانۇنى» نىڭ بىرىنچى ۋە 192 نچى ماددىلىرىدا چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ ئۆز مەملىكىتى-

① «جىڭجى كۆەيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - يىل 20 - ئىيۇل سانىدىن.

ردىكى باش شىركەتلىرى «تىجارەت قىلىشى» شەرت دەپ بەل-
گىلەنمىگەن... بۇ ـ قورقۇنۇچلۇق خاتالىق. چۈنكى «يېڭى
شىركەت قانۇنى» نىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، چەتئەللەرنىڭ
جۇڭگودا قۇرغان شوبە شىركەتلىرى كاپىتالىنى مەلۇم قىلمايدى-
غان بولغاندىن كېيىن، ئۇلار كاپىتالىنى ئۆز مەيلىچە ئاشۇرۇپ،
جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئالىدىغان دارامەت بېجىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىدۇ.
يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۆز مەملىكىتىدە ئۆز ھۆكۈمىتىگە: باش
شىركەت تىجارەت قىلمىدى دەيدۇ ـ دە، پايچىكلار دارامەت
بېجىنى تولىمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەممە باجدىن قۇتۇ-
لۇپ قالىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا
جۇڭگو سودا ـ سانائەتچىلىرى بۇنداق «چەتئەل شىركەتلىرى»
بىلەن قانداقمۇ رىقابەتلىشەلىسۇن؟ بۇ، چەتئەل كاپىتالىستى-
لىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىشتىكى بىرخىل
قورقۇنۇچلۇق ئۇسۇلدۇر». مايىڭچۇ ئەپەندى يەنە بۇنداق دېدى:
«قانۇن چىقىرىش پالاتىسىنىڭ ئەزالىرى بۇ ئىشنىڭ جۇڭگو
مىللىي سودا ـ سانائىتىنىڭ ۋە پۈتۈن ئىگىلىكنىڭ ئىستىقبالىغا
مۇناسىۋەتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قائىدە بويىچە تىرىشىپ
ياققان بولسىمۇ، لېكىن ئالىي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىدىكى بىر
قانچە كاتتا باشلار قارشى چىقتى. بۇ كاتتا باشلارنىڭ كوپچى-
لىگى نۇرغۇن كاپىتال كۆچىگە ئىگە بيۇروكراتلار بولۇپ، ئۇلار
بىر تەرەپتىن كومپرادور كاپىتال بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مۇ-

شۇ پۇرسەتتە باي بولماقچى بولدى...». بۇنىڭدىن سىياسىي رىياللىق ھامان رىيال ئىكەنلىكىنى، ھاكىمىيەت قانۇن چىقىرىش ھالاتىسى ئەزالىرىنىڭ قولىدا بولماستىن، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. قانۇن چىقىرىش پالاتىسىنىڭ بىر قانچە ئەزالىرى قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن «يېڭى شىركەت قانۇنى» ئېلان قىلىنىۋەدى.

5) مىللىي سانائەت ھالاكەتلىك زەربىگە ئۇچرىدى

4 چوڭ ئائىلىنىڭ بيۇروكرات كاپىتالى بىلەن چەتئەل پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنىڭ جۇڭگو سانائىتىنى مونوپولىيە قىلغانلىقىغا سىلىشتۇرۇلۇدىغان ئەھۋال ـ مىللىي سانائەتنىڭ ئېچىنىشلىق ۋە ھالاكەتلىك زەربىگە ئۇچرىغانلىقىدۇر. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا، 4 چوڭ ئائىلە يەپ كەتكەنلىرىدىن باشقا، شۇ ۋاقىتتا ساقلىنىپ تۇرغان مىللىي سانائەت سىقىلىش ۋە ئېزىلىش بىلەن قاتتىق ئەلەم تارتتى. بۇنى ژۇقۇرىدىكى بايتا، سودا مونوپولىيىسىدە توختالغاندا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىر مىللىي سانائەتچى يەنە باشقا شەرتلەرنىمۇ ئېيتقان: ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى زاۋۇتلار «دولەتنىڭ (جياڭ كەيشى سۇلالىسى مونوپولىيىسىدىكى دولەتنى دېمەكچى) ئۆز تەسرى ۋە ئەۋزەل شەرتلەر (مەسىلەن: باج تۆلىمەسلىك، چىـ

قىم قىلماسلىق، خام ئەشيا سېتىۋېلىشتىكى ئوگايلىقلار) دىن پايـ
دىلىنىپ تەنەرقىنى تۆۋەنلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋېلىپ،
رىقابەتلىشىش ئارقىسىدا خەلق ئىلكىدىكى سانائەتنى ئالغا باسالـ
ماس قىلىۋەتتى». 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «سودىگەرلار» نامىدا قۇرـ
غان سانائىتىمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ سىياسىي مونوپولىيە ۋە پۇل
مۇئامىلە مونوپولىيىسىگە يۆلىنىپ، نۇرغۇن ئەۋزەل شەرتلەرنى قولـ
لىغا كىرگۈزۈۋالدى ۋە ئالاھىدە مالىيە ياردەملىرىگە ئىگە بولـ
دى. مەسىلەن: 1944 ـ يىلى 4 بانكىدىن «خەلق ئىگىلىكىدىكى»
سانائەتكە قەرز بەرگەن 150 مىللىون يۈەن پۇلدىن كۇڭشاگشى
باشچىلىقىدىكى بىرلا جۇڭگو «شىڭيې» شىركىتى 70مىللىون يۈەنگە
ئىگە بولۇۋالدى. يېقىندا بىر ئاۋتور «ئېچىنىشلىق غەلىبە» دىن
بويان قوشۇلغان تەجرىبىلەرگە قوشۇمچە قىلىپ، بيۇروكرات كاـ
پىتالىنىڭ مىللىي سانائەتنى بوغۇشتىكى بىر قانچە شەرتلىرىنى
تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ شەرتلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

«بىرىنچى بيۇروكرات كاپىتال «سودىگەرلىرىنىڭ باشقۇرۇشتا كۈچى
يەتمەيدۇ» ۋە «دۆلەت ئىگىلىكى دۇنيا بازارلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش
كېرەك» دېگەن 2 شوئار ئاستىدا، ئۆزىنى «دۆلەت ئىگىلىكى» بىلەن
پەردىلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەممە تارماقلىرىنى ئۆز قارمىقىغا
ئالدى.

ئىككىنچى، بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى قولغا كىرـ
گۈزۈۋېلىشى. خەلق ئىگىلىكىدىكى سانائەت ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى

سانائەت بىلەن تەڭ باھادا يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلىنەلمەيلا قالماستىن، بەلكى تەمىنلەش كاپالىتىگە زادى ئىگە بولالماي، قاراڭغۇ بازارغا يېقىنىپ قالدى. قاراڭغۇ بازار باھاسى ھوكۇمەت ئىگىلىگەندىكى سانائەت ئىگە بولغان باھادىن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن بىر ھەسسەدىن ئون ھەسسىگىچە ژۇقۇرى بولدى — يېقىلغۇ ھەيئىتىنىڭ ھوكۇمەت ئىگىلىگەندىكى سانائەتكە بىر توننىنى سېتىپ بېرىش باھاسى تەڭ توۋەن بولغاندا 30 نەچچە مىڭ يۈەن، ئەڭ ژۇقۇرى بولغاندا 180 مىڭ يۈەن بولۇدۇ. قاراڭغۇ بازار باھاسى بولسا 300 مىڭ يۈەن چامىسىدا بولۇدۇ.

ئۈچىنچى، بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ خام ئەشياۋە ماشىنا — جابدۇقلارنى مونوپولىيە قىلىشى، ھازىر خام ئەشيا ۋە ماشىنا — جابدۇقلارنىڭ مەيلى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگىنى ياكى چەتتىن ئىمپورت قىلىنغىنى بولسۇن، ھەممىسىنى بيۇروكرات كاپىتال مونوپولىيە قىلىۋالدى ياكى ئۆزئىلكىگە ئېلىۋالدى. مىسال ئۈچۈن ئېيتقاندا، چەتتىن ئىمپورت قىلىنىدىغان توقۇمىچىلىق سانائىتى خام ئەشيالىرىدىن پاختا ۋە قوي ژۇڭنىڭ ھەممىسىگە جۇڭگو توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى شىركىتى ئىگە بولۇۋالدى؛ دۈشمەن — قورچاق ھوكۇمەتتىن ئېشىپ قالغان قەغەز خوروشى ۋە قېپقالغان قەغەز ئىشلەش ئۈسكىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بيۇروكرات كاپىتالنىڭ «ئىقتىسادىي مىنىستىرلىك» نامىدا باشقۇرغان قەغەز فابرىكىلىرى ئىشلىتىۋالدى. ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، قەغەز پۇل ئىشلەيدىغان قەغەزلەر مەخسۇسلا مەركىزىي باسما ئىدارىسىگە «فابى» پۇلىنى ئىشلەشكە بېرىلگەن ئىدى. كېيىن ھوكۇمەت بەلگىلىگەن پۇل پرىۋود

ئىشلىرى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن مەملىكەت ئىچىدىكى مال باھاسى چەتئەل باھاسىدىن زورقۇرى بولدى، باسما زاۋۇدىنىڭ دائىرىسى كېچىكلىدى، قەغەز پۇل ئىشلەش خىزمىتىنىڭ كوپ قىسمى چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئىشلىشىگە تاپشۇرۇلدى، پۇل ئىشلەيدىغان قەغەزگە بولغان ئېھتىياج ئازايدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا باشقا خىل قەغەزلەر ئىشلىنىدىغان بولدى. قەغەز خورۇشنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، قەغەز فابرىكىسىنى قۇرۇق پانۇس قىلىپ قويۇپ ساتماقچى بولدى، يەنى كېچىككىنە «جىڭشىڭ» قەغەز فابرىكىسىنى 200 دانە زىخچە ئالتۇنغا ساتماقچى بولدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، خەلق ئىلكىدىكى سانائەت قايسى كۈچى بىلەن ياشيالىسۇن؟

تورتىنچى، بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ بازار تالىشىشى. ھوكۈمەت ئىگىلىگىدىكى ئىشلارنىڭ مەخسىدى ئېيتماغلىقتا — چەتئەلدىن بازار ئىزدەش، دەپ ناھايىتى چىرايلىق ئېيتىلدى، ۋاھالەنكى بيۇروكرات كاپىتال ياساپ كورسەتكەن «دولەت ئىگىلىگىدىكى» سانائەت ئەمەلىيەتتە خەلق ئىگىلىگىدىكى سانائەتتىن ئىچكى بازارلارنى تالاشماقتا. مەسىلەن: جۇڭگو توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇش، شىركىتى كورۇنۇشتە دۇشمەننىڭ خەلققارا بازارلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى ۋەزىپە قىلىپ چاقىرىق قويدى. چۈنكى ئۇ تاپشۇرۇپ ئالغان دۇشمەن - قۇرچاق ھوكۈمەتنىڭ زاۋۇد ئۇسكىنىلىرى 40 نچى ۋە ئۇنىڭدىن ژۇقۇرى ژىپ ئېگىرىشكە لايىغراق ئىدى، يىڭىچكە ژىپ ئىچكى بازاردا ئانچە خېرىدارلىق ئەمەس بولۇپ، چەتئەل بازارلىرىنى قولغا كەلتۇرگەندە تاشقى پرىۋود نىڭ كېمىنى تولدۇرۇشقا ئىمكانىيەت بېرەتتى. بىراق ھازىر جۇڭگو توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى

شىركىتى يىڭىچكە ژىپ ئىگىرىشتىن ۋاز كېچىپ، 20 نچى ۋە 16 نچى ژىپلارنى ئىگىرىدىغان بولدى. مانا بۇ چەتئەل بازارلىرىدىن ۋاز كېچىپ، مەملىكەت ئىچىدە ھەممە ئىشنى قولىغا ئېلىۋالغانلىق ئەمەسمۇ؟ خەلق ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىراق بولۇپ، يوغان ژىپ ئىگىرگەندە ھېساپقا بولاتتى. لېكىن ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى توقۇمىچىلىق خەلق ئىگىلىگىدىكى توقۇمىچىلىق بىلەن رىقابەتلىشىۋاتسا، خەلق ئىگىلىگىدىكى، فابرىكىلارنىڭ ئىختىسادىي شەرتى ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟

بەشىنچى، بيۇروكرات كاپىتال كومپىرادور كاپىتال بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سودا پايدىسى ئۈچۈن تىرىشتى. ئىچكى بازارلار ئاجىزلىشىپ، پايدا ئازراق بولغان ئەھۋالدا، بيۇروكرات كاپىتال كومپرادور كاپىتال بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، چەتكە پۇل پرەۋود قىلىش ئىشلىرىدا نامۇۋاپىق نورمىلارنى بەلگىلەپ، مەملىكەت ئىچىدە مال باھاسىنىڭ چەتئەل باھاسىدىن ژۇقۇرى بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىش بىلەن، خەلقتىن سودا پايدىسى تالاشتى، مەسىلەن، 16 نچى ۋە 20 نچى ژىپلارنى ئىگىرىشتە ئۆزىمىزدىن چىقىدىغان پاختىنى مۇمكىن قەدەر ئىشلىتىش لازىم ئىدى، لېكىن بيۇروكرات كاپىتال گۇرۇھى ئامېرىكا پاختىسىنى ئىمپورت قىلدى، ژىكنى ئۆزىمىزدە ئىشلەشكە بولاتتى، ئۇنىڭدىنمۇ ئامېرىكىدىن 500 مىڭ دانە ئىمپورت قىلدى. ئىمپورت سودىسى پايدىلىق بولغاچقا، كەڭ كولەملىك سودا شىركەتلىرىنى قۇرۇشنى پىلان قىلدى. سىياسىي ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ، سودىنى مونوپولىيە قىلىش بىلەن، خەلق ئىلكىدىكى ئىمپورت ۋە

ئېكسپورت ئىشلىرىنى يوقۇلۇش ھالىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ژۇقۇرىدا ئېيتىلغانلار خەلق ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ بيۇ-روكرات كاپىتالنىڭ تۈرلۈك ئېغىر زۇلمى ئاستىدا تارتقان ئېغىر-چىلىقلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى. بۇندىن تاشقىرى، سىياسىي جە-ھەتتىن يولسىز ئىزىلىشلەرگە ئۇچرىماقتا. مىسال ئۇچۇن ئېيتساق، خەلق ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ بېجى تولىيەلمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىرلاشتى؛ يەرلىك ھوكۇمەت باج ئېلىشتا سىلىقنى ھېمىشە ئېغىر-لاشتۇردى»①.

ئاۋتور بۇ يەردە ئېيتقان بيۇروكرات كاپىتال—4 چوڭ ئا-ئىلىنىڭ بيۇروكرات كاپىتالى، ئەلۋەتتە. ئاۋتورنىڭ بۇيەردە قىلغان سوزىدە بىر ئاز كەمچىلىك بار. مەسىلەن: بيۇروكرات كاپىتال «كومپرادور كاپىتال بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ» دېگەن بيۇروكرات كاپىتالنىڭ بيۇروكرات كاپىتال بولالىشىنىڭ سە-ۋەۋى ئۇنىڭ ئوزىنىڭ كومپرادور كاپىتال بولغانلىغى ئىدى، دېمەك ئىككىسى بىر نەرسە. ئۇ فاكتلارنىمۇ تولۇق ئېيتمىغان. مەسىلەن: قاتناش مونوپولىيىسىدىن سوز ئاچمىغان. 4 چوڭ ئا-ئىلە مونوپولىيە قىلىۋالغان مەملىكەت بويىچە تومۇر يول ۋە تاش يول تورلىرى، پاراخود شىركەتلىرى (ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى پاراخودلار تەخمىنەن 500 مىڭ تونىنا كېلىدۇ، سۇڭ زىۋىنىڭ

① يى‌مىن: «بيۇروكرات كاپىتالنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى خەلق كار-خانىلىرىنىڭ تەقدىرى»-«لەنخې ۋەنباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 3-ئىيۇن سانىدىن.

مونوپولىيىسىدىكى «جاۋشاڭجۇي» تەخمىنەن 250 مىڭ توننىغا ئىگە بولۇۋالدى)، چەتئەللەر بىلەن «ھەمكارلاشقان»ياكى چەتئەللەر بىۋاستە باشقۇرغان ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى (مەسىلەن: ئىلگىرى فاشىستلار گېرمانىيىسى بىلەن ھەمكارلاشقان ياۋرو-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، ئامېرىكابىلەن ھەمكارلاشقان جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، يېقىندا 4 چوڭ ئائىلە ئاۋىئاتسىيە ھوقۇقىنى تامامەن سېتىپ قورغان چېننولت ھاۋا ترانسپورتى شىركىتى) جىياڭ كەيشى ئارمىيىسىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشتىكى ھەربىي ترانسپورتىنى تەمىن ئەتكەندىن تاشقىرى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسىغا ئوڭۇشلۇق شەرت-شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ سانائەت مونوپولىيىسىگىمۇ ئوڭۇشلۇق شەرت-شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. يەنە مىسال ئۈچۈن ئالساق، 4 چوڭ ئائىلە مىللىي سانائەتنىڭ پايدىسىنى (ئۇ ئىشچىلار، ئەمگەكچىنىڭ قوشۇمچە قىممىتىدىن ئوزگەرگەن) ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئېغىر باج ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن بۇلۇۋالغاندىن باشقا، يەنە ئۇنى جازانىخورلۇق ۋە ستراخوۋانىيە ئىشلىرى ئارقىلىق كوپلەپ بۇلۇۋالدى. (گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا: چەتئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ سېتراخوۋانىيە ئىشلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىلكىدىكى «ھوكۇمەت ئىگىلىگى»دېيىلگەن سېتراخوۋانىيە ئىشلىرىنىڭ كاپىتالى جىياڭ كەيشى ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ ستراخوۋانىيە كاپىتالىنىڭ 90%

لىدىن كوپرەگىنى تەشكىل قىلدۇ).

4 چوڭ فېئودال، كومپرادور ئائىلىسىنىڭ بۇنداق مونوپولىيىسى ئادەتتىكى مىللىي سانائەتنى «ھەممىدىن مەھرۇم قىلىپ، ھالاك بولۇشقا يېقىنلاشتۇردى»①. ئامېرىكا مېلى ۋە ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى كاپىتالىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن تەڭ بارلىق مىللىي سانائەت ھەممە يەردە «جان تومۇشۇقىغا كەلدى»، «بوغۇلۇپ كەتتۇق» دەپ چۇقان سېلىشتى. 4 چوڭ ئائىلە ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن خەلق ئىگىلىگىدىكى سانائەتلەرنى تامامەن سۇپۇرۇپ تاشلىدى. «ئارقا سەپتىكى زاۋۇت - فابرىكىلار، ھوكۇمەت دائىرىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ھوكۇمەت دائىرىلىرىدىكى مۇھىم كىشىلەر ئۇلارنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى بىردىنلا يوققا چىقاردى، بەلكى بىر مۇنچە سوزلەرنى قىلىپ، بۇ زاۋۇت - فابرىكىلارنىڭ ماشىنىلىرى قالاق، ئۇبدان يولغا قويۇلمىدى، ياردەمگە لايىق ئەمەس، دەپ ئىيىپلاپ تامامەن رەت قىلدى»②. «سىچۇەنگە كوچۇرۇلگەن زاۋۇت - فابە

① جىڭشى: «پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ كرىزىسى ئېغىرلاشماقتا». شاڭخەيدە چىقىدىغان «لىەنخې ۋەنباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - يىلى 20 - ئىيۇن سانىدىن.

② جاڭ جۇنبو: «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بايلىقى ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشمەكتە»، «ۋىنخۇي باۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - يىلى 9 - ئىيۇل سانىدىن.

رىكىلار شۇ ژىلى نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەت بىلەن بارغان ئىدى، بۇگۇنكى كۇندە ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قايتتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك سانائەتچىلەر ۋە فابرىكانتلار ھەممىدىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى»①. بۇ ژىل (1946 - ژىلى) ئىيۇلدىكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا: «جۇڭگو سانائەتچىلىرى مەملىكەتلىك جەم-ئىيىتىنىڭ چۇڭچىن شوبىسىگە ئەزا بولغان زاۋود - فابرىكىلار 470 نەچچە ئىدى، ئۇنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{2}$ قىسمى ئىشنى توختاتتى. سىچۇەنگە كوچۇرۇلگەن زاۋود - فابرىكىلار بىرلەشمىسىگە ئەزا بولغان 380 زاۋود - فابرىكىدىن 122 سى ئىشنى رەسمىي توخ-تاتتى. جۇڭگو ئوتتۇرا - كىچىك فابرىكىلار بىرلەشمىسىگە ئەزا فابرىكىلارنىڭ رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرغان بىرمىڭ بىريۈز نەچچە فابرىكىدىن %80 ى ئىشنى توختاتتى. شۇنىڭدەك ئىشنى توخ-تاتمىدى دېيىلگەنلىرىمۇ نامىدا ئىشلەش ياكى يېرىم ئىشلەش ئەھۋالىدا تۇرماقتا»②. چۇڭچىننىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولغان يەردە باشقا جايلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق بولۇدۇ. چوڭ زاۋود - فابرىكىلارغا كەلسەك، ئەگەر 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە ئۇ-لارنىڭ سىستېمىسىدىكى ئادەملەرنىڭ كوزى چۇشسىلا، ئۇنى

---

① لى جۇچىڭ: «سانائەت كرىزىسىنىڭ سەۋەپلىرى ۋە ئۇنى قۇتۇل-دۇرۇش»، «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 14- ئىيۇل سانىدىن.

② پىڭ تاۋ: «بوغۇلۇۋاتقان چۇڭچىن سانائىتى» «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 10 - ئىيۇل سانىدىن.

ژۇتۇشنىڭ كويىغا چۈشۈشى مۇقەررەر ، مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى
خەۋەرنى كورسۈتۈمىز :

«چۈگچىندىكى بىر قانچە چوڭ زاۋود- فابرىكىلاردا ، ياپون
ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىن ئىش-
چىلارنىڭ تارقىتىۋېتىش پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئىش-
چىلار ھەركىتى دولقۇنى كوتۈرۈلدى ... شۇنىڭ بىلەن ھوكۇ-
مەت ئادەملىرى تەرتىپكە سالىمىز دەپ كەلدى . تەرتىپكە سېلىش
جەريانىدا ئەمەلدارلار پاي ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى . ئاردىن
ئۇزۇن ئوتمەي ئۇلار ھازىر «دولەتنىڭ باشقۇرۇشى» ھاجەتسىز ، سو-
دىگەرلەر باشقۇرسا بولار ، دەپ ، بىرلا دەۋراك سېلىش بىلەن پاينىڭ
ھەممىسى بۇ «ھەم ھوكۇمەت ، ھەم سودىگەر» جاناپلارنىڭ قولىغا
ئوتۇپ بولدى»①.

پايدا خۇمارى بولغان 4 چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستى-
دىكىلەر ياپون ئىمپىرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشقا ھەسسە
قوشقان خەلق ئىگىلىگىدىكى سانائەتنى يوقوتۇش ئىشى بىلەن
شۇغۇللۇنۇپلا قالماي ، بەلكى ئەگەر تېخىمۇ كوپ پايدا كېلىدىغان
بولسا ، بۇ ئۇرۇش جەريانىدا ئۇستۇلۇق بىلەن تارتىپ ئالغان ۋە
خەلق ئىگىلىگىدىكى سانائەت بىلەن دەھشەتلىك ھالدا پايدا
تالاشقان ئوزلىرىنىڭ «ھوكۇمەت» ياكى «سودىگەرلەر» نامىدا
قۇرۇلغان سانائەتلىرىنىمۇ بىر تەرەپكە قايرىپ قويىدى . بىر تەرەپتىن
ئەگەر مەلۇم ئامېرىكا مېلى «ئەرزانراق ۋە سۈپەتلىكرەك» بو-

① «شاۋشى» گېزىتىنىڭ 1946 - يىل 28 - ئاپرېل سانىدىن.

لۇپ، ئىمپورت قىلغانـدا كوپ پۇل تېپىشقا مۇمكـىن بولسىلا، ئۇلار شۇنداق ماللارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋود ـ فابرىكىلارنى دەرھال تاقىدى، 4 چوڭ ئائىلە زورلۇق بىلەن ئىگە بولۇۋالغان ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى قەغەز فابرىكىسىنىڭ ئىشنى توختۇتۇشى ۋە سېتىلىشى بۇنىڭغا بىرمىسال بولالايدۇ①. دېمەك، ئۇلار تامامەن ئامېرىكا مىلىنىڭ سوداكومپرادورى بولۇشقا قەتئىي بەل باغلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن 1946 ـ ژىلى ئىيۇلدا گېزىتلەرنىڭ يازغىنىدەك: «ھوكۇمەت دائىرىلىرى «سانائەت قۇرۇلۇشى»غا ياكى چەتئەللەرـ دىن زاۋود ـ فابرىكا سېتىۋېلىشقا، ياكى چەتئەل كاپىتالى بىلەن ھەمكارلىشىپ زاۋود ـ فابـرىكا قۇرۇشقا قىزىقىپ كەتتى. شۇڭا ئارقا سەپتىكى ئۇسكۇنىلىرى كونىراپ كەتكەن زاۋود، كانلارنى يولەشكە سەل قارىدى، خەلق ئىگىلىگىدىكى زاۋود ـ فابرىكـ لارنى ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى زاۋود، كانـلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس»②. دېـمەك، ئۇلار تامامەن ئامېرىـكا مونوپولـيە كاپىتالىنىڭ سانائەت كومپرادورى بولۇشقا قەتئىي بەل باغلىدى. ھالبۇكى، ماھىيەت جەھەتتە، 4 چوڭ ئائىلە مەيلى بۇ ياكى ئۇ شارائىتتا بولسۇن، مىللىي سانائەت ۋە پۈتۈن خەلق ئىگىلىگىگە ئېغىر زەربە بەرمەكتە.

مىلـلىي سانائەت 4 چوڭ فېودال، كومپرادور ئائىلـىنىڭ

① «گۇاڭشاڭ داۋباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 2 ـ ئىيۇن سانىدىن.

② «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 9 ـ ئىيۇل سانىدىن.

ھاكىم مۇتلەق ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا، تامامەن يولسىز قالدى، بۇ چوقۇم ۋە قۇتۇلۇشقا بولمايدىغان تەقدىر بولۇپ قالدى. 19ۋىللىق تەجرىبە ئەنە شۇنداق يەكۇنلەندى. ياپون ئىمپىريالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇيانقى — بولۇپمۇ «ئىچكىنىشلىق غەلىبە» دىن بۇيانقى تەجرىبىلەر تېخىمۇ شۇنداق يەكۇنلەندى!

6) چىرىپ كەتكەن نەرسىدە ھاياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس

4چوڭ فېئودال، كومپىرادور ئائىلىنىڭ ۋەتەننى سېتىش، خەلقنى قىرىش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋەيران قىلىشتىن باشقا، كوپ خىزمىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار مونوپولىيە قىلىۋالغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى كۈچلىرىنى مىللىي سانائەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تامامەن تارىختىنى ئارقىغا بۇراش ۋە تارىختا قىلغان ئەكسىيەتچىلىكدۇر.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمەت نامىدىكى مونوپوللىستلىق كارخانىلىرى ئىگىلىك جەھەتتە ئوز تراديتسىيىسىگە ئىگە، يەنى خۇددى بىر يازغۇچىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «مەملىكىتىمىزدە چىڭ خاندانلىغىدىن بۇيان يولغا قويۇلغان. ئىشلاردا قوللۇنۇلغان ئۇسۇل سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئەمەس، بەلكى ئەمەل تۇتۇش ئۇسۇلى» بولۇپ كەلدى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھەممە مونوپوللىستلىق كارخانىلىرى كام ـ كوتىسىز ۋە زور بيۇروكراتلار

يامۇلدۇر. بۇ يامۇللارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ۋە قىلىدىغان كەسپى ئىشلەپچىقىرىشنى رىۋاجلاندۇرۇش بولماستىن، مىللىي سانائەتنى بوغۇشتىن ئىبارەت بولدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بىركىشى بۇنداق يازغان: «بەزىلەر: سودىگەرلەر ئاچقان تۇرلۇك ماللار شىركىتى پۇتۇن دۇنيانىڭ ماللىرى بىلەن تىجارەت قىلىشمۇ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا 20 نەچچە كىشى كېتىدۇ، ئەگەر «دولەت ئىگىلىكى» گە (4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمەت ئىگىلىكىنى دېمەكچى—ئاۋتوردىن) ئوزگەرتىلسە، 6 چوڭ باشقارما، 20 بولۇم قۇرۇشقا ۋە 300 خىزمەتچى ياللاشقا توغرى كېلىدۇ، دېگەن» (بۇ كىشىنىڭ ئېيتىقىنى سودا - سېتىق ئىشلىرى، ئەمما سانائەتمۇ شۇنداق). «2 - 3 كۇندە تاماملىنىدىغان ياكى قارار قىلىنىدىغان ئىشلار ھېمىشە چوگىلەپ ژۇرۇپ ھەپتە—ئون كۇنگە كېتىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاختىقىچە ئىشكىتىن چىقالمايدۇ». «بىر تالونغا 30 تامغا بېسىلىدۇ» ①. ئىچكى تەرەپتىكى خىيانەت ۋە ئىسراپچىلىقنى ئېيتىپ تۇگەتكىلى بولمايدۇ. «ئېچىنىشلىق غەلىبە» دىن بۇيانقى ئەھۋال يەنە شۇنداق بولدى. مەسىلەن: ئاتاغلىق توقۇمىچىلىق ئورۇنلىرىدىن جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتى توغرىسىدا بىر ئاۋتور بۇنداق يازىدۇ: «ئىگىرىش فابرىكىسىنى كەڭ كو-

① چيڭ مىنيۈەن «ھوكۇمەت ئىگىلىكىدىكى ئىشلارنى ساغلاملاشتۇرۇش توغرىسىدا» - «مالىيە ئوبزورى» نىڭ 11 - بولۇم 4 - سانىدىن.

لەمدە باشقۇرۇش ئىختىسادىي پرىنسىپىگە بەكمۇ لايىق ئىدى، ئادەمنى تېجەپ ئىشلىتىشكە بولاتتى، تەنەرقىمۇ ئەرزان بولاتتى. هازىر بۇ شىركەتتە ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. يالغۇز بەش شىركەتتىلا چوڭ ـ كىچىك خىزمەتچىلەر 700 دىن ئاشىدۇ، ئۇ تامامەن بيۇروكرات ئىدارە بولۇپ قالدى، هەر كۈنى ئۇ يەردە بۇيرۇق كۆتۈپ تۇرغان، فابرىكىلاردا هەقىقەتەن قابىلىيەت-لىك كىشىلەر ئۆز قابىلىيىتىنى جارىي قىلدۇرالمايدۇ، بىلىمسىز ۋە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەر مۇهىم ئورۇنلارغا هەدەپ قويۇلۇۋېرىدۇ، باش جىڭلىنى ئىختىيارى بەلگىلەۋېرىدۇ. شاڭخەي-دىكى مەلۇم فابرىكىدا 50 مىڭ ژىڭ ۋە 800 ستانوكقا ئىگە ئىدى، ئۇ «ئوتكۇزۇپ ئېلىنىش»دىن بۇرۇن، ياپونلار ئاران 37 خىز-مەتچى ئىشلەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 5 لاۋازىماتچى، 32 تېخ-نىك بار ئىدى. هازىر بۇ فابرىكىنىڭ خىزمەتچىسى نىزامنامە بويىچە 60 نەچچە بەلگىلەندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە لاۋازىماتچى 40، تېخنىك 20. دېمەك، ئىشنىڭ بۇزۇلۇشى شۇ قەدەر بولدى! خام ئەشيا سېتىۋېلىشنى ئېلىپ ئېيتقاندا، پاختىنى باش شىر-كەت مەملىكەت ئىچىدىن ۋە چەتئەللەردىن سېتىۋالىدۇ، مەيلى ياخشى ۋە ناچار بولسۇن هەممىسىنى فابرىكىغا بېرىۋېرىدۇ، بەزىدە 20 نچى ژىپ ئىگىرىشكە 40 نچى ژىپقا كېتىدىغان پاختا بېرىدۇ، بەزىدە 60 نچى ژىپ ئېگىرىشكە پاختا يەتكۇزۇپ بېرەلمىگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا 32 نچى ژىپقا كېتىدىغان پاختىدىن بېرىدۇ، زاۋود

باشلىغى بۇنى سۇرۇشتۇرۇشكە ھوقۇقسىز. دېتاللار بۇزۇلسا، ئۇنىڭغا كېتىدىغان زاپچاس ھەتتا ۋىنتىنىمۇ باش جىڭلى تەستىقلىغاندا ئالغىلى بولۇدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن يېزىلغان ئىلتىماسلارغا كوپ ۋاختىدا 2 ـ 3 ھەپتىگىچە ئۇچۇر چىقمايدۇ ياكى ئۇنىڭ قەيەردە قالغانلىقىنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇزۇلغانلىرى بۇزۇلىۋېرىدۇ»①.

ئەمىلىيەتتە، ھازىر 4 چوڭ ئائىلە زورلۇق بىلەن ئىگە بولۇۋالغان دۇشمەندىن قايتۇرۇپ ئېلىنغان رايونلاردىكى سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرى كوپلەپ ۋەيران قىلىنماقتا، زاۋۇد-فابرىكىلارنىڭ كوپ قىسمى ئىش باشلىمىدى، نۇرغۇن ماشىنىلار ۋە خام ئەشيالار كاردىن چىققان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

بۇنداق بيۇروكراتلىق سانائەت تەشكىلى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۇچىنى بەلگىلىدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، مەسىلەن: «ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى بىرلامپۇچكا زاۋۇدىنىڭ باشلىغى بۇنداق دەيدۇ: بۇزاۋۇد خەلق ئىگىلىگىدىكى ۋاختىدا 22 خىزمەتچى بىلەن 10 مىڭ لامپۇچكا ئىشلەپچىقىرالايتتى، ئەمدىلىكتە 70 خىزمەتچى بىلەن ئاران 3 مىڭ 500 لامپۇچكا ئىشلەپچىقىرىدىغان بولۇپ

① جاڭ نۇ «دولەت ئىگىلىگىدىكى ئىگىرىش فابرىكىلىرىنىڭ كرىزىسى»، «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ يىل 20 ـ ماي سانىدىن.

قالدى»[1]. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۇنداق سىيلىشتۇرمىسى 4 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلغان بيۇروكراتلىق كارخانىلارنىڭ تارىخىنى ئارقىغا بۇراش خاراكتېرىنى ۋە تولۇق ئەكسىيەتچىلىگىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. «ئېچىنىشلىق غەلىبىدىن بۇيانقى ئەھۋاللار، توغرىسىدىمۇ يەنە جۇڭگو توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى شىركىتىنى مىسال قىلىشقا بولۇدۇ: بۇ شىركەتنىڭ ھازىر خېلى كۆپ ژىكلىرى ئىشلىمەيۋاتىدۇ. بۇنى قويۇپ تۇرۇپ، ئىشلەۋاتقانلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، بۇ ژىل (1946-ژىل) مايىدىكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا: «ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش دەرىجىسى بويىچە ھەر بىر ژىك 20 نىچى ژىپتىن كۈنىگە بىر قاداق چامىسىدا ئىشلەپچىقىراتتى، ھازىر بۇ شىركەتتە ئىشلەۋاتقان 750 مىڭ ژىك 700 كالەك ژىپ چىقىرىدۇ. بۇ 0.4 قاداقتىن توغرى كېلىدۇ. فابرىكىنىڭ بۇنداق ئىش سۈپىتى ئۇرۇش ۋاختىدىكى ئارقا سەپتىكى كىچىك ژىپ فابرىكىسىغا ئاران يېتىشەلەيدۇ، بۇنداق فابرىكىنى قاتاردىن چىقىرىۋېتىشكە توغرى كېلىدۇ»[2]. بۇ شىركەتكە قاراشلىق مەلۇم فابرىكىنىڭ ئايال ئىشچىلىرى بۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرى ياپونلار ژىك بىر ئازلا بۇزۇلسا دەرھال تۈزۈتۈپ تۇراتتى، ھازىر بولسا بولىشىچە بولا

---

① ۋەن يوچۇ «ئۇرۇشتىن كېيىنكى كان، سانائەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسى» - «سىچۇەن جىنگجى» پەسىللىك ژورنىلىنىڭ 1-توم 4-سانىدىن.

② جاڭ نۇنىڭ ژۇقۇرىدىكى ماقالىسىدىن.

دەپ بىر ئامال قىلىپ ئىشلىتىپ كېتىۋاتىمىز، ماشىنا تېخىمۇ قاتتىق بۇزۇلۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى شىركىتىنىڭ زىكىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى 2 يىلدىن كېيىن بۇزۇلۇپ تۇگۇشى مۇمكىن»①. «قاتاردىن چىقىرىش كېرەك»، «تۇگەيدۇ» دېگەن سۆزلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەھەتتىن تەكشۈرۈلگەن ۋە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىستلىق سانائىتىدىن چىقىرىلغان توغرى تارىخىي خۇلاسىدۇر.

تەبىي، بۇنداق چىرىكلەشكەن مونوپولىيە ئاساسىدىكى بيۇروكراتلىق سانائەت ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ياكى مونوپولىيە ئاساسىدىكى سانائەت پايدىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىشچىلارنى ناھايىتى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا كەلگەندە ناھايىتى ئىخلاس بىلەن ئىشلەيدۇ، دەپ ئېيتىش كېرەك. 4 چوڭ ئائىلە ئىشچىلارنى ئەركىن ئىشچى قاتارىدا كۆرمەيدۇ. 1943 - يىلى ئىيۇلدا، جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ «ئىختىسادىي مىنىسترلىكى ۋىيۇەنجاڭىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت - فابرىكىلارنىڭ ئىشچىلىرى بويىچە ئۆز - ئارا بىر - بىرسىگە كاپالەت بېرىش چارىسىنى قەتئىي قوللىنىشنى ۋە بۇندىن كېيىن كېلىدىغان ئىشچىلارنى ھەرگىز قوبۇل قىلماسلىقنى بەلگىلىدى»②.

① «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - يىل 2 - ماي سانىدىن.

② «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتىنىڭ 1943 - يىل 14 - ئىيۇل سانىغا بېسىلغان سىچۇەن - شىكاڭ دىن ئېلىنغان خەۋەردىن.

دېمەك، 4 چوڭ ئائىلە ئىشچىلارنى مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدىغان قۇللار قاتارىدا كورۇدۇ. بۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سانائەت بويىچە فېئوداللىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي مونوپولىستلىق سانائىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تارىخىي جەھەتتىن چىرىكلىكىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى بۇيېرىم فېئودال ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەلدە ئەسلىدە دەھشەتلىك بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراپ كەلگەن ئىدى، بۇ بۇلاڭ-تالاڭ يېرىم فېئوداللىق خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ناھايىتى تۆۋەن، ئىش ۋاختى ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى، ئەمگەك سىجىللىقى ھېمىشە رەھىمسىزلىك بىلەن ئاشۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن قوشۇمچە ئەمگىكى تارتىپ ئېلىنىپلا قالماستىن، تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن قىلغان زورۇرىي ئەمگىكىمۇ ھەممە ۋاخ كوپلەپ تارتىپ ئېلىناتتى. جياڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىستلىق سانائىتىنىڭ ئىشچىلارنى مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدىغان قۇللار قاتارىدا كورۇشى ئۇلارنى بۇلاپ-تالىشقا تېخىمۇ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇشنى مەخسەت قىلدى.

ئۇندىن قالسا، 4 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن سانائەتلەر ئاساسەن سپېكۇلاتلىق قىلدىغان سودا شېركەتلىرىدۇر. ئۇلار بىر تەرەپتىن كارخانە نامىدىن پايدىلىنىپ مىللىي سانائەتنى ژۇتۇپ شەخسىي مۇلكىگە ئايلاندۇرۇپ ئالسا، شۇنىڭ

بلەن بللە سودا سپېكولاتتلغنى باي بولۇش كاپالتى قلدى. ژۇقۇرقى باپتا ئاتاغلق گوێجوۋسانائەت شېركتنى ئېيتپ ئوتكەن ئدۇق. ئەمەلىيەتتە «دۇنيادكى قاغلارنڭ ھەممسى ئوخشاش قارا» دېگەندەك بۇ شېركەتلەرنڭ بر-برىدن ھېچقانداق پەرقى قالمدى. مەسلەن: سچۇەن-شكاڭ شڭپې شېركتى «توڭ يېغى، قوي ژۇڭى ۋە قزل قەننى سېتۋېلپ بېسمدارلق قلش ۋە ئالتۇن بلەن سپېكولاتتلق قلش ئشلرى بلەن شۇغۇللاندى... توڭ يېغننڭ ھەر بر توننسنى بازار باھاسى بويىچە 5 مڭ يۈەندن سېتۋېلپ، 100 مڭ يۈەندن ئاشۇرۇپ ساتتدۇ»①. يەنە بر مسال: كۆك شاگشى دوڭسجاڭ بولغان مەركزىي دورا زاۋودننڭ تجارەت بولۇمى نۇرغۇن دورلارنى بېسۋېلپ②، ئۇنى سودا سپېكولاتتلغا ئشلەتتى. 4 چوڭ ئائلننڭ سانائتى بلەن فېئوداللق، كومپرادورلۇق سودا سپېكولاتتلغى خۇددى برتال قزل ژپتەك بر-برگە باغلنپ كەتكەشكە ھەممە ھارام بايلقلار ئۇلارنڭ بولۇۋەدى.

«ئېچننشلق غەلبە» دن بۇيانقى ئەھۋاللار توغرسدا بز يەنە جۇڭگو توقۇمچلق قۇرۇلۇشى شېركتنى مسال قلپ

---

① «شاگۇۋرباۋ» گېزتننڭ 1945-ژل 30-ئاپرېل سانىدن.

② «داگۇڭباۋ» گېزتننڭ 1944-ژل 11-ئاۋغۇست سانىدن.

ئۇتۇمىز، ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئاۋتور بۇنداق دېگەن: ھوكۇمەت ئىگىلىگەندىكى ئىگىرىش فابرىكىسى گوياكى ۋاختى كەلگەندە پايدا ئېلىۋېلىشنى مەخسەت قىلىدىغان ساپ سپېكۇلانتلىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، بۇ شىركەت ئەمىلىيەتتە يەنە چوڭ سودا سپېكۇلانتلىغى شىركىتىدۇر. بۇ ژىل (1946 - ژىل) مايدا بىر گېزىت «جۇڭگو توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى شىركىتى قوشۇمچە كومپرادورلۇق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ماۋزۇ قويۇپ ماقالە يازدى: «مىكىسىكىدىن يېقىندىن بۇيان شاڭخەيگە كەلتۈرۈلگەن پاختا گەزلىمىنىڭ سانى ناھايىتى كوپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتى ساتىدۇ»①. پاختىغا كەلسەك، ئۇ بىر تەرەپتىن ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىدۇ، «ئۇنى ئۆزى ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، يەنە باشقىلارغا ساتىدۇ، دېمەك، ئىككى قولى بىلەن پۇل تەلەپ قىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ»②. ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ژىپنى بولسا، سودا سپېكۇلانتلىغىنىڭ تېخىمۇ ئوتكۇر قورالى قىلىدۇ: «شاڭخەيدە ژىپ ئىشلەپچىقىرىشنى تامامەن جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتى مونوپولىيە قىلىۋالدى، ئەگەر جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتى ژىپ بىلەن تەمىنلەشنى توختۇتۇپ قويۇدىغان بولسا، پۈتۈن پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلىرى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن توختاپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ، پاختا توقۇمىچىلىق

① «گۇڭشاڭ داۋباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 20 - ماي سانىدىن.

② ئۇيۇن چۇنىڭ سۆزى، «جىڭجى جۇباۋ»نىڭ 2 - بولۇم 18 - سانىدىن.

ئىشلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالغانلىقى ئۇلارنى «تىرىلدۈرۈش، ئولتۈرۈش ھوقۇقى» بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ژىپنىڭ باھاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كۆپ پايدا ئېلىشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تولۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تولۇق تەمىنلەشنى خالىمىغانلىقتىن، بازاردا خام ئەشيا (ژىپ) ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپى ھېمىشە ساقلىنىپ كەلدى. ژىپ تەسادىپىي پەيدا بولۇپ قالسا، ھەممەيلەن تالىشىپ سېتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن باھاسى ئۆسۈۋەدى»①. ژىپ باھاسى بىلەن تەننەرخىنىڭ پەرقىغە كەلسەك، ئۇ ئادەمنى چۆچۈتىدۇ: «تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتىدە ھەر تاي ژىپنىڭ تەننەرخى 600 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدۇ، سېتىلىش باھاسى بولسا، بىر مىللىيون بىر يۈز مىڭ يۈەندىن ژۇقۇرى»②.

فاكتلار تولۇق ئىسپاتلىدىكى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق جىنايەتلىك بيۇروكرات كاپىتالى، بۇنداق تامامەن چىرىگەن پارازىت نەرسىدە ھايات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سىلىشتۇرمىسى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ تارىخىي سەھنىسىدىن تېزدىن گۇم بولۇدىغانلىقىنى، ئۇلار مونوپولىيە قى-

① جىڭشى: «پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ كىرىزىسى ناھايىتى ئېغىر». شاڭخەيدە چىقىدىغان «لەنخې ۋەنباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 20-ئىيۇن سانىدىن.

② «مىنجۇشجې» ژۇرنىلىنىڭ 3-توم 4-سانىنىڭ 2-بېتىدىن.

لىنىۋالغان، بىر قانچە فېئودال، كومپرادور، پۇل مۇئامىلە ئۆلـ
گارخلىرىنىڭلا مەنپەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان سانائەت بايلىغىنىڭ
خەلقىنىڭ، پۈتۈن خەلق مەنپەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھۆكۈمەتـ
نىڭ ئىختىيارىدىكى بايلىققا ئايلىنىشىنىڭ لازىملىغىنى كۆرسەتتى.
مىللىي سانائەت ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرى ۋە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ
ۋەيران قىلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار 4 چوڭ ئائىـ
لىنىڭ بيۇروكرات كاپىتالىغا قارىغاندا تارىخىي جەھەتتىن مەلۇم
ئىلغارلىققا ئىگە. بىر ئوچۇم ئۇششاق پارازىتلار ــ تروتسكىچى
باندىتلار، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سانائەت بويىچە بۇنداق فېئودال،
كومپرادورلۇق مونوپولىيىسىنى جىنىنىڭ بىرىچە ماختاۋاتقان بولـ
سىمۇ، لېكىن تارىخ بۇ بىر ئوچۇم پارازىتلارنىڭ ھامان بىر
ئوچۇم پارازىت بولۇپ قېلىۋېرىدىغانلىغىنى ئىسپاتلىماقتا.

6. يېزا ئىگىلىگى بويىچە فېئوداللىق، كومپرادورلۇق ۋە ھەربىي مونوپولىيە

1) مەملىكەت خاراكتېرلىق، ئەڭ چوڭ فېئودال ــ قۇلدار

يېرىم فېئودال ياكى فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە ياكى مۇستەمـ
لىكە ھالىتىدىكى قالاق يېزا ئىگىلىگى ئىمپېرىيالىستلار ۋە 4چوڭ

فېودال، كومپرادور ئائىلىنىڭ بۇلاڭچىلىغىنىڭ ئاساسدۇر.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ هوكۇمرانلىغى باشلانغاندىن كېيىن، جۇڭگودا ئىجارىكەش دىخانلار تېز سۈرئەت بىلەن كوپەيدى. گومىنداڭ هوكۇمىتى قۇرغان مەركىزىي دىخانچىلىق تەجربە خانىسىنىڭ ئوزىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1912 - ژىلدىن 1939 - ژىلغىچە مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە هېساپلىغاندا ئىجارىكەش دىخانلار ئاهالىنىڭ 28% دىن 38% ىگە، يېرىم ئىجارىكەش دىخانلار بولسا 23% دىن 27% ىگە كوپەيگەن (1937 - ژىلدىن 1939 - ژىلغىچە بولغان سان گومىنداڭ هوكۇمرانلىغىدىكى 15 ئولكە بويىچە ئوتتۇرىچە هېساپلانغان - ئاۋتوردىن). لېكىن بۇنداق ئوتتۇرىچە سان ئەمەلىيەتتە ئابستراكت سان بولۇدۇ: چۇنكى، يېرى ئەڭ هوسۇللۇق جايلاردا ئىجارىكەش دىخانلارنىڭ كوپۇيۇشى تېخىمۇ كوپ. مەسىلەن: سىچۇەن ئولكىسىنىڭ چىڭدۇ، شىڭدۇ ناهىيىلىرىدە ياپون ئىمپېريالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۇرۇشكە قارىغاندا، ئىجارىكەش دىخانلارنىڭ نىسبىتى 70% دىن ئېشىپ كەتكەن، شەرقىي سىچۇەننىڭ باشەن، جاڭبېي ناهىيىلىرىدە ئىجارىكەش دىخانلارنىڭ نىسبىتى 80% گە يەتكەن بولسا كېرەك①. ئىجارىكەش دىخانلارنىڭ بۇنداق كوپۇيۇشى — يەرنىڭ مەركەزلىشىشى بىلەن توغرى

① جۇڭگو دىخانلار بانكىسىنىڭ: «سىچۇەندە ئىجارە تۇزۇمى» دېگەن تەكشۇرۇش دوكلادىنىڭ 3 - بېتىدىن.

تاناسىپ بولۇدۇ، ئۇ، يەرنىڭ مەركەزلەشكەنلىگىنىڭ نەتىجىسى-
دۇر، مەسىلەن: چىڭدۇ تۈزلەڭلىگىدە 8% پومېشچىك 80% يەرگە
ئىگە بولۇۋالغان، چۇڭچىڭدە ئاھالىنىڭ 2% ىنى تەشكىل قىلغان
پومېشچىكلار 95.6% يەرگە ئىگە بولۇۋالغان ۋە ھاكازا[1]. يەرنىڭ
مەركەزلىشىش سۈرئىتى توغرىسىدا، يەنە «سىچۈەن ئۆلكىسىنى
مىسال قىلىمىز: 1937 - ژىلىدىن 1941 - ژىلىغا قەدەر بولغان 5 ژىل
ئارىلىقتا بۇ ئۆلكىدىكى پومېشچىكلارنىڭ يەر مۈلكى 69 - 70%
ئاشتى، شىكاڭدا بولسا 69 - 73% ئاشتى»[2]. يەرنىڭ بۇنداق تېز
سۈرئەت بىلەن مەركەزلىشىش جەريانى بىلەن بىللە ئەكسى ئەت-
كەن نەرسە — يەر ئىجارىسىنىڭ زور دەرىجىدە كوپەيگەنلىگىدىن
ئىبارەت. ئەسلىدە جۇڭگو دىخانلىرىدىن پومېشچىكلارنىڭ تار-
تىپ ئالىدىغان ئىجارىسى ناھايىتى قورقۇنۇشلۇق ھالدا ئىدى.
كوپ ۋاختىدا يەر ئىجارىسى دىخانچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ 50%،
60%، 70% ياكى 80% ىگە يېتىپ باراتتى. جۇڭگونىڭ يېزا ئىگى-
لىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى فېوداللىق تۈزۈم ئاستىدا توۋەن-
لەپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئومۇمەن قوشۇمچە ئەمگەكنىڭ مىق-
دارى ناھايىتى ئاز ئىدى، يەنى ئادەتتە 10% ياكى 15 - 20%

---

① «سىچۈەنىنىڭ يەر مەسىلىسى» - «شىڭچۇ باۋ» گېزىتىنىڭ 1944 - ژىل 15 - ئىيۇن سانىدىن.

② شاڭخەيدە چىقىدىغان ئەنگىلىزچە «دالۇباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 19 - ئاۋغۇست سانىدىكى مەخسۇس ماقالىسىدىن.

ئىدى، يەر ئەڭ ئوبدان بولغان شەرت ئاستىدىمۇ 50% چامىسىدا بولاتتى، لېكىن ياخشىراق يەرلەرنىڭ ئىجارىسى ئادەتتە بەك ئۈستۈن بولاتتى. شۇڭا، يەر ئىجارىسى بىلەن قىلىنغان بۇنداق بۇلاڭچىلىقنىڭ كولەمى ناھايىتى زور بولۇپ، دېھقانلارنىڭ قو- شۇمچە ئەمگىكىنىڭ ھەممىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇر- مۇشىنى قامداش ئۈچۈن قىلىنغان زورۇرىي ئەمگىكىنىڭ مەلۇم قىس- مىمۇ، ھەتتا كوپ قىسمى تارتىپ ئېلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا فېئودال - پومېشچىكلارنىڭ بايلىقى ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى، جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا، بۇنداق يەر ئىجارىسى بىلەن ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىش تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، مەسىلەن: «مىنگونىڭ 22 - ژىلى گۇاڭدۇڭ ئولكىسىدە چىققان «تەيسەن ناھىيىسىنىڭ ژىللىق مەمۇرىي ئەخباراتى» دېگەن ژۇر- نالنىڭ يېزىشىچە؛ 5 ژىل ئىچىدە شۇ ناھىيىدە ھەر مو بىرىنچى يەرنىڭ ئىجارىسى 20 يۈەندىن 30 يۈەنگە چىقىرىلغان، يەنى 50% كوپەيتىلگەن» ①. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇ- رۇش جەريانىدا، مەسىلەن: سىچۇەن ئولكىسىنىڭ بىر ناھىيىسىدە 27 ئويلۇك ئىجارىكەش دېھقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 1938 - ژىلدىن 1944 - ژىلغىچە بولغان ئىجارە مىقدارىنىڭ ئوسۇش كورسەتكۈچى

① «جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 565- بېتىدىن.

100%دىن 4%، 181كە يەتكەن ①. جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ ئىدا- رىسىدىكى باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ئەھۋالمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنىڭ فېودال بۇلاڭچىلىغىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەنلىگىنى كورسۇتۇدۇ.

يەرلەرنىڭ بۇنداق فېوداللىق، قۇللارلىق ئاساسىدا مەركەز- لەشتۈرۈلۈشى ۋە ئېكسپلوئاتاتسىيىنىڭ كۈچەيتىلىشى چوڭ پۇل مۇئامىلە كومپرادورلىغىنىڭ مەركەزلىشىشى بىلەن ۋە ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىگى جەھەتتىكى ھەركەتلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا، جايلاردىكى يېڭى، كونا پومېششىك- لارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى ناھايىتى ئوتكۇرلەشتى. كونا پومېششىكلار قەدەممۇ- قەدەم ھالاك بولدى، يېڭى پومېششىكلار تېزدىنلا ئۇستۇنلىككە ئىگە بولۇۋالدى. 1935- يىلى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ 10 ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يېڭى پومېششىكلار 31%نى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار پومېش- شىكلارنىڭ ئىگىدارچىلىغىدىكى يەرلەرنىڭ 90%ىگە ئىگە بولۇۋال- غان، كونا پومېششىكلار 69% نى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار 10%يەرگە ئىگە بولغان. بۇ تىپىك مىسال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كونا پومېششىكلار «يەرلىك بايلار» دەپ ئاتالدى. يېڭى پومېش- شىكلار تەركىۋىدىكىلەرنىڭ كوپ قىسمى گومىنداڭنىڭ 4 چوڭ

① گەن يىڭ «تەكشۈرۈش، ئوگىنىشتىن ئالغان ئازغىنا تەسىراتىم» - «شىنخۇا ژىباۋ» گېزىتىنىڭ 1954 - يىل 2 ئىيۇن سانىدىن.

كومپرادور، پۇل مۇئامىلە ئۇلىگارخلىرىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى بىلەن بىرلەشكەن ھەم سپېكۇلاتسىلىق قىلىنىدىغان بازارلاردا بىۋا-سىتە ھەركەت قىلالايدىغان، چەتئەل پۇرىغى كىلىپ تۇرۇدىغان يېگى بايلار بولۇپ ھېساپلاندى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئەمەلدار-لىرى، مىلىتارىستلىرى ۋە شايىكىلىرى بولۇپ، ئۇلار سىياسىي ھاكىمىيەتكە تايىنىپ يەرلەرنى تارتىۋالدى ۋە كونا پومېششىكلارنى بېسىپ تاشلاپ، 4 چوڭ ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى فېودال، كومپرادورلار ھوكۇمرانلىغىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي تايانچىسىغا ئاي-لاندى ھەم ئۇلار 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى مىڭگودىن بۇيانقى ئەڭ مۇستەبىت فېودال خاندانلىققا ئايلاندۇردى.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ يېزا، شەھەر ياكى مۇھىم قاتناش يوللىرىدا ۋە پورتلاردا بىۋاستە قارايدىغان چوڭ يەر مۇلۇكلىرى بولغاندىن تاشقىرى، تېخىمۇ توغرى قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار مەملىكەت خا-راكتېرلىق، ھەممىدىن ژۇقۇرى تۇرۇدىغان، ئەڭ زور پومېششىك-لاردۇر. جۇڭگونىڭ فېودالىزم دەۋرىدە «جاھاندىكى ھەممە يەر پادىشانىڭ»دەيدىغان خۇراپىي سوز بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ «پادىشا» جياڭ كەيشىدۇر، بىر تەمسىل بىلەن ئېيتقاندا، مەم-لىكەتنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكى پومېششىكلار 2 ـ ياكى 3 ـ خو-جايىن بولۇدىغان بولسا، 4 چوڭ ئائىلە مەملىكەت خاراكتېرلىق چوڭ خوجايىندۇر، جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدىكى بارلىق دىخانلار، جۇملىدىن ئىجارىكەش، يېرىم ئىجارىكەش

دىخانلار ۋە ئۆز ئالدىغا تىرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلار ئەمەلىيەتتە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىجارىكەشلىرى بولۇپ قالدى. 4 چوڭ ئائىلە ئۇلارنى پۇل مۇئامىلە، سودا ـ سېتىق ۋە سانائەت جەھەتتە بۇلاپ ـ تالاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلاردىن «يەر ئىجارىسى» ئالدۇ. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىجارە ئېلىش ئۇسۇلى باج ئېلىش شەكلىدە بولۇپ، بەزىلىرىنى دىخانلاردىن بىۋاسىتە ئالدۇ، بەزىلىرىنى يەرلىك پومېششىكلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئالدۇ، ئەمما كۆپ ۋاختىدا بىرىنچى خىل ئۇسۇل ئاساسىي ئورۇننى تۇتۇدۇ. 4چوڭ ئائىلىگە خىزمەت قىلىدىغان ھەربىي قوشۇنلار، ھەر دەرىجىلىك چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ۋە «تۇخاۋ، لىشىنلار» ـ 4چوڭ ئائىلىنىڭ ئىجارە ژىغىدىغان «ئىش باشقۇرغۇچىلىرى» ۋە «دوغىلىرى»دۇر.

ھەممىگە مەلۇم، ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى، جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا، دىخانلار ئۈستىدىكى بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق باجلار بۇرۇنقىغا قارىغاندا ناھايىتى ئېغىرلاشقان ئىدى. تۈرلۈك باج، ئالۋاڭ ـ ياساقلارنىڭ نامى كۆپ ۋە ھەر خىل ـ ھەرشەكىلدە ئىدى، خىيانەتچىلىك بىلەن قۇرساق بېقىشمۇ ناھايىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. «بوك نىڭ 1929 ـ ژىلدىن 1933 ـ ژىلغىچە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا، ئىسمى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان 188خىل باج بار. جوڭگودا ئېنىگلىزچە

مـو ھېساۋىدا ھەر مو يەردىن ئالىدىغان باج نورمىسى 6 يۈەن 34 پۇڭ ياكى 1 دوللار 79سېنت. ئامېرىكىدا بولساھەر مو يەرگە 46 سېنت باج تولۇنۇدۇ»①. قوشۇمچە پاراقنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسلى پاراقا قارىغاندا 10 باراۋەر ئېشىپ كەتتى. دېمەك شەكـلىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇپ نۇرغۇن يەر ئىجارىسى ئېلىنىدۇ. (مەنـچىڭ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر قوشۇمچە پاراق رەسمىي باجنىڭ $\frac{1}{12}$ دىن ئاشمىغان ئىدى، چوڭ ئائىلە ھوكۇمرانلىقـنىڭ بۇلاڭچىلىقى مەنچىڭ خاندانلىقى ۋە شىمال مىلىتارىستـلىرىدىن كوپ ئېشىپ كەتتى). بۇنىدىن تاشقىرى، دېخانلار ئۇسـتىدە مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىش، ئەسكەر بولۇش ۋە ئۇلارنىـڭ يەرلىرىنى ھەقسىز ئېلىنىۋېلىشقا ئوخشاش تۇرلۇك ئېغىرچىلىقلار بار ئىدى. بۇ يەردە ھازىرچە ئۇنى ھېساپلىماي، ياپون ئىمپېـرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇيانقى ئەھۋال ئۇسـتىدىلا توختۇلۇمەن.

ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەرياـنىدا، 4 چـوڭ ئائىلە «پاراقا ئاشلىق ئېلىـش»نى ئۆزلىرىنىڭ ئىجارە ئېلىش شەكلى قىلىشقا باشلىدى. بىر يولداشنىڭ تەكـشۇرۇشىگە قارىغاندا: «31 ـ ژىلى، ئەگەر پاراق ئېغىرراق بولغان سىچۇەن ئولكىسىنى مىسال قىلغاندا: ھەر مو شالىلىقتىن ئېلىنـغان

① ئۇۋۇنخۇي: «جوڭگو يېزا ئىگىلىگى مەسىلىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھـۋالى» ـ «شىڭ جىڭجى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ توم 10 ـ ساندىن.

ئوتتۇرىچە مەھسۇلات 4 دەن بولسا ، پاراق ، سېتىپ بېرىش ، ناھىيىلىك قوشۇمچە پاراق ، يەرلىك ئىبھتىيات ئاشلىغى ۋە گومىنداڭ ھوكۇمىتى پاراق ئېلىشتا ئوشۇق ئېلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن 15% «چىقىم»غا تولەيدىغان ئاشلىق قوشۇلۇپ 2 دەن 3 دۇ 8 شىڭ بولىدۇ . دېمەك ھەر مو شاللىقنىڭ ھوسۇلىنىڭ 59،5% نىنى گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئېلىپ كېتىدۇ . خۇنەن ئولكىسىدە ھەر مو يەر ئۈچۈن تولۇنىدىغان ژۇقۇرىدىكى باجلار توغرىسىدا كول ئەتراپىدىكى 10 ناھىيىنى مىسال قىلغاندا ، بۇ باجلار ھوسۇلىنىڭ 52،79% تەشكىل قىلىدۇ . يۇننەن ئولكىسىدىمۇ 49%كە يەتتى . بۇنىڭدا 1942–ژىلىدىكى سانغا تۇرلۇك ئالۋاڭ – ياساقلار ۋە باج ئالغۇچىلارنىڭ ئوشۇق ئېلىپ يانچۇغىغا سالغانلىرى كىرمەيدۇ...»[1] . خۇددى بىر ئاۋتورنىڭ يازغىنىدەك : پاراققا ئاشلىق ئېلىش ۋە ئالدىن قەرز ئېلىش سېلىقلىرى نامدا يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا تېگىشلىك بولسىمۇ ، ئەمىلىيەتتە بۇ سېلىقلار بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ، قىسمەن ياكى تولىغى بىلەن دىخانلار ئۈستىگە چۈشتى . چوڭ پومېششىكلار ئوزلىرىنىڭ سېلىغىنى ئوتتۇرا ، كىچىك پومېششىكلارغا ۋە دىخانلارغا ژۈكلەپ قويىدى ، ئوتتۇرا ، كىچىك پومېششىكلار بولسا ئوزلىرىنىڭ بىر قىسىم سېلىغىنى ئىجارىكەشلەرگە ژۈكلەپ قويىدى ....

[1] لىۋمىنفۇ : « گومىنداڭنىڭ پاراق ئېلىش سىياسىتى ئاستىدا خەلق سېلىغى ۋە ئاشلىقنىڭ زايا بولۇشى» .

سىچۇەندىكى چوڭ پومېشچىكلارنىڭ پاراق تولەيدىغانلىرى ئۇلارنىڭ يېرىنىڭ يەتمىشىمۇ ... (شاڭخەيدە چىقىدىغان «خوپىڭ ژىباۋ» گېزىتىنىڭ 11 - ئىيۇن سانىدىكى باش ماقالىسىغا قارالسۇن)، لېكىن سىچۇەندە تاپشۇرۇلىدىغان پاراقنىڭ ئۇمۇمىي سانى ئاۋالقىدەك بولىۋەدى، بەلكى بەزىدە ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق چوڭ، كىچىك پومېشچىكلار ھوكۇمەت پاراقنى ئاشۇردى، دېگەن بانا بىلەن بەر ئىجارىسىنى جىنىنىڭ بىرىچە ئوستۇردى. ئىلگىرى ئىجارىگە پۇل ئالىدىغانلىرى ئاشلىق ئالىدىغان بولدى. رەسمىي ئىجارىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرغاندىن باشقا، زالۇك ۋە قوشۇمچە ئىجارىنىڭ مىقدارىنىمۇ ئاشۇردى. 1941 - ژىلدىن باشلاپ پاراقتا ئاشلىق ئېلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئارقا سەپتىكى ئولكىلەرنىڭ ھەممە يېرىدە ئىجارىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىجارە مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ماجرالىرى چىقتى. ئادەتتىكى پومېشچىكلارغا قوشۇلغان پاراقنىڭ بىر قىسمى ياكى پۈتۈن قىسمى مۇشۇ يول بىلەن ئىجارىكەش دېھقانلار ئۇستىگە ژۈكلەندى»[1].

«ئېچىنىشلىق غەلىبە»دىن كېيىن، جياڭكەيشى: 1945 - ژىلى «قايتۇرۇپ ئېلىنغان رايونلار»دا، 1946 - ژىلى

---

[1] ۋاڭيىڭسىڭ: «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق كرىزىسىدا پاراقتا ئاشلىق ئېلىنىشى ۋە قەرز ئېلىنىشى»، «ۋىنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 8-ئىيۇل سانىدىن.

«چوڭ ئارقا سەپ»تە بىر ژىل پاراق ئېلىنمايدۇ، دېگەن ئىدى.
كورۇڭلار! بۇ چوڭ فېودال ـ قۇلدارنىڭ شەپقىتىنى! بىراق، بۇ
چوڭ فېودال ـ قۇلدارنىڭ «سادىقەتلىك، ھۆرمەتلىك، ۋاپادار-
لىق، مېھرىبانلىق، راستلىق، ئىنساپلىق، ئىتتىپاقلىق، باراۋەر-
لىك» دېگەن ئەخلاقى «پاراق ئالماسلىق» دېگەن بۇيرۇغىنىڭ
ئارقىسىغا «يەنە چىڭ تۇتۇپ بولاڭلار!» دېگەن بىر بۇيرۇغىنى
قوشتى. 1945 ـ ژىلى «قايتۇرۇپ ئېلىنغان رايونلار» (4 چوڭ
ئائىلە يېڭىدىن بويسۇندۇرغان رايونلار) دا، «نامىدا بىر ژىللىق
پاراق ئېلىنمىدى دەپ شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە
ناھىيەلەرنىڭ خېلى كۆپچىلىگىدە مەجبۇرىي ئانە قىلدۇرۇلغان پۇل
ۋە ئاشلىقنىڭ سانى شۇ ژىلى ئېلىنمىغان پاراقتىن ئېشىپ كەتتى،
شۇنىڭدەك ئەيمەنمەستىن ئالۋاڭ چېچىش، ئادەم تۇتۇش ۋە
ئۇلارنىڭ مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىش ئارقىسىدا ھېچقانداق مەخ-
لۇق جېنىنى سىغدۇرالمىدى①. 1946 ـ ژىلدىكى «چوڭ ئارقا
سەپ» تىچۇ؟ «پاراققا ئاۋالقىدەك ئاشلىق ئېلىندى ۋە ئۇنىڭ
ھېساۋىغا قەرز ئېلىندى، بەلكى پاراقنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ
بولدى. يەنى پاراق ئۈچۈن ئېلىندىغان ھەربىر يۈەن ھېساۋىغا
4 دۇ شال ئېلىش، يەنە 4 دۇ قەرز ئېلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە 30%
ھۆكۈمەت ئاشلىغى قوشۇپ ئېلىش بەلگىلەندى. دېمەك ھەر

① سارنۆي: «پاراققا ئاشلىق ئېلىش مەسىلىسى»، «ۋېنخۇيباۋ»
گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 26 ـ ئىيۇل سانىدىن.

يۇەنگە ئېلىنىدىغان شال 9 دۇ 2 شىڭ بولۇپ، 5 دۇ دىن كوپرەك گۇرۇچكە توغرى كەلدى. بۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىركى پاراقىنىڭ مىقدارىدىن 4 ھەسسىدىن كوپرەك ئاشتى، بەلكى ئۇرۇش ۋاختىدىكى سىلىقتىنمۇ ئېشىپ كەتتى» ① 1946 - ژىلى «قايتۇرۇپ ئېلىنغان رايونلار» «شەپقەت»تىن «چەتتە» قالمىغان ئىدى: «جياڭسۇ، جېجياڭ ئولكىلىرىنىڭ پاراقتائەڭ مۇھىم ھېساپلانغان جايلىرىدا، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەرنىڭ پارىغى تۇرلۇك قوشۇمچە باجلار قوشۇلۇپ تەخمىنەن بىر يۇەن 40 فۇڭ ئوپچورىسىدە بولۇپ كەلگەن ئىدى، شۇ ۋاختىدىكى گۇرۇچ باھاسىغا سۇندۇرۇلغاندىمۇ ھەر مو يەر ئۇچۇن 1 دۇ 5 شىڭدىن 2 دۇغىچە گۇرۇچ ئېلىناتتى. ئەمدىلىكتە ھوكۇمەت ئاشلىغى ۋە ئېھتىيات ئاشلىغىغا ئوخشاش تۇرلۇك نەرسىلەر قوشۇلۇپ ھەر مو يەر ئۇچۇن 6 دۇدىن كوپرەك گۇرۇچ ئېلىنىدۇ. پاراقنى بۇنداق شەكىلنى ئوزگەرتىپ كوپەيتىش بىلەن قوشۇلغان سان يەر ئىجارىسىدىن قىلىنىدىغان كىرىمدىن ئېشىپ كېتىپلا قالماستىن (خەينىڭ، جاشىڭ ناھىيىلىرى ئەتراپىدىكى نۇرغۇن جايلاردا مو بېشىغا 3 - 4 دۇ گۇرۇچ ئىجارە ئېلىناتتى)، بەلكى دىخانلارنىڭ ژىل بويى ھايۋانلارچە ياشاپ تاپقان ئەمليي دارامىتىدىن ئېشىپ كەتتى (ھەر مو يەرنىڭ ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن

① چىڭ ليۇفاڭ: «يېزىلاردىكى ھازىرقى قۇتقۇزۇش مەسىلىلىرى»- «ۋىنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946- ژىل 15- ئىيۇل سانىدىن.

بىردەن 5 دۇ دىن ئاشمايدۇ ، بۇنىڭدىن پاراققا ئېلىنىدىغان ئاشلىقنى چىقىرىۋەتكەندە قالغىنى ئوغۇت بىلەن ئادەم كۆچىگە كەتكەن چىقىمغىمۇ يەتمەيدۇ) ①.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ «سېتىۋېلىش» دېگىنى مۇتلەق كۆپچىلىك جايلاردا مۇسادىرىدىن ھېچقانداق پەرقى بولمىدى. بىر قوشاقتا بۇنداق يېزىلغان: «بازارغا چىقسا بىردەن ئاشلىق، ھەممە ئالىدۇ ئون مىڭغا؛ ھۆكۈمەتنىڭ كارى يوق، ئاران ئالىدۇ ئىككى مىڭغا» ②. ئەمىلىيەتتە بۇمۇ «ياخشى» ھېساپلىنىدۇ. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ «بەزى ناھىيىلىرىدە، ناھىيە باشلىقىدىن يېزا باشلىقى ۋە باۋجاڭغىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشلىق سېتىۋالىدىغان ۋە پۇل ئالىدىغان بولدى، دېھقانلارغا بىر تىيىن بەرمەيدۇ، نامدا بىر يۈەن «فابى» پۇلغا 2دۇ ئاشلىق ئېلىنىدۇ، دېيىلسىمۇ، ئەمىلىيەتتە دېھقانلار بىر يۈەن «فابى» ھېساۋىغا 12 دۇدىن كۆپرەك ئاشلىق تۆلەيدۇ» ③. «ئېچىنىشلىق غەلىبە»دىن

---

① سارىنۋېي «پاراققا ئاشلىق ئېلىش مەسىلىسى» «ۋېنخۈيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 26- ئىيۇل سانىدىن.

② تۇگىشىنىڭ: «پاراققا ئاشلىق ئېلىش كىسىلى توغرىسىدىكى خەلق قوشاقلىرى» «ۋېنخۈيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 9 - ئىيۇل سانىدىن.

③ : «لى شۈەخۈەي «جياڭشى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» - «جۇڭگو لۇڭسۇڭ» ژۇرنىلىنىڭ 8 - توم 8 - سانىدىن.

كيينن، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ كۇڭشەن ناھىيىسىدە «بىر دەن ئاش- لىقنىڭ باھاسى بۇ ژىل 50مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ھەر بىر دەن ئاشلىقنىڭ باھاسى نامدا 13مىڭ يۈەنگە ئۇستۇرۇلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە 5 مىڭ يۈەندىن پۇل بېرىلدى. شۇڭا، دىخانلاردىن ئالغان ئاشلىق ھېساۋىغا بەرگەن پۇلى ئۇنىڭ بەدە- لىنىڭ $\frac{1}{10}$ىگە يەتمەيدۇ. پۇتۇنلەي ئاندىن ھېچقانچە پەرقى يوق. سېتىۋېلىش ئۇسۇلىغا كەلسەك، دەسلەپتە گۇرۇچ سودى- گەرلىرىدىن تەخمىنەن بىر نەچچە مىڭ جىڭ سېتىۋېلىنغاندىن تاشقىرى، قالغىنى يەرگە قاراپ ئالۋاڭ قىلىپ چېچىلدى، يەنى ھەرمو يەرگە 6 شىڭدىن توغرى كېلىپ، مەيلى ئوز يېرى ياكى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان يەر بولسۇن، ھەممىسىنى دىخانلار تولدى...»①. «قەرز ئېلىش» دېگىنى سوزسىز مۇسادىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

4چوڭ ئائىلىنىڭ «دوغىلىرى»—غوجاملارنىڭ چوڭ دۇدا ئېلىپ، كىچىك دۇدا تاپشۇرغانلىغى، دىخانلارنى تۇرلۇك دەھشەتلىك يوللار بىلەن قاخشاتقانلىغى ۋە قىيىنچىلىقتا قوي- غانلىغىنى، دىخانلارنىڭ ئاشلىق توشۇشتا كەتكەن كىرا ھەققى ۋە تاماق پۇلىنى ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ ھېساپ- لىغاندا، دىخانلار ئۇستىگە چۇشكەن سېلىقنىڭ ھېساۋىنى چى- قىرىش تېخىمۇ تەس.

① «شىڭخۇن باۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 25 - ئىيۇن سانىدىن.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق ئىجارە ئېلىش ۋە مۇسادىرە قىلىش ئۇسۇللىرى دېخانلارنى دەھشەتلىك بۇلاڭچىلىققا ئۇچرۇتۇپلا قالـ ماستىن، بەلكى بەزى پومېششىكلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك پومېشـ شىكلار بىلەن قارىمۇ ـ قارشى كېلىپمۇ قالدى. چۈنكى مەلۇم شارائىتتا 4 چوڭ ئائىلە ئۇلارنىڭ ئاۋالقى يەر ئىجارىلىرىنى تارتىپ ئېلىشى ئېھتىمال ئىدى ھەم ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلىنغان ئىدى، ھەتتا گومىنـ داڭنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ھوقۇقسىز ۋە كۈچسىز پومېششىكلارنىڭ يەر ئىجارىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتىـ ۋالدى. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ «فۇياڭ ناھىيىسىدە مەلۇم بىر پومېشـ شىكنىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئالغان ئاشلىقى 800 دەندىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى پاراققا تولىگەندىن تاشقىرى يەنە 100 دەن كېمىيىپ قېلىپ، ئۇنى ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى سېتىپ تولدۇرۇپ بەرگەن»①. 4 چوڭ ئائىلە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ كۈگشەن ناھىيىـ سىدىكى «دېخانلارنى شىلىپ ھالسىزلاندۇرۇپ قۇرۇق ئۇستىـ خان قىلىپ قويغاندىن كېيىن، نىشانىنى پومېششىكلارغا يوتكىـ دى. يەنى سېتىۋېلىشقا باشقىدىن چارە ئىزدەش ئۈچۈن، پوـ مېششىكلارغا ھەربىي ئاشلىق خىراجىتى ھېساۋىغا ھەر مو يەر ئۈچۈن 300 يۈەن «فابى» تولەشنى ھەم پومېششىكلار ئۆزى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى، ئەگەر يوشۇرۇپ تىزىمغا ئالدۇرمىغانلار بولۇپ، تەكشۈرۈپ تېپىلسا ھەر مويەرگە 1000 يۈەندىن جېرىمانە

①سارنۋېي: «پاراققا ئاشلىق ئېلىش مەسىلىسى».

قويۇلۇدىغانلىغىنى تەكىتلەپ بۇيرۇق چىقاردى»[1] 4 چوڭ ئائىلە-فېئوداللىق يەر تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ياۋۇز ھامىيسىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىختىسادىي جەھەتتىكى مونوپولىيچىلىگى، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ھەممە مەنپەئەتلىرىنى مونوپولىيە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، ئۇلار يەرلىك خاراكتېردىكى ئوتتۇرا، كىچىك پومېشچىكلار، ھەتتا بەزى چوڭ پومېشچىكلارغا نىسبەتەن يەكلەش ۋە يۇتۇش خاراكتېرىدا بولدى، بەلكى بۇمۇ دەھشەتلىك، رەھىمسىز بولدى.

4 چوڭ ئائىلە ئىجارىگە ھېساپلاپ ئالغان ۋە مۇسادىرە قىلغان ئاشلىقنىڭ كۆپ قىسمىنى قاراڭغۇ بازاردا سپېكۇلاتسىيە قىلدى-غان تۇۋارغا ئايلاندۇرۇش بىلەن تېخىمۇ نۇرغۇن سودا پايدى-سىغا ئىگە بولدى، شۇنىڭ ئارقىسىدا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بايلىغى دومىلىغانسىرى يوغىناۋەردى؛ ئۇنىڭ بىر قىسمىنى جياڭكەيشى ئارمىيىسىنىڭ تەمىناتىغا ئايلاندۇردى؛ يەنە بىر قىسمىنى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھەر قاتلامدىكى يالاقچىلىرى يەپ كەتتى. جياڭكەيشى ئارمىيىسىگە سەرپ قىلىشتا، خەلقنى بېسىش ۋە ئەكسىلئىنقىلا-ۋىي ئىچكى ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش بىلەن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىيە ئاساسىدىكى مۈلكىنى قوغداش مەخسەت قىلىندى؛ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ يالاقچىلىرىغا سەرپ قىلىشتا، بۇ يالاقچىلارنىمۇ

---

[1] «شىڭگۇسەن باۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 25-ئىيۇن سانىدىكى «دۇجېيزىشىڭ» دىگەن ماقالىدىن.

بىر ئاز پايدىغا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى 4 چوڭ ئائىلىگە تولۇق «سادىق» ۋە «ۋاپادار» قىلىش كوزدە تۇتۇلدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئېلىنغان ئاشلىق 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئالىدىغان ئىجارىسىنىڭ بىر قىسمىلا بولدى. جياڭ كەيشى ئىدارىسىدىكى رايونلاردا «ھازىرقى ۋە ئوتكەنكى زامانلاردا كورۇلمىگەن ئاجايىپ ئىشانلار» ۋە «مىنگونىڭ خىلمۇ خىل باجلىرى» ياپون ئىمپىريالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئازايمىدىلا ئەمەس، بەلكى بارغانسىرى كوپەيدى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ خىللىرى چىقتى. مەسىلەن: سىچۇەن ئولكىسىنىڭ يېزىلىرى ھەر ژىلى پاراقتا ئېلىنىدىغان ۋە قەرز ئېلىنىدىغان ئاشلىق سېلىغىنى تولىگەندىن باشقا، «يەنە 100 نەچچە خىل ئالۋاڭ توليەيدۇ... چۇڭچىن ئەتراپىدىكى بىر قانچە ناھىيىلەرنىڭ يېزىلىرى توليەيدىغان تۇرلۇك غەيرىي رەسمىي ئالۋاڭ، باجلار ئىچىدە يېزىلىق مەھكىمىنىڭ ئىدارە خىراجىتى، يېزىلىق مەھكىمىدىكى ئوفىتسىر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تاماق پۇلى، «باۋ» ئىشخانىسىنىڭ ئىدارە خىراجىتى، مۇھاپىزەت ئوددىلىنىيىسىنىڭ ماائاشى؛ شۇيەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملارنىڭ كوكتات خىراجىتى، ئاتلىرىنىڭ ئوت، بوغۇز پۇلى، كازارمىلىرىنىڭ ماتېريال خىراجىتى، مىلتىق - ياراقلىرىنىڭ رېمونت خىراجىتى، ئالاھىدە مۇھاپىزەتلەر خىراجىتى، ياپون ئىمپىريالىزمىنىڭ تە-

جاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششىش ئۇچۇن ئەسكەر بولىغانلار-
نىڭ ئائىلە تاۋابىاتلىرىنى كۇتۇۋېلىش خىراجىتى، ئەسكەرلىككە
ئېلىنغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى، «باۋ» بويىچە
ئېچىلغان مەكتەپلەرنىڭ جاھاز پۇلى، ئوت ئوچۇرۇش ئەترى-
دىنىڭ تاماق پۇلى، ئېھتىيات ئاشلىغى ۋە ئانە توپلاش خى-
راجىتى؛ ئاۋىاتسىيە خىراجىتى، ئايروپىلان چىقىمى، ۋەتەن
قۇتقۇزۇش ئىانىسى، ۋەتەن قۇرۇلۇش ئىانىسى ۋە تۇرلۇك ئى-
انىدىن ئىبارەت 23 خىل باج-ئالۋاڭ بار. بۇ تېخى بىر قە-
دەر مۇقىملاشقانلىرى. بۇنىدىن باشقا، يېزا، كەنتلەردە باۋ-
جاڭ، جاجاڭلارنىڭ توي-توكۇنى، ئولۇم-يېتىمى، ھېيت-
بايراملىرى ئۇچۇنمۇ ئوزۋاختىدا ئالۋاڭ چېچىلىپ تۇرۇدۇ» ①.
بۇنداق ئاجايىپ ئانە ۋە خىلمۇ-خىل باجلاردىن قانچىسى-
نىڭ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ قولىغا، قانچىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەر دە-
رىجىلىك قۇللىرىنىڭ قولىغا چۇشۇپ كەتكەنلىگىدىن قەتئىي
نەزەر، ئۇنى دىخانلار ھېمىشە ئوزلىرىنىڭ ھەممە نەرسىلىرى
بىلەنمۇ تولەپ تۇگۇتەلمەيدىغان ھالغا يەتتى. مەجبۇرىي ئىشلىتىش،
ئەسكەرلىككە تۇتۇش، مەدىكار چېچىش، يەرلەرنى ھەقسىز ئې-
لىپ ئىشلىتىش ئەھۋاللىرىغا كەلسەك، بۇلارمۇ ياپون ئىمپېرىالى-
زمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالغا سېلىش-
تۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

① چوڭچىندە چىقىدىغان «دا گوڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 11-
ئىيۇن سانىدىن.

2) مەملىكەت خاراكتېرلىك، ئەڭ چوڭ جازانىخور

4 چوڭ ئائىلە مەملىكەت خاراكتېرلىك ئەڭ چوڭ پومېششىكلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاختىتا مەملىكەت خاراكتېرلىك ئەڭ چوڭ جازانىخوردۇر.

جۇڭگو دېخانلىرى تۇگۇمەس، پۈتمەس زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقـتىن، ئۆزلىرىنىڭ ھـاياتىـنى ساقلاش ئۈچۈن جازانـىخورلارغا تەلمۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلـگىرى، مەركىزىي دېخـانچىلىق تەجرىبە خانىسىنىڭ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە پۇل قەرز ئالغان دېخان ئائىلىلىرى ئۇمۇمىي دېخان ئائىلىسىنىڭ 56% نى، ئاشلىق قەرز ئالغان دېخان ئائىلىلىرى بولسا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 48% نى تەشكىل قىلغان. شۇنىڭـدەك «سىچۈەندىكى جۇڭـگو بانكىسىنىڭ 1 مىڭ 556 ئويلۇك دېخانلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئۇلاردىـن قەرزدارلـىرى 61% بولۇپ چىققان. ئۇلاردىن يېرى 30 مودىن تۆۋەنلىرىمۇ 61% دىن كۆپـرەك ئىكەن. بۇندىن تاشقىرى، ئالاھىدە كورسۇتۇپ ئوتۇشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇنداق قەرزدارلـىق تېنىدېنسىيىسى كۈنـدىن ـ كۈنگە رىۋاجلىنىش جەريانىـدا تۇرماقتا» [1]. دېخانـلار

[1] «جۇڭگودا يەر مەسىلىسى ۋە سودا جازانىخورلىغى» دېگەن كىتاپـنىڭ 244 ـ بېتىدىن.

ئۇستىدىكى قەرز جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا تېخىمۇ كۆپەيدى. 4 چوڭ ئائىلە باي بولۇشىنىڭ بۇنداق «ئوبدان مەنبەسى»نى كورۇپلا، جازانخورلۇق ئورۇنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى جىددىي ھەركەت قىلدى.

4 چوڭ ئائىلە قۇرغان «دېخانلار» پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ بىرىنچىسى جياڭسۇ دېخانلار بانكىسى ئىدى. بۇ بانكىنى 4 چوڭ ئائىلە سۇڭ جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ 3 چوڭ سىياسىتىگە خائىنلىق قىلىپ كومپارتىيىگە ۋە دېخانلارغا قارشى چىققاندىن كېيىن 1928 ـ ژىلى ئىيۇندا قۇرغان. «ئۇنىڭ كاپىتالى شىمال مىللىتارىستلىرىدىن سۇڭ چۇەنفاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سۇڭچۇەنفاڭ 1926 ـ ژىلى شۇ ۋاقىتتىكى شىمالغا ژۈرۈش قىلغان ئارمىيىگە (جياڭكەيشى 3 چوڭ سىياسەتكە خائىنلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلاشقان ۋاقتىدا شىمالغا ژۈرۈش قىلغان ئىنقىلاۋىي ئارمىيىگە ـــ ئاۋتوردىن) قارشى چىقىش ئۈچۈن پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ، جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى ھەممە ناھىيىلەرگە ھەرمو يەردىن 20 فۇڭدىن قوشۇمچە باج ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ، بىراق ئۇ ھەربىي جەھەتتىن تېز مەغلۇپ بولۇش بىلەن خەلقنىڭ قان-تېرى بەدىلىگە توپلانغان بۇ پۇلنى ئىشلىتىپ كېتەلمەيدۇ ھەم بىللە ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېيىن بۇ پۇل جياڭسۇ دېخانلار بانكىسىنىڭ فوندى قىلىنىدۇ. ژۇقۇرىدا

ئېيتىلغان ھەر مو يەردىن ئېلىنىدىغان قوشۇمچە باجنى بەزى ناھىيىلەردە ئېلىپ بولغان، بەزىلىرىدە بۇ ئىش تېخى باشلانمىغان... جياڭسۇ ئۆلكىسى دىخانلار بانكىسىنىڭ شۆبىسىنى ئۇمۇمىي يۈزلۈك قۇرۇش ئۈچۈن، بۇ پۇلنى ژىغىپ ئېلىش تۇغرىسىدا ناھىيىلەرگە بۇيرۇق بەردى» ①. ئۇلار شۇنداق قىلىپ شىمال مىللىتارىستلىرىنىڭ فېئودالىزم ئاساسىدىكى زوراۋانلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ئىشلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇ «دىخانلار» بانكىسىنىڭ فوندى دىخانلارنىڭ قان-تېرى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، دىخانلارنىڭ ئازاتلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. بۇ بانكىنى، يەنى دىخانلارنىڭ بۇ قان - تېرىنى چىڭ گوفۇنىڭ CC سىستېمىسى مونوپولىيە قىلىۋالدى، بۇ بانكىنىڭ باش جىگىلىلىغىنى چىڭ گوفۇنىڭ CC سىستېمىسىدىكى كادىرلاردىن جاۋدىخۇا ئۈستىگە ئالدى.

جۇڭگو دىخانلار بانكىسىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى 3 - باپتا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ بانكا دىخانلار ئۈستىدىن زۇر كۆزۈلگەن قاتلىق ھوكۇمرانلىق ئاساسىدا قۇرۇلغان، جۇملىدىن چىڭ گوفۇ ئائىلىسىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان بانكا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «دىخانلار بانكىسى «يېزا ئىگىلىكىگە يېرىلىدى-

① لوگىنمۇ: «ئامانەت قەرز كوئوپېراتسىيىسى ۋە جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى» - «جۇڭگو لۇڭ سۇڭ» ژۇرنىلىنىڭ 1 - توم 2 - سانىدىن.

غان قەرز پۇل» ۋە يېزا ئىگىلىگى بويىچە ئادەتتىكى پۇل مۇئا-
مىلە ئىشلىرىنى، «ھەمكارلىشىش» ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش
ۋە يەر-پۇل مۇئامىلىسىنى مونوپولىيە قىلىش ھوقۇقىنى قولىغا
كىرگۈزۈۋالدى، شۇنىڭدەك دۆلەت غەزىنىسى ۋە ئالتۇن ئىش-
لىرى بويىچە ھوقۇقلاردىن جۇڭگو بانكىسى، مەركىزىي بانكا
ۋە قاتناش بانكىسى بىلەن تەڭ بەھرىلەندى. CC چىلار ئىچكى
ئۇرۇش دەۋرىدە جياڭشى، جېجاڭ ۋە سىچۈەندىن ئىبارەت 3
ئۆلكىدە «ھەمكارلىق غەزىنىسى»نى قۇرغان ئىدى. 1941-يىل-
دىن باشلاپ، CC چىلار «مەركىزىي ھەمكارلىق غەزىنە»
دېگەن نەرسىنى قۇرۇشقا تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ كىرىشتى، لېكىن
چوڭ بيۇروكرات كاپىتالىستلار ئارىسىدىكى گۇرۇھۋازلىق كۆرەش-
لىرى ئارقىسىدا، بولۇپمۇ ئالدىنقى يىلى (1944-يىلى) گومىن-
داڭنىڭ خېنەن، خۇنەن، گۇاڭشى ۋە گۇيجۇ ئۇرۇشىدا مەغ-
لۇپ بولۇشى ئارقىسىدا بۇ ئىش بىر ۋاقىت توختاپ قالغان
ئىدى، يېقىندا ئۇلار يەنە تەييارلىق قىلىشقا پائال كىرىشتى،
كاپىتالىنىڭ يېرىمى «دۆلەت غەزىنىسى» دىن ئاجرىتىلدى، $\frac{1}{3}$
قىسمىنى دېخانلار بانكىسى بەردى. «مەركىزىي ھەمكارلىق
غەزىنىسى» گىمۇ چىڭ گوفۇ دوك سىجاڭ بولدى. CC سىس-
تېمىسىنىڭ مۇھىم كادىرلىرىدىن گۇجىڭگاڭ، جاۋدىخۇا، جاڭ
لىسىڭ ۋە چىڭ بولۇپلەر باشقارما ئەزاسى ۋە مۇپەتتىش بولدى.
(ئەمەلىيەتتە قالغان 3 چوڭ ئائىلىنىڭ پۈتمۇ بۇنىڭغا كىردى-

ئاۋتوردىن). مەملىكەت بويىچە 500 گە يېقىن ئولكىلىك، ناھىيە لىك ھەمكارلىق غەزىنىلىرى شۇندىن باشلاپ CC سىستېمىسىنىڭ مەركىزىي ھەمكارلىق غەزىنىسىنىڭ شوبىسىگە ئايلىنىپ، CC چىلار پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى تېخىمۇ كېڭەيدى»[1].

يېزا ئىگىلىگىگە پۇل قەرز بېرىش ئىشلىرىنى 4 چوڭ بانكىنىڭ ھەممىسى ئېلىپ بارغان ئىدى. «30 - ژىللىكى (1941 - ژىللىكى) يېزا ئىگىلىگىگە پۇل قەرز بېرىش ئىشلىرى توغرىسىدىكى دوكلاد»قا قارىغاندا، جۇڭگو بانكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىگىگە پۇل قەرز بېرىش سالدۇسى 4 بانكا ۋە مەركىزىي ۋاستىچىلىك ئىدارىسىنىڭ يېزا ئىگىلىگىگە قەرز بېرىدىغان ئۇمۇمىي پۇلىنىڭ 39.1% نى تەشكىل قىلىدۇ، قاتناش بانكىسىنىڭ 7.8% نى، مەركىزىي ۋاستىچىلىك ئىدارىسىنىڭ 5.8% نى، دېھقانلار بانكىسىنىڭ 47.3% نى تەشكىل قىلىدۇ[2]. 1942 - ژىلىدىن كېيىن، جياڭ كەيشى سۇلالىسى يېزا ئىگىلىگىگە پۇل قەرز بېرىش ئىشىنى دېھقانلار بانكىسىنىڭ مونوپولىيىسىدىكى مەخسۇس ئىش قىلىپ بەلگىلىدى. جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا، 4 چوڭ ئائىلە كونا زاماندا يېزىلاردا ئۆتكەن جازانىخورلارنىڭ ئورنىنى بارا - بارا دەسسەپ، مونوپولىيە

---

① شۈي فاڭلۋە: « CC گۇرۇھىدىكى چوڭ بيۇروكرات كاپىتال».

② « لۇكيې تۇيگۇاڭ تۇڭشۇن» نىڭ 4 - توم 7 - سانىنىڭ 57 - بېتىدىن.

ئاساسىدىكى پېشىچە جازانىخور بولۇپ قالدى. مەسىلەن: «1941ـ
ژىلى مەركىزىي دىخانچىلىق تەجرىبە خانىسى» نىڭ ئۆلكىلەردە
ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، جازانىغا پۇل بېرىدىغان
ھەرخىل ئىدارىلارنى تۈرگە ئايرىغاندا: خۇسۇسىلارنىڭ جازاـ
نىغا بەرگەن پۇلى 27%نى، دۇكانلارنىڭ 11%نى، گوروكەشـ
لەرنىڭ 9%نى، سەرراپلارنىڭ 2%نى، جەمئىي 49%نى تەشكىل
قىلىدۇ»①. بۇ، 4 چوڭ ئائىلىنى ئاساس قىلغان بانكىلارنىڭ
قەرز بەرگەن پۇلى 51%نى تەشكىل قىلىدۇ دېگەن سۆز. بۇنداق
رېۋاجلىنىش جەريانى ناھايىتى تېز بولدى.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بېرىدىغان قەرز پۇلىنىڭ
جازانە خاراكتېرىنىڭ بىرى تووۋەندىكى مۇددەت ئەھۋالىغا باغـ
لىق. بۇ قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى كوپۇنچە بىر ژىل بولۇپ كەلـ
دى. «ژىلدا بىر قېتىم. بېرىلىدىغان بۇ قەرز پۇلىنىڭ نامى «يېزىـ
لارنى قۇتقۇلدۇرۇش» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن نەتىجىدە ئۇ
دىخانلارنى ئېغىر ئېكسپلۇئاتاتسىيىگە ئۇچرۇتۇپ كەلدى! نىمە
ئۈچۈن بۇنداق بولۇدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەتىيازدا ئاشـ
لىق قىس بولغان ۋاقتىدا، ئاشلىق مۇقەررەر ھالدا قىممەترەك
بولۇدۇ. دىخانلار ئاز ـ تولا پۇل قەرز ئالالىغانىدىمۇ، شۇ پۇلغا
سېتىۋالىدىغان مال (سېتىۋېلىش كۈچى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن

① «لۇشيې تۇيگۇاڭ تۇڭشۈن» 4 ـ توم 7 ـ سانىنىڭ 58 ـ
بېتىدىن.

ئاز بولۇدۇ. كۆزلۈك ھوسۇلدىن كېيىن قەرز تولەش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قېلىپ، دىخانلار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ساتـ ماقچى بولغاندا ئۇ باھانىڭ ھەدەپ چۈشۈۋاتقان ۋاقتىغا توغرى كېلىدۇ. چۈشۈنۈشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، بىر سادىق دىخان ئەرتىيازدا غەزىنىدىن 50 يۈەن قەرز ئېلىپ، بىر دەن ئاشلىق سېتىۋالالىغان بولسا، كۈز ۋە قىشتا بىر يېرىم دەن ياكى 2 دەن ئاشلىق ساتقاندا غەزىنىدىن ئالغان بۇ قەرزنى ئاندىن ۋاقتىدا تولىيەلەيدۇ»①. شۇڭا بۇ جازانىخورلۇقنىڭ دەھشەتـ لىك تۈرلىرىنىڭ بىرى.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بېرىدىغان قەرز پۇلىنىڭ جازانە خاراكتېرىنىڭ ئىككىنچىسى قەرز ئالغۇچىنىڭ خاراكتېـ رىغا باغلىق. «يېزىلارغا بېرىلگەن بۇ پۇلدىن بەھرىلىنىدىغانلار ئەڭ نامرات، پۇلغا ھەممىدىن مۇھتاج دىخانلار ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تەگدىن ـ تولىسى خېلى دەرىجىدە يەر ـ مۈلكى بار ياكى ھاللىغراق دىخانلاردۇر. ھەتتا بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمى يېزا جازانىخورلىرىنىڭ دەسمايىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ»②. 4 چوڭ ئائىـ لىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى يە ئالدى بىلەن «يېزا كوئو-

① «جۇڭگو دىخانلىرى ژۇرنىلى» نىڭ 2 ـ توم 8 ـ سانىنىڭ 12 ـ بېتىدىن.

② چەن جاجۇي: «ھەمكارلىق غەزىنىسىگە باھا» ـ «جۇڭگو لۇڭ سۇڭ» نىڭ 5 ـ توم 10 ـ سانىدىن.

پېراتىۋى»غا قەرز بېرىشى مۇمكىن، لېكىن، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا «كوئوپېراتىۋ» دېگەن نەرسە «پومېششىك ۋە تۇخاۋ، لىشېنلارنىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ، جازانىخورلۇقنىڭ غالجىرلىشىشىغا ياردەم بېرىدىغان» ئورگانغا ئايلىنىپ قالدى①. ياكى «ئالدى بىلەن «لەنباۋ» باشلىقلىرىغا قەرز بېرىدۇ، ئۇلار باۋجاڭ، جاجاڭلارغا بېرىدۇ... ئاندىن كەمبغەللەرگە بېرىپ، تېخىمۇ ژۇقۇرى ئۇسۇم ئالدۇ»②. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى بىلەن ئالاقدار بولغان يېزا جازانىخورلىرى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل قەرز بېرىش يولى بىلەن قىلغان مەرھەمىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن دېھقانلارنى ئېزىدىغان پۇل مۇئامىلە كۈچى كۆپەيدى.

ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۆرلۈك ئەھۋاللاردىن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە پۇل قەرز بېرىشى بىر تەرەپتىن پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى جەھەتتە دېھقانلارنىڭ قېنىنى مەركەزلىك ھالدا شوراش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ يېزىلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن يولەش ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. 4 چوڭ ئائىلە بۇ ئىشقا ناھايىتى زور قەست بىلەن كىرىشتى. جياڭكەيشى يېقىندا CC سىستېمىسى

---

① «يېزا ئىگىلىكىدە تارقىتىلىدىغان خەۋەرلەر» 2 - توم، 10 - سانىنىڭ 28 - بېتىدىن.

② «گومىڭ گۇگلۇن» ژۇرنىلىنىڭ 1 - توم 8 - سانىدىن ئېلىپ «شجىڭ پىڭباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان چىڭ خۇگجىگىنىڭ ماقالىسىدىن.

نىڭ چىڭگوفۇ ۋە گۇجىڭگاڭغا ئوخشاش باشلىقلىرىنى ژىغىپ، «ھەمكارلىق» غەزىنىسىنى «ھەقىقىي كۇچەيتىپ، ئۇنى مەسلەكنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسىي ئىختىسادىي تەشكىلاتىغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى»①. فېوداللىق ۋە مۇستەملىكە ھالىتىدىكى يېزىلارنىڭ 4 چوڭ فېودال، كومپرادور ئائىلىنىڭ بايلىق توپلاش ۋە فاشىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسى ئىكەنلىگىنى جىياڭ كەيشى بىلەتتى. جىياڭ كەيشىنىڭ ئۇلارنىڭ «ھەمكارلىق غەزىنىسى»نى كۇچەيتىپ، ئۇنى فاشىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي ئىختىسادىي تەشكىلاتقا ئايلاندۇرماقچى بولۇشى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ يېزىلاردىكى ھوكۇمرانلىغىنى شۇ ئارقىلىق يېڭىۋاشتىن كۇچەيتمەكچى بولغانلىغىدۇر. چىڭگوفۇنىڭ CCچى فاشىستلار گۇرۇھى جىياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىي مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغانلىغىنى بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق چۇشۇنۇش مۇمكىن.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ «پۇل دېخانلارغا بېرىلسۇن» دېگەن نىمىسى نېتىجىسىدە، «قەرزدارلارنىڭ قەرزى كۇندىن-كۇنگە كوپەيدى، قەرزنىڭ ئوسۇمى كۇندىن-كۇنگە ئوستى»②. دېخانلار-

①«خۇابېي رىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 20-ئاۋغۇست سانىدىن.

②چاۋچىمىن: «مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك پۇل مۇئامىلىسىدىن ئومىت» - «لۇكيې تۇيگۇاڭ تۇكشۇن» نىڭ 4-توم 6-سانىنىڭ 6-بېتىدىن.

نىڭ قەرزى تېخىمۇ كوپەيدى، يېزىلار تېخىمۇ نامراتلاشتى، چۈنكى پۇل 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «غەزىنىسى» گە كىرىپ كەتتى.

يېزا ئىگىلىكىگە پۇل قەرز بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇرلۇك زىرائەتلەرنىڭ مەركەزلىك ھالدا بولۇنۇش نەتىجىسى مەيدانغا كەلدى. ئىلگىرى يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل «كوپۈنچە قاتناش ئىشلىرى ئوڭاي بولغان ئازسانلىق رايونلارغا ياكى سودا خاراكتېرىدىكى زىرائەتلەر تەرەققى قىلغان رايونلارغا مەركەزلىشەتتى»[1]، «ئادەتتىكى مەككار كىشىلەر يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى كوپەيتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئاشلىق بېسىۋېلىش بىلەن باھا ئوسكەندە سېتىشنى كۈتۈپ تۇراتتى»[2]. مانا بۇ بىرچاممىدا 2 پاختەكنى سوقانلىقدۇر: 4 چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى يېزا ئىگىلىكىگە پۇل قەرز بېرىشتىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن جازانىخورلۇق ئوسۇمىگە ئىگە بولدى؛ ئىككىنچى تەرەپتىن پۇل قەرز بەرگەندە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ژۇقۇرى باھا بىلەن ساتتى، قەرز پۇلنى ۋە ئوسۇمىنى قايتۇرۇپ ئالغاندا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يەنە ئەرزان باھادا سېتىۋالدى.

---

① چەن جاجۇي: «ھەمكارلىق غەزىنىسىگە باھا» — «جۇڭگو لۇڭ سۇڭ» نىڭ 5 — توم 10 — سانىدىن.

② «جۇڭگىلۇڭ» ژۇرنىلىنىڭ 2 — توم 8 — سانىنىڭ 14 — بېتىدىن.

«يېزا ئىگىلىك ئامبىرى» دېگەن نىمىنىڭ سىرىمۇ ئەنە شۇ يەردە پاش بولۇپ چىقتى: بۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى — بىيسىمدار، پومېششىك ۋە سودىگەرلەرنىڭ سودا سپېكۇلاتسىيىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ئامبار بولۇپ چىقتى: «بىر تەرەپتىن تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كېيىن ئوبدان باھادا سېتىش ئۈچۈن ئامبارغا بېسىپ قويىدى. شۇنىڭدەك تۆۋەن ئۆسۈملىك پۇلنى ئوبوروت قىلىشتىن پايدىلاندى ۋە زالۇككە قويغان پۇللارنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىشنى تەكرارلايدىغان كاپىتالغا ئايلاندۇردى»①.

3) دېھقانلارنى تالايدىغان بىر نەچچە خىل يېزا ئىگىلىك شىركەتلىرى

4 چوڭ ئائىلە يېزىلاردا يەنە فېودال ھەم كومپرادورلۇق ئاساسىدىكى ئەڭ زور سودا كاپىتالىستلىرى بولدى، بۇنى 4 - باپتا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سودا مونوپولىيىسىدە توختالغاندا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ يەنە يېزا ئىگىلىكىنى مونوپولىيە قىلىدىغان تۈرلۈك سودا شىركەتلىرى بار. مەسىلەن: كۆڭ شاڭشى ۋە چېڭگوفۇ ئائىلىلىرىنى ئاساس قىلغان جۇڭگو ئاشلىق

① «لىۇ شىپى تۆيگواڭ تۆگشۈن» نىسك 4 - توم 9 - سانىنىڭ 312 - بېتىدىن.

سانائىتى شىركىتىنى ئالساق، ئۇنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بو-
لۇپ، بىر تەرەپتىن ئىچكى ئاشلىق سودىسىنى مونوپولىيە قىل-
دى. ياكى ئاشلىقنى «پىششىغلاپ ئىشلەيدۇ» (بۇشىركەت تۇر-
لۇك پىششىغلاپ ئىشلەش زاۋۇدلىرىنى قۇرغان)؛ ئىككىنچى
تەرەپتىن چەتئەللەر بىلەن بولۇدىغان گۈرۈچ سودىسىنى مونوپو-
لىيە قىلدى (برازىلىيە ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا مەملىكەتلىرىدىنمۇ
گۈرۈچ سېتىۋالىدۇ)، شۇنداق قىلىپ جۇڭگونى چەتئەل ئاش-
لىغىنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇردى. يەنە مىسال ئۈچۈن چىڭگوفۇ
ئائىلىسىنى ئاساس قىلغان پاختا توقۇش شىركىتىنى ئالساق،
ئۇنىڭ كۆلىمىمۇ ناھايىتى زور.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مونوپولىيە
قىلىدىغان بۇنداق سودا شىركەتلىرىدىن باشقا، يەنە يېزا ئىگىلى-
كى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك شىركەتلىرى ۋە تۈرلۈك زور
دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بار.

غەربىي جۇڭگو بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى چىڭگوفۇ ئائى-
لىسىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋ-
رىدە ئاتاغلىق مۇھىم ئىگىلىكلىرىدىن بىرى بولدى. بۇ شىركەت
فېئوداللىق ئاساستىكى زور يەر-مۈلۈك شىركىتى ئىدى. بۇتوغ-
رىدا بىرئاۋتور بۇنداق يازىدۇ: «ئادەتتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈ-
رۈش رايونلىرىدا كۆپىنچە شىركەتنىڭ ئۆز تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت
بەردى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىغا سەل قارىدى. ھەتتا

نامدا بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش بولۇپ، ئەمىلىيەتتە يەر سېتىۋېلىش، يەر ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەر باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى كۈتتى ياكى بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش ئىشىنى ئىجارىكەشلەرگە ئارتىپ، ژۇقۇرى نورمىدا يەر ئىجارىسى ئالدى. مەسىلەن: ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان غەربىي جۇڭگو بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش شىركىتى ھوكۇمەتنىڭ ۋە بانكىنىڭ يەڭگىل شەرتلەر بىلەن قىلغان ياردەملىرى ئارقىسىدا، يۇننەن - جېجياڭ تومۇر يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېرىمىنى ئارتىۋېلىش، يېرىمىنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن 100 مىڭ مودىن كوپرەك تېرىلغۇ يەرگە ئىگە بولۇۋالدى ۋە ئىدارە قىلدى. يەر باھاسى ئۆسكەندىن كېيىن، يەنە بوز يەر ئوزلەشتۇرگەن دىخانلار ئىجارە مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش يوللار بىلەن تېرىلدى. ھازىر ئولكىلەرنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى پۈتكەن ھەممە رايونلىرىدا بۇ شىركەتنىڭ تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭ مەخسىدىمۇ ژۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش»①. كۆك فۇزىنى ھەم مىللەت پەرۋەرلىكنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان چىڭگوفۇ، چېڭ لىفۇلارنىڭ شىركەتلىرى دىخانلارغا ئەنە شۇنداق زورلۇق قىلدى! سۇڭزىۋىن باشقارما باشلىغى بولغان گەنسۇ سۇ ئىشلىرى ۋە ئورمانچىلىق شىركىتىنىڭ «ئىشلىرى» يېتىپ بارغان يەرلەر مۇ «سىپ-

① چېڭ لىفۇلۇك: «ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش ئىشلىرى» - «جۇڭگو لۇك سۇك» ژۇرنىلىنىڭ 8 - توم 9 - سانىدىن.

كۇلانتلىق بىلەن پايدا ئالىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدى ياكى
ژۇقۇرى باھا بىلەن سېتىۋالدى، ياكى كۇچىگە يولۇنۇپ تارتـ
ۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە جايدا يەرلەر مەركەزلەشتى...»[1].

1944 ـ ژىلدىكى گېزىت خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، چىڭ گوفۇ ئائىـ
لىسىنى ئاساس قىلغان جۇڭگو دىخانلار بانكىسى «بىۋاستە قۇرـ
غان شىركەتـلەر ئىچىدە يىزا ئىگىلىك كارخانىلىرى شىركىتى،
ئوغۇت شىركىتى، دىخانچىلىق سايمانلىرى شىركىتى، دىخانچىـ
لىق ماشىنىلىرى شىركىتى، يىزا ئىگىلىك ستراخۇانىيە شىركىتى
ۋە جۇڭگو ئورمانچىلىق شىركىتى بار؛ ئولـكىلىك ھوكۇمەتـلەر
بىلەن شىرىكلىشىپ قۇرغانـلىرى ئىچىدە گەنـسۇ سۇ ئىشلىرى،
ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق شىركىتى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ۋە
بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش شىركىتى، گۇاڭشى سۇ ئىشلىرى ۋە بوز
يەر ئوزلەشـتۇرۇش شىركىتى، جېجياڭ ئورمانچىلىق ۋە بوز يەر
ئوزلەشتۇرۇش شىركىتى، فۇجەن ئورمانـچىلىق ۋە بوز يەر ئوزـ
لەشـتۇرۇش شىركىتى بار»[2]. يىزا ئىگىـلىك نامىدا بولـمىغان
مەسىلەن: چىڭ گوفۇ ئائىلىسى سىستېمىسىدىكى داخۇا كارخانىلار
شىركىتى، غەربىي جۇڭگو قۇرۇلۇش شىركىتىمۇ دىخانچىلىق ۋە

① ۋي باۋگۇي: «خۇاڭخۇەي ئوستىكى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان رايونـ
لاردا ئوز ئالدىغا تىرىكچىلىق قىلىدىغان دىخانلارغا قىلىنغان ياردەم» ـ
«رىن يۇدى» دىگەن ژۇرنالنىڭ 3 ـ توم 7 ـ 8 ـسانلىرىدىن.

② «سەيجىڭ پىنلۇن» نىڭ 11 ـ توم 3 ـ سانىدىن.

ئورمانچىلىق دائىرىسىدە ھەركەت قىلدى. لېكىن بۇ شىركەتلەر-نىڭ كوپچىلىگىمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مونوپولىيە قىلىدىغان سودا سپېكۇلاتلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى.

جياڭكەيشىنىڭ ئوغلى جياڭ جىڭگو باشقۇرغان «يېڭى جەنۇبىي جياڭشى خەلق ئىگىلىگى قۇرۇلۇش شىركىتى»نىڭ كەسپىي ئىشلىرىنىڭ بىرىمۇ يېزا ئىگىلىگىنى مونوپولىيە قىلىش ھەركىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت بولدى.

«ئېچىنىشلىق غەلىبە»دىن كېيىن، بۇرۇن ياپون باسمىچىلىرىنىڭ شىمالىي جۇڭگو ۋە شەرقىي-شىمالدا جۇڭگو خەلقىنى تالايدىغان بارلىق يېزا ئىگىلىك ئاپپاراتلىرى ۋە دېخانلاردىن تالىغان يەر ھەم باشقا مۈلۈكلەرنى 4 چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى قىلىۋالدى. ياپون باسمىچىلىرى تەيۋەندە ئىگىلىنىۋالغان يەرلەر ۋە ئۇنىڭ «ھوكۇمەت يېرى» (تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ياپون باسمىچىلىرى زورلۇق بىلەن ئىگە بولۇۋالغان «ھوكۇمەت يېرى» خەلقنىڭ خۇسۇسىي يېرىنىڭ 2 باراۋىرىگە تەڭ كېلىدىكەن) نىمۇ بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، جياڭكەيشى سۇلالىسىنىڭ «ھوكۇمەت مۈلكى» گە ئايلاندۇرۇۋالدى.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ زۇۋقۇرىدا ئېيتىلغان ھەممە يېزا ئىگىلىك شىركەتلىرى ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن تاپشۇرۇپ ئالغان مۈلۈكلەر-نىڭ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ يېزىلاردىكى فېئوداللىق، كومپرادورلۇق

ۋە ھەربىي ھوكۇمرانلىغى ھەم بۇلاڭچىلىغىنى كۇچەيتىش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغانلىغىدا شەك يوق. يېقىندا يەنە كۇڭ شاگشى باشلىق ئائىلىلەر «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە ئالاھىدە ھەسسىدارلىق شىركىتى»نى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلماقتا. شۇ يول بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى مونوپولىيە قىلىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش تەقدىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرلەپ ئوز چاڭگىلىغا كىرگۇزۇۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا.

4) يېزا ئىگىلىگىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە مۇستەملىكىلەشتۇرۇلۇشى

جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرىنىڭ يولسىز بۇلاڭچىلىغى ئاستىدا قورقۇنۇچلۇق ھالدا زەئىپلەشمەكتە. يېزىلاردا ئىش كۇچى، ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ۋە تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. ئاپەت ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. ھەممە يەردە ئاچ - يالاڭغاچ ژۇرگەن خەلقلەرنى ئۇچرۇتۇش مۇمكىن، تىلەمچىلەر ۋە ماكانسىزلار بولسا، زور دەرىجىدە كوپەيدى. 1918 - ژىلى مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەر كولىمى 1 مىللىارد 314 مىللىون 472 مىڭ 190 مو ئىدى، 1928 - ژىلى 1 مىللىارد 248 مىللىون 781 مىڭ مو بولۇپ قالدى. 1922 - ژىلى

مەملىكەت بويىچە ئاق تاشلىنىپ كەتكەن يەرنىڭ كولىمى 896 مىللىون 316 مىڭ 784مو ئىدى، 1930 ـ ژىلى 1 مىللىارد 177 مىللىون 340 مىڭ 261مۇ بولۇپ قالدى ①. ياپون ئىمپىريالىزمىـ نىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ۋە «ئىچىنىشلىق غەلىبە»دىن بۇيان، نۇرغۇن ئۆلكىلەر ئىنىسى ـ جىنى يوق ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ژىل ئاۋغۇستتىكى گېزىت خەۋەرلىرىگە قارىغاندا: «خېنەن ئۆلكىسى بويىچە يەر 112 مىلىون 981 مىڭ مو (ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يەنە بىر مەلۇماتىغا قارىغاندا، 93 مىللىون 499 مىڭمو) بولۇپ، ھازىر ئاق تاشلىنىپ كەتكەن يەر 37 مىللىون 85 مىڭ موغا يەتكەن، يەنى بۇ ئۇمۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 30%ىنى تەشكىل قىلىدۇ (يەنە بىر مەلۇماتقا قارىغاندا 40%ىنى تەشـ كىل قىلىدۇ)؛ خۇنەن ئۆلكىسى بويىچە تېرىلغۇ يەر 35 مىللىون 86 مىڭ 250 مو (ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يەنە بىر مەلۇماتىغا قارىغاندا 50 مىللىون 206 مىڭمو) بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ 40%ى، يەنى 14 مىللىون 500 مىڭ موسى ئاق تاشلىنىپ كەتكەن (يەنە بىر مەلۇـ ماتقا قارىغاندا بوز يەر 20 مىللىون 81 مىڭ 600مو)؛ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى بويىچە تېرىلغۇ يەر 42 مىللىون 450 مىڭ موبولۇپ، ھازىر ئۇنىڭمۇ 40%ى، يەنى 18 مىللىون 980 مىڭ 800 موسى ئاق تاشـ لىنىپ كەتكەن. ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان 3 ئۆلكىدە ئاق تاشلىنىپ

① «جۇڭگونىڭ تېرىلغۇ يەر كولىمىنىڭ پەيدىن ـ پەي ئازىيىش تېندېنسىيىسى» ـ «دۇڭفاڭ» ژۇرنىلىنىڭ 30 ـ توم 18 ـ سانىدىن.

كەتكەن يەر 58 مىللىون موغا يېتىدۇ» ①. بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئەيمىنمەي قىلغان بۇلاڭچىلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ جياڭ كەيشى ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلارغا قاراشلىق يېزىلارنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئامېرىكا ماللىرىنىڭ كۆپلەپ توكۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ سانائەت ماللىرى جۇڭگو مىللىي سانائىتىنىڭ ھالاكىتىنى ئىلگىرلەتكەن بولسا، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى جياڭكەيشى ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردىكى يېزا ئىگىلىگىنىڭ ھالاكىتىنى چاپسانلاتماقتا (ھازىر ھەممىدىن روشەن بولغىنى شۇكى، ئامېرىكا پاختىسى جۇڭگو پاختىسىنى بېسىپ كەتتى).

4 چوڭ فېودال، كومپېرادور ئائىلە ۋە ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ «جۇڭگو ئامېرىكا تېخنىكا ھەمكارلىقى» دېگەن نەرسىسى جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ قۇللۇق تەقدىرى ئۈستىگە يەنە بىر يېڭى كىشەن ـ زەنجىر سالدى، بەلكى مۇستەملىكە قۇللۇقىنىڭ كىشەن ـ زەنجىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بىر گېزىت «چاڭجياڭ سۇ ئېلېكتىر پىلانى»دا توختۇلۇپ بۇنداق يازغان ئىدى: «ئەگەر يېزىلاردا ھازىرقىدەك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ياخشىلانمايدىكەن، يېزىلاردىكى خەلققە قارشى كۈچلەر يوقۇتۇلمايدىكەن، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي دېمو-

① تيەنجىندە چىقىدىغان «يىشى باۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 31 ـ ئاۋغۇست سانىدىن.

كراتىيە ژۇر گوزۇلمەيدىكەن، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ تومىسى 10 مىللىون ئىنگلىز موسىغا باراۋەر كېلىدىغان يەرنى سۇغۇرالىسىمۇ، ئۇنىڭ ئازساندىكى پومېششىكلارغا پايدا يەتكۈزگەندىن باشقا، كەڭ دىخانلارغا قانچىلىك پايدىسى بار؟ بەلكى، باشقا شەرت - شارائىتلار ئوزگەرمىسە، ئوتمۇشتىكى تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، سۇ تومىسى پۈتمەي تۇرۇپ، سۇغۇرۇلۇدىغان يەرلەر زومىگەرلەر تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىشى ئېھتىمال»①. بۇ سوزلەر ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان. يەنە شۇنى قوشۇمچە قىلىش كېرەككى، جۇڭگو دىخانلىرى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ سېتىشى بىلەن ئۇ چاغدا ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

جۇڭگو دىخانلىرى يېزا ئىگىلىگىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىشقا مۇھتاج. لېكىن، 4 چوڭ فېئودال، كومپرادور ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدىن، ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئودالىزمنىڭ زۇلمىدىن ئازات بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ سانائەتنى رىۋاجلاندۇرۇش خىيالى قۇشۇلۇپ ھەممە خىياللىرى يوققا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو دىخانلىرى كۈرىشىنىڭ ھەقىقىي يولى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى ھەممە خەلق كۈرىشىنىڭ ھەقىقىي يولى ئېچىلدى.

---

① «چىڭخىڭ گۇڭشاڭ ژۇباۋ» گېزىتىنىڭ 1945 - ژىل 22 - دېكابردىكى باش ماقالىسىدىن.

7. ئەخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە باشقا ئىشلار بويىچە مونوپولىيە

جياڭكەيشى سۇلالىسى سىياسىي جەھەتتە زۇرگۇزگەن مەدەنىيەتنى ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىش، قۇللۇق مائارىپى، خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتى، ئىدىيىۋىي جىنايەت... ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تېررورلۇق تۈزۈملەر ئۈستىدە بۇ يەردە ئانچە كوپ توختالمايمەن. بۇ يەردە ئاساسەن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئەخباراتچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى ماددىي جەھەتتىن مونوپولىيە قىلغانلىقى ئۈستىدە توختۇلۇمەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، جياڭكەيشى ھوكۇمرانلىقىدىكى رايونلاردا «جوڭيياڭ شە» ئاگېنتلىقى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئەخباراتچىلىق ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان ئەڭ زور «تەشۋىقات» ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمىلىيەتتە، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇ «جوڭيياڭشە» سىنىڭ تارقاتقان ئەخباراتلىرىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ئەخبارات ئەمەس، بەلكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ ياساپ چىقارغان ئەپسانىلەردۇر. ئۇلار بۇنداق ئەپسانىلارنى ئەخباراتچىلىقنى ماددىي جەھەتتىن مونوپولىيە قىلىشتىن پايدىلىنىپ تارقىتىدۇ ۋە سىياسىي كۈچ مەجبۇرىيىتى بىلەن گېزىتلەرگە چىقىرىدۇ. دۇنيادا بىر

قانچە ئەڭ زور ۋە ئەڭ ئۇياتسىز ئىغۋاگەر شىركەتـلەر بولۇپ ئوتكەن ئىدى، گېرمانىيە ناتسىستلىرىدىن گوببېلس نىڭ «خەيتوڭ شە» ئاگېنتلىغـى، ياپـون فاشىستلىرىنىـڭ «دومېي» ئاگـېنتلىغى ۋە جۇڭگودىـكى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «جۇڭياڭ شە» ئاگـېنتلىغى — بۇ شىركەتلەرنىڭ بىر — بىرى بىلەن راسا كېلىشكەنلىرى بولۇپ ھېساپـ لىنىدۇ. ئوز بېشىمىزدىـن ئوتـكەن تەجرىبىلەردىـن قارىغاندا، «جۇڭياڭشە»نىڭ ئىغۋا تارقىتىشتىكى ئىپلاسلىغى ۋە پەسكەشلىگى شۇ دەرىجىدە بولدىكى، ھەقنى — ناھەق، ناھەقنى — ھەق دەپ، ھەممە ھەقىقىي نەرسىلەرنى غايەت يامان غەرەزدە تۇرۇپ ئىنسا- نىيەتچىلىكـتىن تامامەن چىققان ھالـدا ئاستىن — ئۇستۇن قىلىپ كورسۇتۇشتىن ۋە توھمەتـخورلۇق قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتـ مىدى. ئۇلارنى «ئىچىدە زەھەر قاينىغۇچىلار» دېگەن ھېكمەتـ لىك سوز بىلەنـلا سۇپەتلەشكە بولۇدۇ. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئوچۇم ئەڭ زۇلمەتلىك ۋە ياۋۇز كىشىلىرىنىڭ كوڭلىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى سىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئەخباراتلارنى تارقىتىشقا بۇيرۇق ئالغان كىشىلەردە ئاز — تولا ۋىجدان بولۇدىغان بولـسا، شۇ كىشى ئۇمرى بويى ئەڭ قاتـتىق ۋىجدانى ئازاپقا قالىدۇ. چۇنكى ئۇ فاكت ۋە خەلق ئالدىدا جىنايەت قىلىدى.

4 چوڭ ئائـىلە گېزىتنى مونوپولىيە قىلـىش تورلىرىنى كەڭ تۇردە قۇردى. گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بولۇمى يېنىدىـكى ئەخبارات باشقارمىسى باشلىغىنىڭ 1944 — ژىلى 7 —

مايدا رادىودا قىلغان سوزىگە قارىغاندا : گومىنداڭ ھوكۇمرانـ
لىغىدىكى بارلىق رايونلاردا تەخمىنەن 900 دىن 1000 گە قەدەر
گېزىت بولۇپ، ئۇنىڭدىن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى، ئۇنىڭ
ئولكىلىك ۋە ناھىيىلىك داڭبۇلىرى باشقۇرۇدىغىنى 400، ھەربىي
قىسىملارنىڭ سىياسىي بولۇملىرىنىڭ گېزىتلىرى 270 ئىكەن. 4
چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ سىستېمىسى (بۇنىڭدا ئاساسەن چېڭ گوفۇ
ئائىلىسىنىڭ CC سىستېمىسى) ئىگىلىۋالغان گېزىت ئۇنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىـ
دىن ئاشىدۇ. يالغۇز بۇلا ئەمەس. «خۇسۇسىي گېزىت» دەپ
ئاتالغانلاردىن ھەقىقەتتە خەلق باشقۇرغانلىرىدىن باشقا،
يەنە بىر مۇنچىلىرى ئەمەلىيەتتە 4 چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ
يالاقچىلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ ياكى سېتىۋېلىپ، 4 چوڭ
ئائىلىنىڭ تەشۋىقات كارنىيى قىلىندى. 4 چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارـ
نىڭ يالاقچىلىرى ئوزلىرىگە يات ھەممە گېزىتلەرنى پەيتىنى
تېپىپ ۋە سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇپ يە تاقاش يە مەجبۇرىي بويـ
سۇندۇرۇش ۋە تەشكىلىنى ئوزگەرتىش ئىشلىرىنى قىلىپ كەلدى.

ياپون باسمىچىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جياڭ كەيشى
ئارمىيىسىنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەردە دۇشمەن قورچاق ھوكۇـ
مەتنىڭ ئەخبارات ئورگانلىرى ۋە گېزىتلىرىمۇ 4 چوڭ ئائىلە ۋە
ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن تاپـ
شۇرۇپ ئېلىندى. ئۇلار ئارىسىدا بۇ نەرسىلەرنى بىر-بىرىدىن
تالىشىش جېڭىمۇ بولۇپ ئوتتى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت بويىچە

كولىمى ئەڭ زور، تارىخى خېلى ئۇزۇن بولغان شاگخەيدىكى «شىگباۋ» ۋە «شىگۋنباۋ» گېزىتلىرى چىڭ گوفۇنىڭ CC سىستې-مىسىنىڭ مۇلكىگە ئايلىنىپ كەتتى.

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكىلىق بىر پروفېسسور بۇنداق دېگەن: «دۇنيادا بيۇروكراتلىق ئەخباراتچىلىق مەيدانغا چىقتى، ئۇ شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلىنىدىكى، هوكۇمەت كۇچگە يولۇنۇپ ئەخبارات ۋە ئېلانلارنى مونوپولىيە قىلىدۇ، بيۇروك-راتلىق مالىيە كۇچىدىن پايدىلىنىپ خەلق گېزىتلىرىنى بوغۇدۇ، شۇنداق قىلىپ ئەخباراتچىلىق تىرىستىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇشنى ئويلايدۇ. تەكشۇرۇشلەرگە قارىغاندا، بۇنداق ئەخباراتچىلىق ۋە گېزىتلەر جۇڭگودا هەممىدىن مەشهۇر ئىكەن»①. بۇ سوز ناهايىتى توغرى ئېيتىلغان. بۇمۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىجادىيەتلىرىنىڭ بىرى.

ئەمدى نەشرىياتچىلىقتا توختىلۇپ ئوتەيلى.

4 چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ سىستېمىلىرى (بۇ ساهەدىمۇ چىڭ گوفۇنىڭ CC سىستېمىسى ئاساس قىلىنغان) بۇرۇنلا نۇرغۇن نەشرىيات ئورگانلىرىغا، مەسىلەن «جىگجۇڭ» كىتاپ ئىدارىسى، جۇڭگو مەدىنىيەتكە خىزمەت قىلىش جەمئىيتى، مۇستەقىللىق نەشرىياتى، داۋدۇڭ كىتاپ ئىدارىسى، باتى كىتاپخانىسى، ياش-لار كىتاپخانىسى ۋە باشقىلارغا ئىگە بولۇۋالدى ياكى ئۇلارنى

① نەنجىندا چىقىدىغان «داگاگباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 22 - ئاۋغۇست سانىدىن.

ئۆز ئىلكىدە تۇتتى. ئىلگىرىدىن تارتىپ جۇڭگودا ئەڭ زور كىتاپ ئىدارىسىنىڭ بىرى بولغان جۇڭخۇا كىتاپ ئىدارىسىمۇ ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئەمەلىيەتتە كۇڭشاڭشى ۋە چېنگوفۇ ئائىلىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 1944 ـ يىلى ئاپرېلدىكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا نەشرىيات ئىشلىرى بويىچە بىر چوڭ تىرەست پىلانى بولغان 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «مەركىزىي نەشرىيات ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى، جۇڭگو نەشرىيات شىركىتىگە ئۆزگەرتىلمەكچى، ئۇنىڭ كاپىتالى 100 مىللىون يۈەن بولماقچى. ئۇنىڭ ئاساسىي تىجارىتى نەشرىياتچىلىق، رادىيو، كىنو ۋە تۇشۇپ سېتىش ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇقۇشمىزچە، مۇستەقىللىق نەشرىياتى، جۇڭگو مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلىش جەمئىيىتى، «جىڭجۇڭ» كىتاپ ئىدارىسى، جۇڭگو مەدەنىي بۇيۇملارنى يەتكۈزۈش فونكىتى ۋە مەركىزىي رادىيو ستانسىسىغا ئوخشاش مەدەنىي مۇئەسسەسىلەر بۇ شىركەتكە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ تەشكىلى كۆچەيتىلمەكچى ۋە تىجارەت ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلمەكچى»①. 1945ـ يىل ئاۋغۇستتىكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، چۇڭچىڭدىكى باسما ئىشلىرىدا «ھۆكۈمەت ئىگىلىگى»دىكى زاۋۇتلار تەخمىنەن $\frac{3}{4}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ②.

① «ساۋداگىباۋ» گېزىتىنىڭ 1944 ـ يىل 27ـ ئاپرېل سانىدىن.

② «خۇۋاشى ۋەنباۋ» گېزىتىنىڭ 1945 ـ يىل 17 ـ ئاۋغۇست سانىدىن.

«ئېچىنىشلىق غەلىبە»دىن كېيىن، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ تۈرلۈك نەشرىيات ئورگانلىرى تۈرلۈك باسماخانىلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى. 4چوڭ ئائىلە «ئىختىسادىي مىنىستىر»نىڭ قارمىغى بىلەن «شاڭئۇ» كىتاپخانىسىدىن ۋاڭيۇڭئۇنى ئىلتۇۋېلىپ ئۇنى جياڭكەيشى سۇلالىسىغا ھەمرا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان ۋە كولىمى ئەڭ كەڭ بولغان جۇڭگو كىتاپخانىسىنى ناھايىتى ئوڭايلىق بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى.

4چوڭ ئائىلە ژۇرنالدا ئېيتىلغان ئەخباراتچىلىق ۋە نەشرىيات ئىشلىرىنى مونوپولىيە قىلغاندىن تاشقىرى، مەدەنىيەتنىڭ باشقا ساھەسىدە يەنە مونوپولىيە ئاساسىدىكى كىنو ۋە رادىو شىركەتلىرىنى باشقۇرماقتا. كىنو ئىشلىرىدا مەسىلەن: جياڭكەيشى ئائىلىسىنىڭ «دولەت مۇداپىە مىنىستىرلىگى» قارىمىغىدىكى جۇڭگو كىنو ستۇدىيىسى، چېڭگوفۇ قۇرغان «يېزا ئىگىلىك مائارىپى كىنو شىركىتى»، كۇڭشاڭشى قۇرغان «جۇڭگو كىنو كارخانىلىرى شىركىتى» بار. رادىو ئىشلىرىدا، مەسىلەن: چېڭگوفۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان «جۇڭگو رادىو شىركىتى» بار.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ «مەدەنىيەت»نى ماددىي جەھەتتىن ئۇمۇمىي ئىدارە قىلىش ۋە مونوپولىيە قىلىش ئورگانلىرىنى قۇرۇشى مەدەنىيەتنىڭ جياڭكەيشى ھوكۇمرانلىغىدىكى رايونلاردا يوقولۇشقا قاراپ مېڭىشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىرگە مۇپتىلا بولغانلىغىنى كور-

سىۇتىدۇ. بۇ 4 چوڭ ئائىلە ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ئەركىنلىكنى ۋە مەدەنىيەتنى بوغۇشقا ئوخشاش قانلىق ئاساستا تەرەققى قىلدى ۋە ئەركىنلىك بىلەن مەدەنىيەتكە داۋاملىق يوسۇندا دۈشمەنلىك قىلماقتا. ئۇلارنىڭ جۇڭگو تارىخى توغ-رىسىدىكى ئاخماقلىقىغا، جۇڭگو ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىدىن تامامەن خەۋەرسىز بولغانلىقىغا جياڭكەيشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاۋىنى ۋەكىل قىلىش مۇمكىن. جۇڭگو خەلقى جياڭ كەيشىنىڭ بۇ كىتاۋىنى غايەت دەرىجىدە يامان كوردى. ماۋ زېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» ۋە «بىرلەشمە ھوكۇ-مەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرى بولسا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇمۇمىي يۈزلۈك ئالقىشىغا ئىگە بولدى. مانا بۇ، جۇڭگو خەلقە-نىڭ ئويغۇنۇش جەريانىدا يۈكسەك مەدەنىي ئاڭغا ئىگە بولغان-لىقىنى ئىسپاتلايدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالغا بېسىشىنى توختۇتۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. جياڭكەيشى باشچىلىقىدىكى 4چوڭ ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى خەلق ئارىسىدا قۇل بولۇشنىڭ «قەدىرلىك» ئىكەنلىكىنى جىنىنىڭ بېرىچە تەشۋىق قىلىشمۇ ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەت مۇئەسسەسلىرىنى ماددىي جەھەتتىن مونو-پولىيە قىلىۋېلىپ، كىشىلەرگە ئوزلىرى تۈزۈپ چىققان فېودال-لىق، كومپرادورلۇق ۋە فاشىزم ئاساسىدىكى «دولەت بەلگىلە-گەن دەرسلىك» دېگەن نىمىلەرنى مەجبۇرىي ئوقۇتۇپ، 450 مىللىون خەلقنىڭ ھەر بىرىنىڭ يۈزىگە فاشىست گومىنداڭنىڭ

بەلگىسىنى چاپلىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن 19 ژىلىلىق تارىخ بىزگە شۇنى ئوگەتتىكى: ئۇلارنىڭ بۇنداق قەستى مۇقەررەر هالدا داۋاملىق تارمار بولۇدۇ، ئۇ، 4چوڭ ئائىلىنىڭ هوكۇمرانلىغى مۇقەررەر هالدا تېزدىن هالاك بولۇدىغانلىغىنىلا كورسۇتۇپ بېرىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغۇنۇشى 4چوڭ ئائىلىنىڭ مەدىنىيەت ئۇستىدىكى هوكۇمرانلىغىنى ۋە مەدىنىيەت مۇئەسسەسىلىرى ئۇستىدە ماددىي جەهەتتىن ئورناتقان مونوپولىيىسىنى داۋاملىق يوسۇندا بىت-چىت قىلىدۇ هەم ئۇلار ئازاتلىق ۋە مەدىنىيەت تۇغىنى ئېگىز كوتۇرۇپ، جۇڭگو تارىخى ۋە مەدىنىيىتىدە داۋاملىق يوسۇندا يېڭى سەهىپىلەرنى ئاچىدۇ.

8. تورت چوڭ ئائىلىنىڭ بايلىغى

«پۇتۇن مەملىكەتنىڭ بايلىغى ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى»①. «بايلىق بىر تەرەپكە ياتتى»، «مەملىكىتىمىزنىڭ ئازغىنە ئېشىنغان نەرسىلىرى ئازساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. بەزى تەلەيلىكلەرنىڭ قوسىغى يوغۇناۋىرىپ، ئۇلار ئىسكەتىدىن كېتىپ قالدى»②. بۇنى مەملىكەت بويىچە

① جياڭجۇنبېينىڭ «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 9-ئىيۇل سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدىن.

② تيەنجىندە چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-ژىل 1-ئىيۇن سانىدىكى باش ماقالىسىدىن.

ھەممە كىشى ئىقرار قىلىدۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىـ
غىنى ياقلايدىغان كىشىلەرمۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. ژۇڭگوردىكى
تەھلىللەردە مەملىكەت بويىچە بايلىقىنىڭ 4 چوڭ فېودال،
كومپرادور ئائىلىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنلىگى، «بايلىق»نىڭ
4 چوڭ ئائىلە «تەرىپىگە ياتقانلىغى» ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈـ
رۈلگەن.

4چوڭ ئائىلىنىڭ زور بايلىغىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىـ
گىنى بىلىش ناھايىتى تەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بايـ
لىغىنى ئەزەلدىن يوشۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ
ئاساسىي خوجايىنى بولغان جياڭكەيشى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى
تېخىمۇ مەخپىي تۇتتى. ئۇلارنىڭ ئورتاق ھالدا پايدىلىنىدىغان
چوڭ ئائىلە غەزىنىسى بار(«ھوكۇمەت غەزىنىسى» دەپمۇ ئاتالدى)،
يەنە ھەر قايسى ئائىلىنىڭ ئۆزئالدىغا مۇستەقىل كىچىك ئائىلە
غەزىنىسى بار، بەلكى ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن تالىشىپ چوڭ ئائىلە
غەزىنىسىنى ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ئائىلە غەزىنىسىگە ئايلاندۇـ
رۇشقا ئۇرۇنۇدۇ؛ ھەر قايسى ئائىلىنىڭ كىچىك ئائىلە غەزىنىـ
لىرىدىمۇ يەنە كىچىك ئائىلە غەزىلىرىگە ئايرىلدى، مەسىلەن: سۇڭـ
زىۋىن ئائىلىسىدە سۇڭزىۋىن ۋە سۇڭزىلياڭ؛ جياڭكەيشى ئائىلىسىدە
جياڭكەيشى ۋە سۇڭمىلىڭ غەزىنىلىرىگە ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىـ
نىڭ مال ـ مۈلكىنى يوشۇرۇش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن:
تۈرلۈك يالغان ناملارنى قوللۇنۇدۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ

تۇقان، دوست يار - ئاغىنىلىرىنىڭ ياكى قول ئاستىدىكى ئىشەن-
چىلىك كىشىلەرنىڭ نامىنى قوللۇنۇدۇ. ئۇلارنىڭ بايلىقى جۇڭ-
گودىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ھەممە مەملىكەتلەرگە تارقال-
غان، بولۇپمۇ نەق پۇللىرىنىڭ كوپ قىسمى چەتئەل پۇللىرىغا
ئايلاندۇرۇلۇپ، چەتئەل بانكىلىرىغا ئامانەت قويۇلغان. ئامانەت
قويۇلغان بۇ پۇللارنىڭ سانى كىشىلەر دەپ ژۇرگەن سان بىلەن
ئوخشاشمايدۇ. ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ۋاشىنگتون شتاتىدىن
بولغان ۋەدېموكراتىك پارتىيىدىن قاتناشقان ئەزاسى ساۋاژى بۇنداق
كورسەتكەن: ئۇرۇش دەۋرىدە جۇڭگوھوكۇمەت ئەرباپلىرىنىڭ ئامېرى-
كىدا ئامانەت قويغان پۇلى 1مىللىارد ئامېرىكا دوللىرىدىن 2 مىللىارد
ئامېرىكا دوللىرىغىچە① . ئەملى سان بۇنىڭدىنمۇ كوپ بولۇشى مۇمكىن.
ياپون ئىمپىرىالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزۇن
ئوتمەيلا لوندۇندىن بۇنداق خەۋەربېرىلگەن ئىدى: «رامبۇلانامىلىق
پاراخود تۇنوگۇن پورتسموتقا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا جۇڭگونىڭ
ئۇرۇش رايونىدىكى بايلارنىڭ نۇرغۇن كۇمۇش تەنگىلىرى ۋە
قىممەت باھالىق نەرسىلىرى قاچىلانغان، بۇ نەرسىلەر 3مىللىون
فوند ستېرلېنگ قىممىتىگە ئىگە. بۇ نەرسىلەرنى ئامان ساقلاش
ئۇچۇن ئەنگلىيىگە كەلتۇرۇلدى. يېقىندا يەنە شاڭگاڭدىن تو-
شۇلغان كۇمۇش 30 مىللىون فوند ستېرلېنگ قىممىتىگە ئىگە.

---

① تاس س نىڭ 1946 -ژىلى 2- ئاۋغۇست تېلېگرامى.

ئۇنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمى ئالتۇنغا تېگىشلىگەن»[1]. جىياڭكەيشى سۇلالىسى ئەرباپلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئەنگلىيىدە ئامانەت قويغان پۇلىمۇ خېلى كوپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئامېرىكاۋە ئەنگلىيىدىلا ئەمەس، «بەلكى جەنۇبىي ئامېرىكا، برازىلىيە ۋە شىۋىتسارىيىدىمۇ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئامانەت پۇللىرى بار»[2]. چەتئەللەردە ئامانەت قويۇلغان بۇ پۇللارنىڭ ئاساسەن جىياڭكەيشى، كۇڭشاڭشى ۋە سۇڭزىۋېنىنىڭ ئىكەنلىگىدە ھېچقانداق شەك يوق. بۇنداق پۇل ئامانەت قويۇشتىن تاشقىرى، جىياڭكەيشى، كۇڭشاڭشى ۋە سۇڭزىۋېن چەتئەللەردە تۇرلۇك ئىگىلىكلەرنى تەشكىل قىلدى. مەسلەن، بىر گېزىتنىڭ يېزىشىچە: باي بولغان جۇڭگولۇق بىر قانچە راھەتپەرەسلەر جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئامازونكا دەرياسىنىڭ 2 قىرغىغىدا نۇرغۇن يەر سېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلىغى تەخمىنەن چۇڭچىڭدىن بادۇنغىچە كېلىدۇ. بۇ يەرلەردە كاۋچۇك دەرەخزارلىغى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە كون زاۋودلىرى بار»[3]. ئامېرىكىدا «جۇڭگو ئايروپىلان زاۋودى» دەپ ئاتالغان بىر زاۋود بار. ئۇ ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئورگانلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىشلەيدىغان، سۇڭمىلىڭنى ئاساس قىلغان ئىگىلىكدۇر.

---

[1] 1938-ژىل 29- يانۋار لوندۇن تېلېگرامى

[2] «سىياسىي كېڭەشمە مەجلىسىنىڭ سامىلىق خاتىرىسى» -چۇڭچىڭدا چىقىدىغان «شىڭخۇاژىباۋ» گېزىتىنىڭ 1944- ژىل 18- سېنتەبىر سانىدىن.

[3] چىڭ بىنلى: «نوۋەتتىكى ئىختىسادىي سىياسەتلەر توغرىسىدا» - «شاڭۋۇژىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946- ژىل 22- يانۋار سانىدىن.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ پۇل مۇئامىلە، سودا، سانائەت ۋە يەر-مۈلۈك ساھەلىرىدە «ھوكۇمەت» ياكى «سودىگەرلەر» نامىدا مونوپولىيە قىلىۋالغان مال-مۈلكىنى، چەتئەللەردىكى ئامانەت پۇلى ۋە ئىگىلىگىنى تەخمىنەن ھېساپلىغاندا ئاز دېگەندە 20 مىللىيارد ئامېرىكا دوللىرىغا توغرى كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ ژىللىق مىللىي دارامىتىنىڭ قانچىلىكلىگى توغرىسىدا تۈرلۈك تەخمىنلەر بار، بەزىلەر تەخمىنەن 10 مىللىيارد ئامېرىكا دوللىرى، بەزىلەر تەخمىنەن 8 مىللىيارد 600 مىللىون ئامېرىكا دوللىرى، بەزىلەر تەخمىنەن 6مىللىيارد 300مىللىون ئامېرىكا دوللىرى دەيدۇ. كېيىنكى سان ئىشەنچىلىكرەك بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى سان بويىچە، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ 19 ژىللىق ھوكۇمرانلىق تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەر ژىلى توپلىغان مەبلىغى ژىللىق مىللىي دارامەتنىڭ 10٫05% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئىككىنچى سان بويىچە بولغاندا، ژىللىق دارامەتنىڭ 12% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى سان بويىچە بولغاندا، ژىللىق مىللىي دارامەتنىڭ 16% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمىلىيەتتە، 4 چوڭ ئائىلە خەلقنىڭ نۇرغۇن بايلىغىنى زورلۇق بىلەن يەپ كەتتى، شۇنىڭدەك، ئەسلىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ قان-تەرلىرىنىڭ جەۋھىرى ھەم خەلق ئىختىيارىدا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ياپون باسمىچىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى مۈلكىنى بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مونوپولىيىسىدىكى مال-مۈلۈكلەر ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەرسىلەر بۇ

19 ئەسىرلىك مىللىي دارامەت بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، 4 چوڭ ئائىلە تاشقى قەرز ۋە ئىچكى زايومدىن كەلگەن پايدىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا ئىگە بولۇۋالدى، ۋاھالەنكى بۇ تاشقى قەرز ۋە ئىچكى زايوملارنى بۇندىن كېيىن ئۇزۇن ئەسىرلىك مىللىي دارامەت بىلەن تولەشكە توغرى كېلىدۇ. شۇڭا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مونوپولىيىسىدىكى مال - مۈلۈكلەر بىز جۇڭگو خەلقىنىڭ 19 ئەسىرلىك دارامىتىمىزنى بۇلاپ، بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى ۋە بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ بۇلاپ قولغا كەلتۈرۈلگەندۇر. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىدا قالغان بۇ ئەلدە «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مىللىي دارامەتنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ»①. شۇڭا، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بۇنداق نۇرغۇن مال - مۈلكى ئاساسەن جۇڭگو دېھقانلىرىنى تالاش يولى بىلەن كەلگەن، ئۇندىن قالسا جۇڭگو ئىشچىلىرىنى تالاش يولى بىلەن كەلگەن ئەلۋەتتە. بۇ، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بايلىقى تامامەن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ۋە ئىشچىلىرىنىڭ قان - تەرلىرى بىلەن ژۇغۇرۇلغان دېگەن سوز.

جياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ خەلق ئىچىدە بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىق باجلىرى ۋە باشقا شەكىلدىكى بۇلاڭچىلىقى ھېممىشە شۇنداق كولەمدە بولدى، يەنى ئەسىرلىك مىللىي دارامەتنىڭ ئاز

① فاڭ شەنتىڭ: «جۇڭگونىڭ مىللىي دارامىتى ۋە سانائەتلەشتۈرۈش ئىستىقبالىدىن ئۈمىت» - «شىڭجىڭجى» ژۇرنىلىنىڭ 12 - توم 4 - سانىدىن.

دېگەندە 50 ـ 60% ىنى جياڭكەيشى سۇلالىسى تالاپ كەتتى. بۇ تالانغان نەرسىلەر ئىچىدە دىخانلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇرلۇك مىقدار-دىكى زورۇر ئەمگەكلىرىمۇ (دىخانلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئوز تۇرمۇشىنى قامداش ئۇچۇن سەرىپ قىلىنغان ئەمگىگى) بار. لېكىن، 4 چوڭ ئائىلە ئوزلىرىنىڭ هوكۇمرانلىغىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن، جۇڭگو تارىخىدىن بۇيان زور مىلىتارىست، بيۇ-روكرات ۋە شىپىونلارنى ئوز ئىچىگە ئالغان قان شورىغۇچى ئاپ-پاراتلارنى قۇردى. رەسمىي قوشۇنلار، ژاندارمىلار، ساقچى-لار ۋە يەرلىك تەرتىپ ساقلاش قوشۇنلىرىدىن ئىبارەت تەخمى-نەن 4 ـ 5 مىللىون كىشىلىك زوراۋان قۇراللىق كۇچ، «باۋجاڭ، جاجاڭ»دىن باشلاپ 10 نەچچە مىللىون ئەمەلدار، بىر مىللىون نەچچە يۇزمىڭ شىپىون هازىرلىدى؛ 4 چوڭ ئائىلە بايلىغىنىڭ كوپەيگەنسىرى ئوزلىرىنىڭ شۇنچە يېتىم قالغانلىغىنى هېس قىلىپ، بايلىغىنى قوغدايدىغان بۇنداق ئاپپاراتلارنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە مۇهتاج بولدى. شۇڭا بۇنداق ئاپپاراتلار ئۇلارنىڭ بايلىغى بىلەن توغرى تاناسىپ بولۇپ كوپەيىدى. مەسىلەن، گېزىتنىڭ يېزىشىچە، جياڭكەيشى هوكۇمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى 1937 ـ ژىلىغا قارىغاندا 70% كوپەيگەن ①. يەنە گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا:

---

① تيەنجىندە چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 ـ ژىل 28 ـ ئىيۇل سانىنىڭ يەكشەنبىلىك ماقالىسىدىن.

«مەركەزدىكى هوكۇمەت خادىملىرى مەنچىڭ خاندانلىغىنىڭ ئاخىرقى ژىللىرىدا 10 مىڭدىن ئاشمايتتى، مىنگونىڭ دەسلەپكى ژىللىرىدىمۇ 20 مىڭدىن ئاشمىغان ئىدى. ياپون ئىمپىريالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مەركەزدىكى هوكۇمەت خادىملىرى ئاران 80 مىڭ ئىدى. 1946 - ژىل يانۋاردا هوكۇمەت خادىملىرى 270 مىڭغا، قارا خىزمەتچىلەر 130 مىڭگە يەتتى. يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان بىر مۇنچە ئىدارىلار قۇرۇلدى، مەسىلەن: غەربىي شىمال ۋە ئۇخەن شتابى، خاتىرجەم قىلىش مەھكىمىلىرى، ماددىي ئەشيا ئىدارىلىرى ۋە باشقىلار. 10 - ئاپرېلغىچە مەركەزدىكى هوكۇمەت خادىملىرى 300 مىڭغا، قارا خىزمەتچىلەر 150 مىڭغا يېتىدۇ. يەنە 500 مىڭ ئوفىتسېر بار، بۇلارغا كەتكەن نەرسە بىلەن 20 مىللىون ئەسكەرنى تەمىنلىگىلى بولىدۇ»①. جياڭكەيشى هوكۇمىتىنىڭ مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلىرىدا خادىملارنىڭ بۇنداق كۆپەيتىلىشىگە قارىغاندا، جياڭكەيشى ئىدارىسىدىكى رايونلاردىكى ئەمەلدارلار 1937 - ژىلغا قارىغاندا 70% تىنىمۇ كۆپ ئاشقان بولىدۇ. بۇلارغا نۇرغۇن پۇل چىقىم قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بۇ ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ ئىگىلىنىپ ئالغان نەرسىلىرىنىڭ سانىمۇ ناهايىتى كۆپ. شۇڭا، بۇلاڭچىلىق بىلەن

---

① شىگەندە چىقىدىغان «جىنگجى كۆەيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 28 - ئاپرېل سانىدىن.

قولغا كەلتۈرگەن 50% ياكى 60% مىللىي دارامەتنىڭ ھەممە-
سىنى 4 چوڭ ئائىلە ئۆزلىرىگە خاس مۈلۈك قىلىپ كېتەلمەيدۇ.
شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان مال-
مۈلكىنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. بۇنداق بايلىققا جۇڭگو تارىخىدا
بولۇپ ئۆتكەن ھەرقانداق پادىشانىڭ بايلىغىمۇ يېتىشەلگەن ئەمەس.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشتىكى سولەتپەرەسلىگىمۇ جۇڭگو
تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. سۇڭ مىلىگىنىڭ سولەتپەرەسلىگى
بۇرۇندىنلا پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر. بۇيەردە ياپون ئىمپېرىالىز-
مىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بولغان كۇڭ شاگشىنىڭ قىزىنىڭ
تويىدىن ئىبارەت بىر كىچىك ئىشنى مىسال قىلىپ ئۆتەيلى:
«بىر كىشى كۇڭ شاگشىنىڭ قىزىنىڭ ئايروپلان بىلەن ئامېرى-
كىغا بېرىپ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشكە خەشلىگەن پۇلنى
تەخمىنەن ھېساپلاپ توۋەندىكى سانغا توختالغان: 1) كۇڭ شاگ-
شىنىڭ قىزىنىڭ ئايروپلان بىلەن ئامېرىكىغا بېرىشى ئۈچۈن
قىلىنغان خىراجەت بىلەن (ۋاختىنچە بىر ئايروپلانىنىڭ چىقىمى
بويىچە ھېساپلاپ كورگەندە) خېنەن ئۆلكىسىدە ئاچ ژۇرگەن
ئادەملەردىن 2 مىڭدىن كوپرەك كىشىنى تاماق ۋە كىيىم بىلەن
ھەم تۇرمۇشنى قامداشقا كېرەكلىك ئاددىي بۇيۇملار بىلەن تە-
مىنلىگىلى بولىدۇ؛ كۇڭ شاگشىنىڭ قىزىنىڭ تويلىغىغا كەتكەن
ھەممە چىقىملار بىلەن ئىلگىرى بۇزۇلغان 6 ساندۇق تويلۇق
كىيىمنى قوشۇپ ھېساپلىغاندا، ئۇ نەرسىلەر بىلەن ئاچ ژۇر-

گەن 10 مىڭ كىشىنىڭ كوزىيېشىنى توختۇتۇپ ئۇلارنى خوش
قىلىش مۇمكىن. 2) كۆك شاگىشىنىڭ قىزىنىڭ تويىغا كەتكەن
چىقىم بىلەن ۋە تويلۇق كېيىمنى تىكىش ئۈچۈن ئىشلىگەن
مالىيە مىنىستىرلىگى ئايالى ئەتىرىدىنىڭ ۋاختى بىلەن ئالدىنقى
سەپتىكى جەڭچىلەرنىڭ كام كېيىمنى تىككەندە جۇڭگو دىۋىزىيىسى بويىچە 2 دىۋىزىيە ئەسكەرنىڭ كېيىمنى هەل قىلىش
مۇمكىن؛ هەربىي دوختۇر خانىدىكى ياردار ئەسكەرلەرنىڭ
كېيىمنى تىككەندە 50 هەربىي دوختۇرخانىدىكى ياردار
ئەسكەرلەرنى بىر قۇر يېڭى كېيىم بىلەن تەمىنلەش مۇمكىن.
3) بۇ پۇل بىلەن مەكتەپ مۇدىرى بەلگىلىگەندىن كېيىن،
پروفېسسور تەكلىپ قىلىپ، ئېلان چىقىرىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلسىلا بولۇدىغان مۇكەممەل جاهازلانغان بىر ئۇنىۋېرسىتېت
ئېچىش مۇمكىن»①.

قىسقىسى، جۇڭگودا بولۇپ ئوتكەن چىڭ سىخۇاڭ، سۇي
تاڭدى، تاڭ مىنخۇاڭ، سۇڭ خۇيزۇڭ ۋە سىشتەيخۇدىن ئىبارەت
پادىشالارنىڭ سولەتپەرەسلىگى هازىرقى دەۋردىكى بۇ فېودال،
كومپرادور ۋە يېگىچە سۇلالە—4 چوڭ ئائىلىنىڭ سولەتپەرەس-
لىگى ئالدىدا هېچ گەپ بولماي قالدى.

---

① ئۇجۇەشاڭ «كۆكشاگىشىنىڭ 2-قىزىنىڭ ئايروپلان بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ توي قىلغانلىغى توغرىسىدا» - چاگسادا چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ 1944-ژىل ئاپرېل سانىدىن.

4چوڭ ئائىلىنىڭ بايلىغى ۋە سولەتپەرەسلىگى — جۇڭگو خەلقىنىڭ غايەت دەرىجىدىكى نامراتلىقتا، ئاچلىق ۋە مۇستەملىكىلىك هالىغا چۈشۈپ قالغانلىغىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر 4 چوڭ ئائىلىنىڭ خەلقتىن بۇلاڭچىلىق يولى بىلەن تارتىۋالغان 20 مىللىارد ئامېرىكا دوللىرى چامىسىدىكى مونوپولىيىلىك مال مۈلكى جۇڭگو خەلقىنىڭ مال - مۈلكىگە ئايلاندۇرۇلغاندا ۋە ئۇنىڭ بىلەن خەلق سانائىتى ۋە يېزا ئىگىلىگى رىۋاجلاندۇرۇلغاندا، جۇڭگو خەلقى تۈگىمەس بەخىت - سائادەتكە ئىگە قىلىنغان بولاتتى. لېكىن، 4 چوڭ ئائىلە بۇنداق قىلامدۇ؟ جياڭ كەيشىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن فاشىست هاكىم مۇتلەقلىقنى خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋام قىلدۇرغانلىغى بۇنىڭ ئەڭ رەھىمسىز جاۋابىدۇر. ئىختىسات توغرىسىدا كوڭ شاڭشى بايىنىڭ قىلغان سوزىنى ئاڭلاڭلار:

كىشىلەر 2 ژىل بۇرۇن كوڭ شاڭشىغا هۇجۇم قىلغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەزەلدىن باي، ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن ئاز - تولا نەرسە ئاشۇنۇش تەبىي. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېمەك ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكتە ئىختىساتچىل بولغانلىغىمدىن ئاز - تولا پۇلغا ئىگە بولدۇم. ئادەتتىكى گادايلار پۇل تېپىشنىڭ يولىنى ئۆزى بىلمەي ماڭا هۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بۇنىمە دېگەن پەسكەشلىك»① بۇ ئۇنىڭ سوزىنىڭ بىر خىلى.

① خې جىڭ: «كوڭ شاڭشىنىڭ ئىستىگى ئالدىدىكى پاراسەتلىك-

شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭدا «ئاز – تولا پۇلۇم بار» دېگەن. لېكىن كېيىنچە بارغانسىرى يوق دەيدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا شاڭخەيدىكى ئەڭ ئازادە ياسالغان «ساسۇڭ» بىناسى باھالىنىپ كۆڭ شاڭشىغا سېتىلماقچى بولۇپتۇ، دېگەن سۆز چىققاندا، كۆڭ شاڭشى مۇخبىرغە: «ئۆي – ئىمارەت ئېلىشقا پەقەت پۇلۇم يوق» دېگەن ②. بۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ يەنە بىر خىلى. دېمەك، خەلقنىڭ نامراتلىق ۋە ئاچلىق دەردىدىن ئۆلۈۋاتقانلىقى، ياكى ۋەتەننىڭ مۇقەررىز بولۇۋاتقانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار ئۈچۈن بىرىنچىدىن پۇل كېرەك، ئىككىنچىدىن پۇل كېرەك، ئۈچىنچىدىن پۇل كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ «پەقەت پۇلى يوق»!

جۇڭگو خەلقى ئۆزلىرىنىڭ قان – تەرلىرىنى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئۆزى بىلگىنىچە شورىشىغا ئەمدى يول قويمايدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەزىپىسى — ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاپ قىلىش ئارقىلىق ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئوداللىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 4 چوڭ فېئودال، كومپرادور ئائىلىنىڭ بيۇروكرات كاپىتال ئاساسىدىكى مونوپولىيە تۈزۈمىنى يوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مونوپولىيىسىدىكى مال – مۈلۈكنى

لەر» – «شىڭشىجى» ژۇرنىلىنىڭ 1946 – يىل 29 – ئىيۇندا چىققان 2 – سانىدىن.

② شاڭخەيدە چىقىدىغان «جۇبو» ژۇرنىلىنىڭ 13 – سانىدىن.

خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇ مال - مۈلۈك ھېسا-ۋىغا خەلقنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنىڭ ماددىي شارائىتىنى يارى-تىشتىن ئىبارەت.

9. تۆرت چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغى جۇڭگو ئۈچۈن نومۇس ۋە ئاپەتتۇر

ژۇقۇردا ئېيىتىلغان نەرسىلەرنى ئەسلىگەن ھالدا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىختىسادىي مونوپولىيىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قايتىدىن ژىغىنچاق قىلىپ كورسۈتۈمىز:

بىرىنچى، يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ بيۇروكرات كاپىتالى — فېودال، شۇنىڭ بىلەن بىللە كومپرادور كاپىتالدۇر؛ ئۇ چوڭ پومېششىك ۋە چوڭ كومپرادورلارنىڭ ئىختىسادىي جەھەتتىكى بىرلىكمىسى، 4 چوڭ ئائىلە ۋە جۇڭگو بانكىسى، مەركىزىي بانكا، قاتناش بانكىسى، دىخانلار بانكىسىدىن ئىبارەت 4 چوڭ بانكىنىڭ ئىختىسادىي جەھەتتىكى مونوپولىيىسى بولسا ئۇنىڭ ئەڭ ژۇقۇرى ۋە ئەڭ مەركەزلىك تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ شۇنداقلا جۇڭگونىڭ يېرىم فېوداللىق ياكى فېوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك ياكى مۇستەملىكىلىك تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىككىنچى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي مونوپولىيىسى جۇڭگونىڭ يېرىم فېئودال ياكى فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە ياكى مۇستەملىكە ھالىدىكى يېزا ئىگىلىكى ئاساسىدا، دېھقانلار، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ۋە مىللىي سانائەتنى مىسلىسىز چوڭ كۆلەمدە ۋە مەركەزلەشكەن ھالدا بۇلاپ-تالىدى.

ئۈچىنچى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي مونوپولىيىسى خەلققە ۋە ئىنقىلاپقا قارشى ھەربىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا ۋۇجۇتقا كەلدى ۋە راۋاجلاندى. ئۇلار دۆلەتنىڭ مالىيە ھوقۇقىغا ئۆزۈنچە ئىگە بولۇۋېلىپ، دۆلەت غەزىنىسىگە خالىغانچە چاڭ سالدى. خەلققە نىسبەتەن ئۇرۇش پەرەسلىك قىلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باي بولۇش، يەنە باي بولۇش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، قىلچە ئەيمەنمەستىن تۈرلۈك ئەشەددىي ۋە ئەڭ ئەكسىيەتچى بۇلاڭچىلىق ئۇسۇللىرىنى قوللاندى.

تۆتىنچى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي مونوپولىيىسىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، پۇل مۇئامىلە، سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن تارتىپ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مادىي مۇئەسسەسەلەرگىچە باردى. لېكىن ئۇلارنىڭ مونوپولىيىسى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرمايدۇ، بەلكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى كۈچىنىڭ بېرىچە ۋەيران قىلىدۇ ۋە ئاياغ-ئاستى قىلىدۇ. بۇ تامامەن چىرىك ۋە پارازىت مونوپولىيىدۇر.

بەشىنچى، 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ئىختىسادىي مونوپولىيىسى تامامەن چەتئەل مونوپولىيە كاپىتالى — ئىمپېرىيالىزمنىڭ يېقىن-دىسى ۋە چەتئەل مونوپولىيە كاپىتالى — چوڭ دۇكانلارنىڭ جۇڭگودىكى شوبىسىدۇر.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى 4 چوڭ فېودال، كومپرادور ئائى-لىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۇمۇمىي غەرىزى، جياڭكەيشىنىڭ فاشىست ھاكىم مۇتلەقلىقى ۋە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئۇمۇمىي غەرىزى، شۇنداقلا جياڭكەيشىنىڭ ئەركىن-لىككە ۋە كوممۇنىزمغا قارشى بولغان «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاۋىنىڭ ئۇمۇمىي غەرىزىدۇر.

دېمەك، ئەمدى، نىمە ئۈچۈن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ قوللانغان مەسلىگى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەبىرى بويىچە «فېودال ۋە كومپرادورلۇق ئاساسىدىكى فاشىزم» دەپ ئاتىلىدىغانلىغىنى؛ نىمە ئۈچۈن 4 چوڭ ئائىلىنىڭ «دولەت» دېگەن نىمىسى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەبىرى بويىچە «چوڭ پومېششىك، چوڭ بانكىر ۋە چوڭ كومپرادورلار تەبىقىسىنىڭ فېودال، فاشىستلىق ھاكىم مۇتلەق دولىتى» دەپ ئاتىلىدىغانلىغىنى چۈشۈنۈش ئەمدى تەس بولمىسا كېرەك.

ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ دېموكراتىك گۇرۇھلاردىن بولغان بىر ئەزاسى: «جياڭكەيشى شەھەر باندىلىرى، سپېكۇلانتلار، مەخپىي ساقچىلار، ناتسېيست مەسلىھەتچىلەر قوللايدىغان فېو-

دال پومېششکلارغا ۋەکىللىك قىلدۇ ۋە ئامېرىكا تەرەپ ئۇنى شەرتسىز يولەيدۇ»① دەپ ناھايىتى توغرى ئېيتقان.

چەتئەللىكلەرنىڭ جۇڭگودا چىقارغان بىر ژۇرنىلىمۇ ناھايىتى توغرى يازغان: «1927 - ژىلى گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىنلا ئېلىپ بېرىلغان 10 ژىللىق ئىچكى ئۇرۇش ۋە ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇن جەريانىدا دوكتور سۇڭ ياتسېننىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى بيۇروكرات كاپىتالىنىڭ قورغىنى بولۇپ قالدى. گومىنداڭنىڭ بىر قانچە رەھبەرلىرى زور «مالىيە گىپ-گانتلىرى»غا ئايلاندى، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىختىسادىي جان تومۇرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى»②.

بۇنداق فېودال، كومپرادور ۋە فاشىستلىق ئىختىسادىي ۋە سىياسىي گۇرۇھ جۇڭگونى ئەلۋەتتە ئىچكى ئۇرۇشقا چومگەن يوشۇرۇن شپىونلار ۋە «ساقچىلىق تۈزۈمى» نىڭ تېررورلىقى ئاستىدا قالغان ئەلگە ئايلاندۇرۇدۇ. ئۇلار فاشىستلىق «تەلىم-تەربىيە مەزگىلى»نى ئىجات قىلدى، فاشىستلىق «ئاساسىي قانۇن مەزگىلى» نىمۇ ئىجات قىلماقچى.

---

① دي‌لاسېلل سوزى. تاس س نىڭ 1946 - ژىل 28 - ئاۋغۇستتا نيو-يورقتىن ئالغان خەۋىرى.

② «مىللىنىڭ ئوبزورلىرى» - ماقالىنىڭ تەرجىمىسى «ۋىنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1946 - ژىل 29 - ئىيول سانىدىن ئېلىندى.

بۇنداق فېئودال، كومپرادور فاشىستلىق گۇرۇھ چەتئەل ئەك-سىيەتچىلىرىنىڭ جوڭگودىكى «قۇلدارلىرى» بولۇدۇ خالاس. ئۇلار خەلقنى قىرىش - چېپىشنى ئۆزىگە مەجەز قىلغان بولۇپ، خەلققە ھېمىشە ئۇرۇش پەرەستلىك قىلدۇ ۋە قاتتىق زۇلۇم سالدۇ. لېكىن چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرى ئالدىدا ئەڭ ئىتائەتلىك قۇللاردىن بولۇدۇ.

«18 - سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن جياڭ كەيشى بۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەلنىڭ ھايات، ماماتى تامامەن ياپونلارنىڭ قولىدا، ئۇلار بىزنى قايسى كۈنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، شۇ كۈنى ئۆلۈمىز! ئادەمنىڭ ئۆمرى ئەزرائىلنىڭ ئىلكىدە دېگەن راۋايەتلەرگە ئوخشاش، ئۇ قايسى كۈنى قايسى سائەتتە بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، بىر توپ ئالۋاستىلارنى ئېۋەتىپ جېنىمىزنى ئالدۇ»①.

«7 - ئىيۇل» ۋەقەسىدىن كېيىن، جياڭ كەيشى گۇرۇھى ئالدىرىغان پېتى گامىسەن تېغىغا چىقىپ ۋەتەننىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلىغىدىن پايدىلىنىپ راسا باي بولدى. ياپون باسمىچىلىرىنىڭ قولىدىن كەتكەن رايونلاردىكى خەلقنى يەم قىلىشقا ۋە خەلقنىڭ قانلىرىنى توكۈپ كۈرەش قىلىشقا بولسا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى. شۇنىڭدەك ياپون باسمىچىلىرىنىڭ ئازات رايونلارغا نىسبە-

---

① جياڭ كەيشى: «ئەلنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرىز بولۇشى بان-دىتلارنى يوقۇتۇشقا باغلىق» - «باندىتلارنى يوقۇتۇشقا ئائىت ھۆججەت-لەر»نىڭ 1 - قىسىم 3 - تومىدىن. دىڭ ۋىنيىنىڭ مۇھەررىرلىگىدە چىققان.

تەن ژۇرگۈزگەن تازىلاش ئىشىغا ئۈمىت بىلەن قاراپ تۇردى، ئۇلارنىڭ قىزىپ ، كويدۇرۇپ ۋە تالاپ تۈگۈتۈشتىن ئىبارەت تۈگۈتۈش سىياسىتىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدى. يولداش ماۋ- 3
زېدۇڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۈشمەنلەرنى يالۇجياڭ قىرغىقىغا قوغلاۋېتىش ئۈچۈن خەلققە چاقىرىق قىلغانىدا، جياڭ كەيشى «لۇگۇچاۋ ۋەقەسىدىن ئىلگىرىكى هالەتنى ئەسلىگە كەل- تۈرۈش»نى ئۇختۇرۇش قىلىشقا ئالدىرىدى. جۇڭگو خەلقى 8 ژىل جەريانىدا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ۋە قۇربان بېرىپ غەلىبە قازانغان ۋاختىدا، بۇ بىر تۈركۈم فاشىست يىرتقۇچلار 7 - 8 ژىل ئىچىدە گامىسەن تېغىدا ژىققان ۋە تاۋلىغان كۈچ- لىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، يېڭى ئىستىلاچىلار سوۋېتى بىلەن خەلقنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىگە چاڭ سالدى، نۇرغۇن يەرلەرگە خوجا بولۇ- ۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شاهزادىسى بولۇپ، ئۆزلىرى زورلۇق بىلەن ئىگە بولۇۋالغان بايلىقنى مۇستەه- كەملىمەكچى ۋە كۈچەيتمەكچى بولدى. شۇڭا، بۇ 4 چوڭ فېئو- دال، كومپرادور ئائىلە خەلق بىلەن رەھىمسىز هالدا ئۇرۇش- ماقچى بولدى، بۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ رەئىسى جياڭكەيشى يۈەن شىكەيمۇ سېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ۋەتەننىڭ هەممە ئاساسى هوقۇقلىرىنى سېتىش بەدىلىگە ئامېرىكا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يار- دىمىگە ئىگە بولدى؛ بۇ كىتاپ يېزىلغىچە، ساناشقا مۇمكىن

بولغان چوڭ ئىشلار تۈۋەندىكىچە:

بىرىنچى، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيە ھوقۇقىنى سېتىپ، ئامېرىكىغا ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشىغا يول قويدى ۋە ئامېرىكىغا قورۇغلۇق ئارمىيە بازىسى بەردى؛

ئىككىنچى، جۇڭگونىڭ ھاۋا ھوقۇقىنى سېتىپ، ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ پۈتۈن جۇڭگودا ئەركىن «كۆزەت» قىلىشىغا يول قويدى ۋە ئامېرىكىغا ھاۋا ئارمىيە بازىسى بەردى؛

ئۈچىنچى، جۇڭگونىڭ دېڭىز ھوقۇقىنى سېتىپ، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو دېڭىزلىرىدە ئەركىن ئۈزۈپ ژۈرۈشىگە، جۇڭگونىڭ دېڭىز پورتلىرىدا ئىختىيارى ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا يول قويدى ۋە ئامېرىكىغا دېڭىز ئارمىيە بازىسى بەردى؛

تۆرتىنچى، جۇڭگونىڭ ھاكىمىيىتىنى سېتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىنى ئاخىرقى قارار قىلىش ھوقۇقىنى ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قەتئىي قۇۋۋەتلىدى؛

بەشىنچى، جۇڭگونىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى سېتىپ، «ئارمىيىنى دولەت ئىختىيارىدا تۇتۇش» ئورنىغا ئارمىيىنى ئامېرىكىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئامېرىكا ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى ئۇمۇمىنىڭ ئىدارىسىغا تاپشۇردى؛

ئالتىنچى، ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ شپيون تەربىيلەپ، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى

ئوز ئىلكىگە ئېلىشىغا تېخىمۇ ئوڭايلىق تۇغدۇردى؛

يەتتىنچى، تاموژنا بېجىنى مۇھاپىزەت قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، مىللىي سانائەتنى ۋەيران قىلدى؛

سەككىزىنچى، چەتئەل كاپىتالىنىڭ مونوپولىيىسىگە ئوڭاي-لىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان «يېڭى شىركەت قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقىپ، چەتئەل بايلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى يالاق-چىلىرىنىڭ جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە ئەركىن تۇرۇپ جۇڭگو ئىقتىسادىنى مونوپولىيە قىلىشىغا يول قويدى؛

توققۇزىنچى، جۇڭگونىڭ ئىچكى دەريالىرىدا قاتناش ھوقۇقىنى سېتىپ، چەتئەل پاراخودلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ دېڭىز قاتناش ئىشلىرىنى ئاياغ-ئاستى قىلىشىغا يول قويدى؛

ئونىنچى، جۇڭگونىڭ بېلىقچىلىق ھوقۇقىنى سېتىپ، ماكار-تۇرنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ياپونىيە بېلىق كېمە-لىرىنىڭ جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىلىرىدا بېلىق تۇتۇشىغا يول قويدى.

جياڭ كەيشىنىڭ قابىلىيىتى ۋە «ئىپتىخارى»—ئۇنىڭ «جۇڭگو كىشىسى» ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزنى سېتىشتىن، پۈتۈن جۇڭگونىڭ سۇۋېرېن ھوقۇقىنى سېتىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ بەدىلىگە خەلققە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان قورالغا، ئامېرىكىنىڭ دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ

خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشى ۋە ئۇلىگارخيىسلىك ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمىنى قولللۇشىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ مەخسىدى بولسا ژىنىپ ئېيتقاندا 4 چوڭ ئائىلىنىڭ جۇڭگودىكى ئىختىسادىي مونوپولىيىسىنى ۋە خۇسۇسىي بايلىغىنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ 19 ژىللىق ھوكۇمرانلىغى جۇڭگوغا ئەڭ زور نومۇس ۋە ئاپەتلەرنى يەتكۈزدى. «ياخشى گەپمۇ ئېيتىلىپ بولدى، يامان ئىشلارمۇ قىلىنىپ بولدى» — بۇسوز جۇڭگو خەلقىنىڭ جياڭكەيشىگە بەرگەن ئۇمۇمىي باھاسى. ئۇلارنىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى «ئىجادىيىتى» — جۇڭگو خەلقىنىڭ تورمۇشىدىكى ئەڭ قورقۇنۇچلۇق تېررور ۋە دەرت ـ ئەلەمدۇر. خەلق قېنىنى ئىچىش بىلەن خۇرسەن بولۇدىغان بۇنداق ئەڭ ئۇياتسىز، چىرىك كىشىلەرنىڭ ئەڭ شەرمەندىلەر تارىخىغا يېزىلىشىدا ھېچقانداق شەك يوق. «توكۇلسە كىشىنىڭ ئابرويى، بۇزۇلسا نامى، مىڭ ژىلغىچە ئوزگەرتەلمەس ئۇنىڭ سادىق ئەۋلادى».

4 چوڭ ئائىلە جۇڭگونى قوللۇقىا چۇشكەن ئەلگە ئايلاندۇرۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشتى ۋە زور مالىيە كۈچىنى سەرىپ قىلىپ بۇنداق «قوزۇلۇش»[①]لار بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمما،

① گومىنداڭنىڭ مالىيە چىقىمى توغرىسىدا توۋەندىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ: «مىنجۇباۋ» گېزىتىنىڭ 1946- ژىلى 24- مايدا يېزىشىغا قارىغاندا: مائارىپ مىنىسترلىگىنىڭ ئالىي مائارىپ خىراجىتىدە

4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاخىر خەلققە ساۋاق بەردى. خەلق 19 ژىلدىن بۇيان يېتەرلىك ساۋاق ئالدى. بۇ 19 ژىل ئىچىدە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يېڭى دېموكراتىيە توغى ئاستىدا

پارتىيىلەشتۇرۇش تەربىيىسىنى ژۇر گوزۇدىغان مەكتەپلەرنىڭ تۇتقان ئىسىبىتى ھەممىدىن كوپ، گومىنداڭنىڭ «جۇڭچېڭ» مەكتىۋىنىڭ خىراجىتى 10 ئۇنىۋېرسىتىتنىڭ ئۇمۇمىي خىراجىتىگە تەڭ كەلگەن، دائىملىق خىراجىتى بىر ژىلدا 160 مىلليون يۇەن بولغان، ۋاختىلىق خاراجىتىمۇ 160 مىلليون يۇەنگە يەتكەن. سەنمىن جۇيىچى ياشلار ئۇمىگى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كادرلار مەكتىۋىنىڭ دائىملىق ۋە ۋاختىلىق خىراجىتى 320 مىلليون يۇەنگە يەتكەن. دولەتلىك ئۇنىۋېرسىتىتلاردىن خىراجىتى ئەڭ كوپ بولغان مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتىتنىڭ خىراجىتى ئاران 90مىلليون يۇەن ئىكەن.

شاڭخەيدە چىقىدىغان ئەنگلىز سودىگەرلىرىنىڭ «خەۋەر» ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ سېنتەبردە يېزىشىچە؛ شاڭخەي شەھەرلىك ھوكۇمەتنىڭ بۇ ژىلقى بيۇدژېتىدە ساقچىلار خىراجىتى مائارىپ خىراجىتىنىڭ 3 باراۋىرىگە توغرى كەلگەن. بۇ ژۇرنال بۇ ئىشقا باھا بېرىپ كېلىپ بۇنداق دەيدۇ؛ «جۇڭگودىكى ھازىرقى ھوكۇمران گۇروھلارنىڭ دېموكراتىيىگە قارشى خاراكتېرىنى شاڭخەي شەھەرلىك ھوكۇمەتنىڭ بيۇدژېتىدىن باشقا تېخىمۇ ئوبدان ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق». بۇ ژۇرنال يەنىمۇ پاش قىلىپ كېلىپ بۇنداق دەيدۇ؛ «بىراق، كىشىنى چوچۇتارلىق دەرىجىدىكى بۇ سېلىشتۇرما ئىشنىڭ ھەممىسى ئەمەس، چۇنكى مائارىپ خىراجىتى ئىچىگە سەنمىن جۇيىچى ياشلار ئۇمىگىگە ــ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى بىر خىل قوشۇمچە ساقچىلار ۋە گېستاپوچىلارنىڭ تېز كېڭىيىش سىستېمىسىغە بېرىلىدىغان نۇرغۇن پۇل يوشۇرۇلغان».

جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئاڭ ـ سېزىمى ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن تېخىمۇ رېۋاجلاندى. جۇڭگو خەلقى ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئوداللىزمنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىغا، فېئودال قۇلدار-لارنىڭ ۋە چەتئەل بايلىرى كومپرادورلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىگە خاتىمە بېرىشنى، جۇڭگو خەلقى ئۆز دۆلىتى ۋە ھاياتىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشنى تەلەپ قىلماقتا. جۇڭگو خەلقى ئۆزلىرىنىڭ كەڭ ئازات رايونىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ يەردە ئەركىن ۋە بەختىيار ياشاشقا باشلىدى، شۇنىڭدەك پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئۇلۇغ مىللىي ـــ دېموكراتىك بىرلىكسەپ شەكىللەنمەكتە. خەلق 4چوڭ فېئودال، كومپرادور، مونوپولىست ئائىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئاۋالقىدەك ياشاۋەمەيدۇ، بەلكى ھا-يات ـ ماماتلىق كۈرەشنى قىلىدۇ. خەلققە ئازاتلىق يولىدىن باشقا ماڭىدىغان يول يوق. ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، زىيالىيلار، مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئادالەت پەرۋەر ۋىجدان-لىق ئەر، ئاياللار، يەنى بارلىق مىللەت مۇشۇ سەپكە كىرىدەك ئۇيۇشۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي مۇستە-قىللىق، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دېموكراتىك تۈزۈم ئۈچۈن، ئىمپېرىيالىزم ۋە فېئوداللىزمغا قارشى بورژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن باتۇرلارچە ئالغا باسماقتا! جىياڭ كەيشى سۇلالىسىنىڭ تۈرلۈك ھۆكۈمران ئورگانلىرى ئاستىدا ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەيلى مۇلكى ياكى ھەربىي

خىزمەتتە بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ 4چوڭ فېودال، كومپرادور ئائىلە ئۈچۈن ئىشلەپ خەلققە زۇلۇم سېلىشۋاتقانلىقىنى ھەم ئۆزىنىمۇ ئېزىشۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئۇلارمۇ ھوشىنى تېپىپ خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ، ھاكىم مۇتلەقلەرگە قارشى چىقىدۇ. جۇڭگو دېھقانلىرى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن خەلقنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان بۇ ئۇلۇق كۈرىشىنىڭ ئاساسي ئارمىيىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بۇ دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ تەلتۆكۈس غەلىبە قىلىشى سوتسىيالىزمنىڭ رېۋاجلىنىشىغا (بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ باسقۇچىغا ئۆتۈشكە) يول ئېچىپ بېرىدۇ.

4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھوكۇمرانلىقى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە تېگى - تېگىدىن چىرىپ كەتكەن ھوكۇمرانلىقدۇر. بۇنداق چىرىك ھوكۇمرانلىق خەلق ئىچىدە ھېچقانداق تايانچىغا ئىگە ئەمەس، ئۇ ھوكۇمرانلىق قىلغان ساھەلەردە ھالاك بولۇشقا مەھكۇم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ھالاكەتنى ئالغا سۇرچەتئەل مەكتە. ئەكسىيەتچىلەر ھەر قانچە يولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇق، ياش ۋە قۇدرەتلىك كۈچلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى ھەرگىز توسالمايدۇ. خەلقىنىڭ غەلىبە قىلىشى چوقۇم ۋە مۇقەررەر.

جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ئازاتلىق يولىغا كىگانت قەدەملەر

بلەن ئاتلاندی. بۇ يول باشقا يول ئەمەس، يولداش ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىيە ھەققىدە» ۋە «بىرلەشمە ھوكۇمەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرىدە كورسەتكەن يول!

ئاخىرقى سوز

بۇ كىتاپ چىدىكى ماتېرىياللار 1946 ـ ژىل سېنتەبىرگىچە توپلاندى.

ماتېرىيال توپلاشتا چىنگ جىنگ، ئۇجۇنياڭ ۋەخېجۇن يولداشلار ماڭا ياردەملەشتى، بەلكى يولداش چىنگ جىنگ شۇمەخسەتتە توپ توغرى 3 ئايغىچە كېچە ـ كۇندۇزلەپ ئىشلىدى. پېزىش ۋاختىدا يولداش ۋاڭ شوۋىن ۋە باشقا يولداشلار پايدىلىق پىكىرلەرنى بەردى، شۇڭا ئۇلارغا رەخمەت ئېيتىمەن.

ئاۋتور.